مەخمەت سەيدا (تۈركىيە)

# كالتەپاچاق ئەرمىش




شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ISBN 7-228-00762-X
9 787228 007622 >

ISBN 7-228-00762-X
(民文)定价：15.00 元

15
1374. 84
1

مەخمەت سەيدا (تۈركىيە)

# كالتەپاچاق ئىرمىش

تۈركچىدىن توختى ھاجى تىللا تەرجىمىسى



**图书在版编目(CIP)数据**

小机灵艾尔米士/(土)买合买提·赛达 著;托合提·提拉译.
—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2004.5
ISBN 7—228—00762—X

Ⅰ.小… Ⅱ.①买… ②托… Ⅲ.儿童文学—长篇小说
—土耳其—现代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I374.84

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2004)第 040531 号

责任编辑：穆纳尔江·托合塔洪
编　　辑：买买提依明·西帕
责任校对：古丽夏尔·尼格买提

**小机灵艾尔米士**（维吾尔文）

（土耳其）买合买提·赛达　著
托合提·提拉　译

---

**新疆人民出版社出版**
（乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编：830001）
新疆新华书店发行
新疆生产建设兵团印刷厂印刷
880×1230 毫米　32 开本　7.875 印张　2 插页
2004 年 6 月第 1 版　2006 年 10 月第 2 次印刷
印数：3001—5000

---

ISBN 7—228—00762—X　　定价：15.00 元

بۇ كىتاب تۈركىيە ئالتۇن كىتابلار نەشرىياتىنىڭ 1982 ـ يىلى 2 ـ نەشرى 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据土耳其金书出版社 1982 年 2 版 第一次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇنارجان توختاخۇن
مۇھەررىرى: مەمتىمىن شىپە
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلشەھەر نېغمەت

# كالتە پاچاق ئەرمىش

ئاپتورى: مەخمەت سەيدا (تۈركىيە)
تەرجىمە قىلغۇچى: توختى ھاجى تىللا

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى
باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 7.875، قىستۇرما ۋارىقى: 2
2004 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2006 ـ يىلى 10 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 3001—5000
ISBN 7—228—00762—X
باھاسى: 15.00 يۈەن

# ئاپتور ھەققىدە

ئۇقۇپ تۇگەتمىگۇچە قولىڭىزدىن چۇشۇرگۇڭىز كەلمەيدىغان «كالتە پاچاق ئەرمىش» ناملىق بۇ رومانىنىڭ ئاپتورى مەخمەت سەيدا 1919 - يىلى 8 - ئاينىڭ 15 - كۇنى ئىستانبۇلنىڭ خادىكوي مەھەللىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

ئۇ ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرالماي، قۇرۇلۇشلاردا قاراماي ئىشچىسى، پاراخوتلاردا ھامال، مېتال ئېرىتىش زاۋۇتلىرىدا جەدۋەل تۇزگۇچى بولغان، خەلق ئىگىلىكى قۇرۇلۇشلىرى ۋە بانكىلاردا خىزمەتچى، بۆلۇم باشلىقى، شەھەرلىك ھۆكۇمەتتە بازار باشقۇرغۇچى، گېزىتخانىلاردا ئوبزورچى بولۇپ ئىشلىگەن.

ئۇ 1933 - يىلىدىن باشلاپ شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن، كېيىن ھېكايە، رومانلارنى يازغان. «بىر كۇنى چوڭ بولارسەن» ناملىق تۇنجى بالىلار رومانى 1956 - يىلى مەلۇم بىر بانكا تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان مۇسابىقىدە بىرىنچىلىككە ئېرىشكەن.

مەخمەت سەيدانىڭ بۆلاردىن باشقا يەنە بالىلار ئۇچۇن يازغان «شەيتان بولقا»، «ئۆچمەس دوستلۇق» ناملىق رومانلىرى، «شاكىلات»، «چۇش كۆرۇش ئويۇنى» ناملىق ھېكايە توپلاملىرى، «ئەۋلىيا چەلەبىدىن بالىلارغا ھېكايىلەر» ناملىق ئەسىرى، «ئەجىر ۋە سەۋز» ناملىق تاللانمىسى، «جۇمھۇرىيەتتىن ئىلگىرىكى يازغۇچىلاردىن بالىلارغا ھېكايىلەر» بىلەن «جۇمھۇرىيەت يازغۇچىلىرىدىن جۇمھۇرىيەت بالىلىرىغا ھېكايىلەر» ناملىق ئىككى توملۇق تەرمىسىمۇ بار.

«كالتە پاچاق ئەرمىش» مەخمەت سەيدانىڭ بالىلار ئۇچۇن يازغان ۋەكىللىك ئەسىرى. ئەسەردە نامرات ئائىلىدىن كېلىپ چىققان كالتە پاچاق ئەرمىشنىڭ سەرگۇزەشتىسى ئارقىلىق بالىلار-

نىڭ تۇرمۇشى ئاجايىپ يارقىن، قىزىقارلىق قىلىپ يورۇتۇپ بېرىلگەن، كەلگۈسىنىڭ ئىگىلىرى بولغان بالىلار ئىلىم - مەرىپەت ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈلگەن. ئەسەرنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، ئەسەر تىلى بالىلارغا خاس چۈشىنىشلىك، يۇمۇرلۇق بولۇپ، بالىلارنىڭ ساددا خىياللىرى، كەلگۈسىگە بولغان ئاجايىپ ئارزۇ - ئارمانلىرى تولىمۇ قىزىقارلىق تەسۋىرلەنگەن. بۇ ئەسەر بالىلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى روھىي ئوزۇق بولۇپ قالغۇسى.

# 1

ئۇنىڭ تۇغۇلۇشى بەك تەسكە چۈشمىدى، ئاسانغىنە تۇختىمىدى، شۇ يېزىلىق قوشنا ـ قولۇملارنىڭ دىققىتىنىمۇ قوزغىمىدى. بۇ يالاڭ تۆش رەمىزنىڭ ئايالى ھورمۇزنىڭ بەشىنچى پەرزەنتى ئىدى. شۇنچە كۆپ بالا تۇغقان ئانىغا جاپا ئازدەك، بۇ بالىنىڭ تەستە دۇنياغا كېلىشى ئارتۇقچىلا بىر ئىش بولدى. ئۇنىڭ دىيار باقىرنىڭ تاۋۇزىدەك يوغان بېشى رەزگى گەۋدىسىدىن ئىككى، ھەتتا ئۈچ ھەسسە چوڭ ئىدى.

دادىسىنىڭمۇ، كىندىك ئانىسىنىڭمۇ، ئىشقىلىپ، بىرىنىڭ ئەقلى بويىچە بالىنىڭ ئىسمى «ئەرمىش» قويۇلدى. قارايدىغان بولسىڭىز، ئۇنى بوۋاق دېگىلى بولمايتتى. ئۇ ياتقۇزۇپ قويۇلغان پېتىچىلا ياتاتتى، يوغان بېشىنى ئاسان مىدىرلىتالمايتتى، كۆزلىرىنىمۇ ئاچالمايتتى. ئالتە ئاي، بىر يىل ئۆتتى، بۇ ھال بىر يېرىم يىلغا داۋاملاشتى. ئۇ ئون سەككىز ئايلىق بولدى. ئادەتتە ئۇنىڭدىن ئالتە ئايلىق كىچىك بالا قولىغا بىرەر توغرام نان تۇتقۇزۇپ قويۇلسا يالىڭاچ، يالاڭئاياق ھالدا تالا ـ تۈزگە چىقىپ كېتىۋېرىدۇ، ئوغۇز سۈتىگە قانغانلىرى يىقىلىپ ـ قوپۇپ يۈرۈپ، بەزىدە يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاققان سېسىق سۇلارغىمۇ بىمالال كىرىپ كېتىۋېرىدۇ ۋە قوللىرىنى سۇغا شاپىلدىتىپ ئۇرۇپ ئويناپ، يەنە ئۆيلىرىگە قايتىپ كېلەلەيدۇ.

ئەرمىش بىر يېرىم ياشقا كىرگەندىن كېيىنلا چاقماق چاققاندەك ھەممىسىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇ بىر ئۆلۈك جان ئىدى، ئاغزى بولسىمۇ سۆزلىيەلمەيتتى، تاقىر بېشىدا چاچ ئورنىدا قىلدەك ئىنچىكە ۋە تىكەندەك قاتتىق قىسقا تۈكلەرلا بارئىدى. ئۇلارنىڭ بىرەرىگە قول تەگكۈزسىڭىز تىكەندەك سان-

جىلاتتى، ئەگەر ئىككىسىگە تەڭ قول تەگكۈزسىڭىز توك سوقۇۋەتـ
كەندەك بولاتتى.

ئەرمىش ئاشۇ ئىش بىلەن بولسىمۇ كىشىنىڭ دىققىتىنى تار-
تاتتى، لېكىن بۇ ئەھۋاللار يېزا خەلقىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلمى-
غانىدى. بىر جۈمە كۈنى ئەتىگەنلىكى، دادىسى مەسچىتتىن يېنىپ
كىرگەندە، جۇل - جۇل ياماق كۆڭلەك كىيگەن ئەرمىش ئورنىدىن
دەس تۇرۇپ:

— دادا، مېنى ئاچ قويماڭ، بىر پارچە نان بېرىڭ! — دېدى.

ئوغلىدىن ئۈمىد ئۈزگەن رەمىز كۈتۈلمىگەن بۇ ھالنى كۆرۈپ
ھاڭ - تاڭ بولدى، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي ئۆزىنى دەرھال
تاشقىرىغا ئاتتى.

— ۋاي قوشنىلار، چاپسان بولۇڭلار، ئوغلۇم ئەرمىشكە جىن
تېگىپتۇ، بېشىدىن قوغۇشۇن ئېقىتىپ[1] دۇئا قىلدۇرۇۋېتەيلى!

بۇ قورقۇنچلۇق ئاللا - تۇۋىغا باشتا ھېچكىم ئىرەن قىلمىدى.

— نېمە دەيسەن، رەمىز؟ — دەپ سوراشتى كېيىن ئۇلار.

رەمىز ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇشقا تىرىشتى:

— ئەرمىشنىڭ بىردىنلا تىلى چىقىپ كەتتى، مەندىن نان
سوراۋاتىدۇ.

— ئۇنداق ئەمەستۇ!

— بۇ گېپىڭگە كىم ئىشىنىدۇ؟

— ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ...

لېكىن، رەمىز نامازدىن ھېلى كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ، «يال-
غان ئېيتقان بولسام قۇرئان ئۇرسۇن» دەپ ئۇستى - ئۇستىلەپ
قەسەم ئىچتى. باشتا ئىشەنمىگەنلەر ئەمدى ئۇنىڭ بۇ پەرىشان
تۇرقىغا قاراپ، راست ئوخشايدۇ، دەپ قېلىشتى. شۇنىڭدىن كې-
يىن قوشنا - قولۇملار توپلىشىپ كىرىپ، تىلى چىققان ئەرمىشنى
كۆرۈشكە ئالدىراشتى.

---

① قوغۇشۇننى ئېرىتىپ، كېسەلنىڭ بېشىدىن ئىچىدە لىق سۇ بار قاچىغا ئېقىتىش
ئارقىلىق جىن كۆچۈرۈش ئۇسۇلى.

ئەرمىش كارىۋاتتا يالىڭاچ، رەزگى پاچاقلىرىنى ساڭگىلىتىپ بىمالال ئولتۇراتتى، ئۆيدىكى قالايمىقانچىلىق ئۇنىڭ قېتىغا كىرىپ چىقمىغانىدى.

رەمىز ئەيمەنگەن هالدا بىر ئالدىغا، بىر كەينىگە دەسسەپ، ئاستا ئەرمىشنىڭ يېنىغا باردى.

— ئوغلۇم! — دېدى ئۇ ۋە دەرهال جاۋاب ئالدى:

— دادا.

هورمۇز خانىم بۇ چاغدا تۆت بالىسى بىلەن ئېتىزدا ئىدى. قوشنا - قولۇملار كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ: «ئەمدى نېمە ئىش بولار؟» دېگەن قىزىقىش بىلەن كۈتۈپ تۇرۇشاتتى.

— ئوغلۇم، بابا سەن ماڭا بىر نەرسە دېۋىدىڭغۇ؟ — دادىسى بېشى يوغان، شۇ كەمگىچە تىلى چىقماق تۇگۇل، هەتتا ئورنىدىنمۇ تۇرالمايدىغان ئوغلىنى كىشىلەر ئالدىدا سىناۋاتاتتى.

— هەئە، دادا، سەندىن بىر پارچە نان سورىۋېدىم، سەن ماڭا نان بېرىش ئورنىغا، بۇ ئىشقا يارىماسلارنى چاقىرىپ كەپسەن! — دېدى ئەرمىش.

قوشنىلار قورققىنىدىن لەۋلىرى تىترىشىپ كەينىگە داجىشتى. ئادەم بىلەن تولغان ئۆينىڭ ئىچى ئۆرتۆپە بولۇپ، ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى.

ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى:

— رەمىز تاغا، بالىغا بېرىدىغان نېنىڭ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

رەمىز بىر نېمە دېيەلمەي ئارىسالدىلىقتا دۇدۇقلاپ قالدى، دەرۋەقە ئۆيدە نان يوق ئىدى، ئايالى تاۋىدا پىشۇرغان نانلىرىنىڭ هەممىسىنى بالىلىرى بىلەن بىللە ئېتىزغا ئېلىپ كەتكەنىدى. كەنجى بالىسىنىڭ بىردىنلا تىلى چىقىپ نان دەيدىغانلىقى كىمنىڭ ئەقلىگە كەلسۇن...

رەمىزدىن سوئال سورىغان قوشنىسى ئۆيىگە يۈگۈرۈپ چىقىپ يوغان بىر پارچە نان ئېلىپ كىردى ۋە ئەرمىشنىڭ قولىغا

تۇتقۇزدى.

ئەرمىش كىشلەرنىڭ چۆچەكتەك ئېچىلغان كۆزلىرى ئالدىدا ئاستى ـ ئۈستىگە چىققان ئىككى تال ئۈتتۈر چىشى بىلەن ناننى غاجىلاشقا باشلىدى. ئۇ ناننى زوق بىلەن يېگەچ كىشلەرگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ قوياتتى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى كىشلەرنىڭ ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىگە ۋە نام بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

كۆرىدىغىنىنى كۆرۈپ، ئارزۇسىغا قانغان كىشلەر بىردىن، ئىككىدىن چىقىپ ئۆيىنى بوشاتقىلى تۇردى. بۇ ۋەقەنىڭ غەلىتىلىكى ھەققىدىكى پاراڭلار سىرتقا تارالدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى سەزگۈررەك كىشلەر بۇ ۋەقەگە باشقىچە باھالارنىمۇ بېرىشكە باشلىدى. شۇنداق ـ دە! ھەربىر يۇرتنىڭ بىرەر ئىشتىن ياكى بىرەر يەردىن كېلىدىغان كىرىمى بولغاندەك، ئەرمىشمۇ ھېچبولمىغاندا باقىركوي يېزىسىنىڭ بايلىق مەنبەسى بولۇپ قالامدۇ تېخى! ئۇنىڭدەك يوغان باش، كىرپە چاچ، رەزگى بوي، لېكىن چوڭ ئادەمدەك گەپ قىلىدىغان بوۋاق بالا ھازىرغىچە كۆرۈنمىگەنغۇ! ئويلىمىغان يەردىن بۇنداق بىر ئامەتنىڭ كېلىپ قالغىنى ئۇچۇن ئۇنىڭ بېشىدىن قوغۇشۇن ئېقىتىپ، دۇئا ئوقۇۋەتكەن تۈزۈكمۇ ياكى ناھىيىگە خەۋەر قىلىۋەتكەن تۈزۈكمۇ؟

ئەقىللىقلەر ئىككىنچى يولنى تۇتىدۇ ـ دە. شۇنداق قىلىپ، قوشنىلىرى رەمزىنى ماقۇلغا كەلتۈرۈشتى ۋە ئۇنى ئالدىغا سېلىپ ھاكىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتىشتى.

بۇ ئىش ھاكىمنىڭ ئەقلىگە ئانچە سىغمىدى. ئۇ، بۇ ۋەقە مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىلگەن، دەپ ئويلاپ قالدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ راست ـ يالغاننى ئايرىش مەقسىتىدە:

— بالىنى دەرھال كەلتۈرۈڭلار، قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ باقايلى، — دېدى.

ھاكىمنىڭ ئالدىغا بارغانلار قايتىپ كېلىپ، ئەرمىشنى جابدۇدى. ئۇنىڭ كۆك باسما كۆڭلىكى ئۈستىگە كىيدۈرۈلگەن ئۇ-

زۇن پىنجەكىنىڭ ئالدى ـ كەينىگە كۆز مونچاقلار قاداپ قويۇلدى.
هاكىم تەكەببۇر، مۇغەمبەر ئادەم ئىدى. ئۇ يالغاندىن كەمتەرلىك قىلىپ، ئەرمىشنىڭ يېنىغا بېرىپ، مەڭزىنى چىمدىپ ئەركىلىتىپ قويىدى. ئۇ بەك قاتتىق چىمدىۋەتكەن بولسا كېرەك، بالىنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش چىقىپ كەتتى. ئەرمىش هاكىمنىڭ چىرايىغا غەزەپ بىلەن تىكىلدى، ئۇنىڭ «قانداق، ياخشىمۇ سەن؟» دەپ ئامانلىق سورىغىنىغىمۇ قارىماي:
— هەي زالىم، هەر كىم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ. نازارەتچىلەر سېنى مەنسىپىڭدىن ئېلىۋەتمىگىنىنى كۆرۈپ تۇر، — دېدى.
هاكىم چۇشەنگىلى بولمايدىغان مۆجىزىنىڭ مەڭزىدىن قولىنى خۇددى ئوتتىن تارتقاندەك ئىتتىك تارتىپ، ئۈچ قەدەم نېرى داجىدى ۋە ئۇستەلنىڭ پۇتىغا پۇتلىشىپ يىقىلغىنىچە ئۇنىڭ يۈزىگە داغ قېتىپ قاراپ قالدى.
بۇ ئىشقا كىمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلسۇن! بۇ ئىش ناهىيىگە يېيىلىشى هامان، ھەممە يەر زىلزىلىگە كەلدى. ئەجەبلىنەرلىك يېرى شۇكى، ھەش ـ پەش دېگۈچە ناهىيىگە نازارەتچىلەر كېلىپ، هاكىمنىڭ ئىشلىرى بىر قۇر قارالدى، ئاندىن هاكىم قۇش ئۇچماس، كارۋان كەزمەس ناهىيىلەردىن بىرىگە ھەيدەلدى! مانا شۇنىڭدىن كېيىن بىچارە يالاڭ تۆش رەمىزنىڭ ئۆيى ئەرمىشنى كۆرگىلى كەلگەنلەر بىلەن ئاۋاتلىشىپ كەتتى. بىر پارچە نان ۋە بىر قۇر كىيىمگىلا ئىگە بىر ئادەمنىڭ، ئۇنۇمسىز ئېتىزدا يەر چاناپ، ئوت ئوتاشتىن جېنى تويغان هورمۇزنىڭ ئۆيى خۇرجۇن ـ خۇرجۇن سوۋغا ـ سالاملارغا تولدى. ياخشى بېقىلىپ، ئوبدان كىيىندۈرۈلگەن ئەرمىشمۇ تېزلا چوڭىيىپ، رەزگى پاچاقلىرىغا ۋە كۆكرەك، دۈمبىلىرىگە ئەت قونۇپ قالدى، ئۇنىڭ يوغان بېشى سەمىرگەنچە كىچىكلەۋاتقاندەك بىلىندى، ھەرقانداق كىچىك بالىنىڭ بېشى گەۋدىسىدىن بىر ئاز چوڭ بولىدىغۇ، ئۇمۇ ئاستا ـ ئاستا تەبىئىي هالەتكە كەلدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئەرمىش ئاكىلىرى، ھەدىلىرى ۋە مەھەللىدىكى بالىلار بىلەن ھەرخىل ئويۇنلارغا كىرىشىپ كەت-

تى. ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرگەن ئويۇنلىرىدىن بىرى مۆكىمۆكىلەڭ ئىدى. ئۇ بىر يەرگە مۆكۈۋالسا، ئۆزى چىقمىغۇچە ھېچكىم ئۇنى تاپالمايتتى.
— ئەرمىش، ئەرمىش، قەيەردىسەن؟ — دەپ چاقىرىشسا، ئۇ گەپ قىلماي كۈلۈپ قوياتتى، كۈلىدىغان بولسا ئاغزى قولىقىغا يېتىپ، گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتەتتى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈشكە ئەرزىيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ۋالىي ئەرمىشنى ھاكىمغا ئوخشاش ئالدىغا چاقىرتماي، ئۇنىڭ ئالدىغا ماشىنا بىلەن ئۆزى كەلدى. ئەرمىشنى كۆرگىلى كەلگەن باشقا كىشىلەر ۋالىيغا يول بوشىتىپ بەردى. يىراقنى كۆرىدىغان ۋالىي ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئۆزى بىلەن سەھىيە مۇدىرىنى ۋە مائارىپ مۇدىرىنىمۇ بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى. ئېھتىمال بۇ بوۋاق ئەنقەرەدە بىرەر يۇقىرى دەرىجىلىك ساقلىقنى ساقلاش ئورنىغا ئەۋەتىلىشى ياكى ئەقلىنى ۋە بىلىم دەرىجىسىنى ئۆلچەيدىغان سوئاللارغا بەرگەن جاۋابلىرىغا ئاساسەن باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا ياكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردىن دىپلوم ئېلىشقا لايىق كېلىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.
كەلگەنلەرنىڭ ھېچبىرى نەپ ئالالمىدى، ئەرمىش كەلگەنلەرنى كۆرۈپ، ئەھۋالنى سەزدى - دە، يوغان بېشىغا ماس كەلمەيدىغان كىچىككىنە يۈزىنى پۈرۈشتۈرۈپ، سوئاللارغا تۈتى قۇشتەك بىرلا سۆز بىلەن جاۋاب بېرىشكە باشلىدى.
— ئوغلۇم، ئېتىڭ نېمە؟
— دادا.
— قانچە ياشقا كىردىڭ؟
— دادا.
— سېنى ئەنقەرەگە ئەۋەتەيلىمۇ؟
— دادا.
— ئۇ يەردە ئوقۇيسەن.
— دادا.
— ئالغا باسىسەن.

— دادا.

— نېمە تەلەپ قىلساڭ شۇنى بېرىدۇ.

— دادا.

— قارا، مەن بۇ ۋىلايەتنىڭ ۋالىيسىمەن.

— دادا.

— بۇ تاغاڭ سەھىيە مۇدىرى.

— دادا.

— مانا بۇياق مائارىپ مۇدىرى.

— دادا!

ئەرمىشنىڭ كاللىسىغا قانداق خىيال كىرىۋالغان بولغىيدى-كى، ئۇ ئالدى بىلەن ئاتا - ئانىسىنى، ئاندىن بىلەرمەنلىكىگە شاھىت بولغان قوشنا - قولۇملارنى خىجالەتچىلىكتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك ئوسال قىلىۋەتتى.

باقىركوي يېزىسىدا غەيرىي نورمال بىر بالا بىلەن ئۇچراشقان-لىقىنى ۋىلايەتتىكىلەرگە دېسە ئۆزىگە گەپ كېلىپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان ۋالىي قورقۇنچلۇق بىر چۈش كۆرگەندەك بولۇپ قالدى. بۇنى يوشۇرۇشنى ھاجەتسىز بىلگەن ۋالىي قاتتىق ئاۋازدا:

— بىز بۇ يەرگە بىكار كەپتىمىز، — دېدى، — بۇ كالۋا بالا «دادا» دىن باشقىنى بىلمەيدىكەن.

ئۇ شۇنداق دېيىشى بىلەنلا، ئەرمىشنىڭ بېشىدىكى تىكەندەك قاتتىق تۈكلەردىن بىرى ئانتېنىغا ئوخشاش سوزۇلدى.

— سىز بىر يەرگە بىكارغا بارمايسىز، قورساق باققىلى بارىسىز.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — دەپ ئاچچىقلاندى ۋالىي بەگ.

ئىنتايىن قوپاللىق ھېس قىلغان يېزىلىقلار ۋالىيغا تەسەللى بېرىشتى:

— خاپا بولمىسىلا، بالا ئەمەسمۇ، بالا دېگەن نېمە دەۋاتقىنىنى بىلمەي، ئاغزىغا كەلگىنىنى دەۋېرىدۇ.

مائارىپ مۇدىرى ئەرمىشنىڭ بېشىدا سوزۇلغان ئانتېنىنى

تۇتماقچى بولۇۋىدى، ئانتىنىنا دەرھال قىسقىراپ كەتتى.
— ھە، ئىش ئەسلىدە مۇنداق ئىكەن ـ دە؟ — دىدى ۋالىي بەگ، — بۇ بەتخۇيلۇق ئۆلسەممۇ ئىسىمدىن چىقمايدۇ.
— ئەپۇ قىلسىلا، بالا ئەمەسمۇ.
— ياق، ياق بولدى! — دىدى ۋالىي بەگ، — بىز كىتەيلى، ئورنىمىزغا باشقىلار كىلەر، ئۇلارمۇ كۆرۈپ باقسۇن.
ۋالىي بەگ باقىركوي يىزىسىدىن كۆڭۈلسىز قايتتى. ئۇ قايتقاندىن كىيىن بوش تۇرماي، ئەنقەرەدىكى تىخىمۇ يۇقىرى ئورۇنلارغا كەينى ـ كەيندىن تىلىگرامما ئەۋەتتى.
ئاخىر يۇقىرى دەرىجىلىك سەھىيە ۋە ئىلمي جەمئىيەتلەردىن تەشكىل تاپقان بىر ئۆمەك كىلىپ، ئەرمىشنى كۆزىتىش، سىناپ كۆرۈش ئىشلىرىنى ئىلىپ باردى.
ئەرمىش سورالغان سوئاللارغا خالىسا جاۋاب بىرەتتى، خالىمىسا بەرمەيتتى. جاۋاب قايتۇرسا ھەممىسى ھەيران قالاتتى، جاۋاب قايتۇرمىسا، بۇ بالىنىڭ يىتىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى نورمالسىز ئىكەن، دىگەن گۇماندا بولاتتى. ئەگەر ئۇنىڭدىن: «بەش يەردە ئىككى قانچە؟» دىگەن سوئال سورالسا، ئۇ مۇنچىغا چۈشكەندەك دىمى سىقىلىپ تەرلەيتتى. «سەن كەلگۈسىدە نىمە بولماقچى؟» دىگەن سوئال سورالسا، ھايال قىلمايلا: «ھەر ھالدا ئاتاقلىق بىر كىشى بولىمەن» دەپ جاۋاب بىرەتتى.
— ئاتاقلىق كىشى دىگەن نىمە؟ ئىيتىپ باقە.
— ئاتاقلىق كىشى دىگەن ئۆزىنى، ئوي ـ پىكرىنى، يۇرت ـ ۋەتىنىنى ياخشى بىلىدىغان كىشى.
— بۇلارنى بىلىدىكەنسەنۇ، بەش يەردە ئىككى قانچە بولىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟
— ئەزبىرايى، بىلمەيمەن.
— بوپتۇ. ئەمىسە كىمنى ھەممىدىن ياخشى كۆرىسەن؟
— دادامنى.
— يەنچۇ؟

— ئاپامنى.

— يەنچۇ؟

— قېرىنداشلىرىمنى.

— يەنچۇ...

ئارقا ـ ئارقىدىن بېرىلگەن بۇ سوئاللاردىن ئەرمىشنىڭ كۆز-لىرى ئېلىپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالدى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ:

— كۈننى، ئاينى، ئاغىنىلىرىمنى ۋە كۈچۈكۈمنى ياخشى كۆرىمەن! — دەپ ۋارقىرىدى.

— سېنى بىز بۇ يەردىن ئېلىپ كەتسەك كېتەمسەن؟

— ياق.

— نېمىشقا؟

— يېزامنىمۇ ياخشى كۆرىمەن.

ئۇنى ماقۇل قىلىش ئۈچۈن ئۆمەك ئەزالىرى بىرى توختىسا، بىرى ئۇلاپ سۆزلەپ تۇردى:

— قارا، ئەرمىش، باقىركوي قانداقلا بولسۇن بىر يېزا. ئىزدىگەن نەرسە تېپىلمايدۇ، ھەممە نەرسە چەكلىك، شەھەردە بولسا نېمە ئىزدىسەڭ شۇ بار، كەڭرىچىلىك.

— ھەممە نەرسە؟ ھەممە نەرسە دېگەن نېمە؟

— يۇقىرى مەكتەپلەردە ئوقۇيسەن، چوڭ ئادەم بولىسەن. ئەرمىشنىڭ كۆزلىرى يەنە تالدى.

ئۇنى ناھايىتى قىيىن ـ قىستاققا ئالغان بىر كۈنى، ئۇ دادىسى بىلەن ئاپىسىدىن سورىدى:

— ئاپا، دادا، بارايمۇ، سىلەر نېمە دەيسىلەر؟

— ئوغلۇم، ئۆزۈڭ بىل! — دېيىشتى ئاپىسى ھورمۇز بىلەن يالاڭ تۆش دادىسى رەمىز، — بىزنى ۋە قېرىنداشلىرىڭنى ئۇنتۇمى-ساڭلا بولدى.

— ياق، ئۇنتۇمايمەن! — دېدى ئەرمىش، — ئۇنداق قىلسام بولامدۇ؟ ھېچقايسىڭلارنى ئۇنتۇمايـمـەن. ئاق سـۈت بېرىـپ،

ئاش ـ نان بېرىپ باقتىڭلار. كەتسەم بىر كۈنى يەنە ئالدىڭلارغا قايتىپ كېلىمەن.

شۇنداق قىلىپ، ئاپىسى، دادىسى، قېرىنداشلىرى ئۇنىڭ بىلەن بىر هازا قۇچاقلىشىپ، يىغلىشىپ خوشلاشتى.

ئەرمىش باقىركوي يېزىسىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك سەهىيە ۋە ئىلمىي جەمئىيەتلەر ئەۋەتكەن ئۈمەك بىلەن بىرلىكتە يولغا چىققاندا، يېزىلىقلىرى كەينىدىن يىغا ـ زار قىلىشىپ ئۇزاتتى. «قارا» ئىسىملىك كۈچۈكمۇ ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا هۇۋلاپ كەتتى.

ئەرمىشنى كۆرۈشكە قىزىققانلارنىڭ بەزىلىرى ئەتىگەن كېلىپ كەچ قايىتتى، بەزىلىرى يېرىم كېچىگە قالدى، قونۇپ قالغانلىرىمۇ بولدى. ئۇلار ياتقان ئۆيلىرىگە ۋە يېزىنىڭ قەهۋەخانىسىغا بىرمۇنچە پۇل خەجلىدى. ئەمدى ئەرمىشتىن ئايرىلىپ قالدىغان بولدۇق، دەپ، ئۇنىڭ كەينىدىن كۆز يېشى قىلىشقانلارمۇ بولدى. ئۇلار، ئەرمىش كېتىپ يامان بولدى، تەييار كېلىۋاتقان ناندىن قۇرۇق قالىدىغان بولدۇق، دەپ ئەمەس، بەلكى ئەرمىشنى هەقىقەتەن ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن كۆز يېشى قىلىشتى.

ئەرمىش ئەنقەرەگە ئېلىپ بېرىلىپ، ئاتاقلىق بىر دوختۇرخانىنىڭ مەخسۇس ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇنىڭغا كېچە ـ كۈندۈز قارايدىغانغا ئىككى باققۇچى ئاجرىتىلدى. ئادەم بالىسىدىكى پەۋقۇلئاددە قابىلىيەتلەر بىلەن ئۇچراشقان ئالىملار كېچە ـ كۈندۈز دېمەي تىرىشىپ، ئۇنى هەرخىل سىناق ۋە تەجرىبىلەردىن ئۆتكۈزدى.

ئالدى بىلەن ئۇنىڭ سىمدەك يىرىك چاچلىرى كېسىلىپ، لوپا ئەينەكلەر بىلەن كۆزىتىلدى. چاچلارنىڭ بەك توم بولۇشىدىن باشقىچە بىرەر ئالاهىدىلىك كۆرۈلمىدى. ئۇنىڭ يېڭى ئۆسكەن چاچلىرى بۇدۇر، يىپەكتەك يۇمشاق بولۇپ، ئەسلىدىكى سولغۇن چىرايىغا بالىلارغا خاس ئوماقلىق قوشقانىدى. ئەرمىشنىڭ قول ـ ئاياغ، ئېغىز ـ بۇرۇن، يۈرەك، ئاشقازان، جىگەر ۋە مېڭىلىرى ئايرىم ـ ئايرىم تەتقىق قىلىندى، ئەمما باشقا بالىلارنىڭ-

كىدىن ئۆزگىچە ئەھۋال كۆرۈلمىدى. ئوخشاشمايدىغان يېرى، مېڭە ۋە قۇلاقلىرىنىڭ خېلىلا چوڭلۇقى ئىدى. چوڭلار ئارىسىدا «سالپاڭ قۇلاق» دېگەن بىر گەپ بار، ئەرمىش مانا شۇنداق سالپاڭ قۇلاق باللاردىن بولۇپ، يىراقتىكى ئەڭ بوش ئاۋازنىمۇ ئاڭلىيالايتتى.

ئالىملاردىن بىرى:

— مېنىڭچە، ئۇنىڭدىكى پۈتۈن ئالاھىدىلىك مۇشۇ قۇلاقلىرى-دا. بىر يېرىم يېشىغىچە تىلى چىقمىغىنى بىلەن، مۇشۇ قۇلاقلى-رى ئارقىلىق يىراق - يېقىندىن ئېيتىلغان ھەرخىل گەپ - سۆزلەرنى ئەستە تۇتۇۋالغان، — دېدى.

— توغرا، شۇنداق بولۇشى مۇمكىن... — دەپ قەيت قىلدى ئالىملاردىن يەنە بىرى.

— قىلچە ۋاراڭ - چۇرۇڭنى كۆتۈرەلمەيدىكەن، يېزىدىن شەھەرگە يېڭى كەلگىنىدە، شەھەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى ئۇنى بىئارام قىلغانىدى، لېكىن ئۇ ھازىر بۇنداق ۋاراڭ - چۇرۇڭ، تاراق - تۇرۇقۇقا بىر ئاز كۆنۈپ قالغاندەك قىلىدۇ، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تېخىمۇ كۆنۈپ قالىدۇ. بۇ جەھەتتىن ھۆرمەتلىك كەسىپدىشىمىزنىڭ كۆز قارىشىغا قوشۇلىمەن. بەزىدە سوئاللارغا ئۆز جايىدا جاۋاب بېرىشى، بەزىدە دېزى بار پاتېفون تەخسىسىدەك بىرخىل سۆزنىلا تەكرارلىشى ئۇنىڭ سالپاڭ قۇلاقلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بىز ئۇنى چۈشىنىپ دەۋاتىمىز، دەپ ئالدىنىپ قال-مىساق بولىدۇ. تۈتى قۇشمۇ گەپ قىلىدىغۇ. بىراق، ئۇ قايسى سۆزنى تۇتۇۋالسا، شۇنى دەيدۇ، لېكىن مەنىسىنى بىلەمدۇ؟

— ياق، — دېدى ئۈچىنچى ئالىم، — لېكىن ئەيىبكە بۇيرۇ-ماڭ، سىزنىڭ بۇ قارىشىڭىزغا قوشۇلالمايمەن. ئەرمىش ئۆز يې-شىدىكىلەردىن نەچچە ھەسسە ئەقىللىق، زېرەك، ھوشيار. ئۇ پەۋقۇلئاددە بىر مۆجىزە، ئۇنىڭ ھاكىمغا، ۋالىيغا دېگەن گەپلىرى-نى ئاڭلاپ ھاڭ - تاڭ بولدۇم. ئۇنىڭ سۆزلىشىنى تۈتى قۇشنىڭ سۆزلىشىگە ئوخشاتساق بولمايدۇ، ھەرگىزمۇ بولمايدۇ. ھەممىنىلا

ئۇنىڭ سالپاڭ قۇلاق بولغانلىقىغا باغلاشقا بولمايدۇ. مەن سىلەرگە ئۆز تەجرىبىلىرىمنىڭ خۇلاسىسىنى ئېيتىپ باقاي، ئەرمىشتە ئېلېكترونلۇق مېڭە قۇرۇلما بار.

بىرەيلەن ئېغىز ئاچتى:

— بىلىم دېگەندەك بىر نەرسىمۇ يا؟

— ھەببەللى، دەل شۇنداق ... — دېدى ئۇچىنچى ئالىم، — لېكىن بۇ ھەقتە ئىشەنچلىك خۇلاسە چىقىرىش ئۇچۇن، ئۇنى تېخىمۇ كۆپرەك كۆزىتىشىمىز ۋە تەجرىبىلەردىن ئۆتكۈزۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

— ئۇنى ئۆمۈربويى دوختۇرخانىدا تۇتۇپ تۇرامدۇق؟

— بۇنداق قىلىشقا ھەققىمىز بارمۇ؟

ئۇچىنچى ئالىم قۇلىقىنىڭ كەينىنى تاتىلاپ تۇرۇپ:

— توغرا ئېيتىسىز، بۇنداق قىلىشقا ھەققىمىز يوق، — دېدى، — پات ئارىدا بىرلىكتە بىر دوكلات يېزىپ، بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلايلى.

ئالىملارنىڭ ياردەمچىلىرىدىن بىرى سۆز قىستۇردى:

— ئۇنىڭ بارغانسېرى يېقىملىق بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى پەرق ئېتىۋاتامسىز، ئەپەندى؟

ئالىملار جىم بولۇپ بىر ـ بىرىگە قاراشتى، راستىنى ئېيتقاندا، ئۇلار بۇنىڭغا ئانچە دىققەت قىلمىغانىدى. بەلكى، ئەرمىشنىڭ جانلىق بىر نەرسە ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتماي، ئۇنىڭ ھەربىر ئورگىنىنى ئايرىم ـ ئايرىم تەتقىق قىلغانىدى.

بۇ سۆھبەتتىن ئۈچ ئاي كېيىن دوختۇرخانىدا مۇخبىرلار قاتناشتۇرۇلغان بىر يىغىن ئۇيۇشتۇرۇلدى، ئەرمىش مۇخبىرلارغا كۆرسىتىلدى، مۇخبىرلار ئۇنىڭغا سوئاللارنى ياغدۇرىۋەتتى، ئۇنى چاس ـ چۇس قىلىپ سۈرەتكە تارتتى. ئەرمىش تېخىمۇ ئاتىقى چىقىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ سۈرىتىنى تارتقانلارغا بىر ـ بىرلەپ قاراپ قويدى. ئۇ بۇ قالايمىقانچىلىق ئىچىدە ھولۇقۇپ كەتمەي، ساپادا چوڭ ئادەملەردەك پۇتلىرىنى مىنگەشتۈرۈپ ئولتۇ-

راتتى.

مۇخبىرلاردىن بىرى ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئەرمىش، قانچە ياشقا كىردىڭ؟

— ئۆزۈڭ قانچە ياشقا كىردىڭ؟ — دەپ سوئال قايتۇردى ئەرمىش.

كۆلكە سادالىرىدىن كېيىن ئالقىش ياڭرىدى. شۇنىڭدىن كېيىن سوئال سوراش داۋاملاشتى، ئەرمىش جاۋاب بېرىپ تۇردى:

— يېزاڭنى سېغىندىڭمۇ؟

— سېغىندىم.

— قويۇۋەتسە كېتەلەمسەن؟

— كېتەلەيمەن.

— يولدا ئادىشىپ قالمامسەن؟

— ئاداشمايمەن، تاغىلاردىن سورايمەن.

— نېمە بىلەن كېتىسەن؟

— پويىز بارىدىغان يەرگىچە پويىز بىلەن، ئۇ يېقىغا ماشىنا بىلەن كېتىمەن.

— يېزاڭدىكىلەردىن كىمنى كۆپرەك سېغىندىڭ؟

— دادامنى.

— ئاپاڭنىچۇ؟

— ئاپام مەندىن باشقا قېرىنداشلىرىمغا قارايدۇ، دادام بولسا ماڭىلا قارايدۇ.

— بۇ دوختۇرخاندا نېمىنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىسەن؟

— باغچىنى.

— ئويۇنچۇقلىرىڭ بارمۇ؟

— بار.

— ئوينامسەن؟

— ياق.

— نېمىشقا؟

— ئويناپ زېرىكتىم.

— قاچان ئوقۇشقا كىرىسەن؟
— بىلمەيمەن، ئۇنى دوختۇر تاغاملار بىلىدۇ.
— ياخشى ئۆسۈپ يېتىلىش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىشنى ئويلا-ۋاتىسەن؟

ئەرمىش بۇ سوئالغا جاۋاب قايتۇرمىدى، كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ، ئاڭلىمىغان كىشىدەك جىم بولىۋالدى.

ئالىملار مۇخبىرلارغا قول ئىشارىتى قىلدى. مۇخبىرلار ئەر-مىشنىڭ ساپانىڭ يان يۆلەنچۈكىگە قويۇۋالغان ئوڭ قولىنى قى-سىپ: «خەير - خوش، ئەرمىش!» دېيىشىپ چىقىپ كەتتى.

بۇ يىغىندىن ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئەرمىش دوختۇرخانى-دىن چىقىرىلىپ، بالىلارنى قوغداش جەمئىيىتىگە قاراشلىق بىر باغچىغا بېرىلدى. ئۇنىڭ باشقا بالىلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ھەقىقىي بالىلىق ھاياتىنى ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن ئالاھىدە شارائىت يارىتىپ بېرىلگەنىدى.

ئالىملار ئۇنى ئارىلاپ - ئارىلاپ يوقلاپ تۇرۇشتى.

نېمىسىنى دەيسىز، ئەرمىش باغچىدىكى بالىلار بىلەن ھەقىقە-تەن چىقىشىپ كەتتى. ئۇ بالىلارچە تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە ھەقىقىي ئېرىشكەنىدى. ئەمدى ئۇ بۇرۇنقىدەك چوڭ گەپلەرنى قىلمايدىغان بولدى، دوستلىرى بىلەن نېرى - بېرى دېيىشمەي، ھەممىسى بىلەن ياخشى ئۆتتى، ئەدەپ - ئەخلاقلىق بولدى، يىغلاپمۇ باقمى-دى، بەتخۇيلۇقمۇ قىلمىدى، قولىدىكى ئويۇنچۇقنى باشقىلار سورى-سا بېرىپ تۇردى. چۈشلۈك، كەچلىك ئۇخلاش ۋاقتىدا ئۇلار بىلەن تەڭ يېتىپ، تەڭ قوپتى، لېكىن مۆكمۆكىلەڭ ئويۇنىدا ئۇنى بۇرۇنقىدەك مۆككەن يېرىدىن ھېچكىم تاپالمايتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتتى، ئەرمىش بەش ياشقا قەدەم قويدى.

بىر كۈنى، باغچە باشلىقى باغچىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئەرمىش-نى قولىدا كىتاب تۇتۇپ تۇرغان ھالەتتە كۆردى، ئۇنىڭ قولىدىكى-سى بالىلار ئۈچۈن يېزىلغان بىر ھېكايە كىتاب ئىدى.

باشلىق ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ كۆڭۈل بۆلۈپ سورىدى:
— بۇ نېمە كىتاب، ئەرمىش؟ ئوقۇيالامسەن؟
ئەرمىش ئوڭايسىزلانغان هالدا قاپاقلىرىنى تۈردى:
— ئوقۇيالمايمەن. رەسىملىرىنى كۆرۈپ ئوقۇشقا تىرىشۋاتىمەن.
— بۇ ئاسان، — دېدى باشلىق، — سەن هەر كۈنى ئەتىگەندىكى بىر سائەت مېنىڭ يېنىمغا كىر، مەن ساڭا ئوقۇش - يېزىشنى ئۆگىتىپ قوياي.
ئەرمىشنىڭ توق قوڭۇر كۆزلىرىدە خۇشاللىق جىلۋىلەندى:
— ماقۇل، بەگ تاغا!
باغچە باشلىقى ئەتراپىنى ئورىۋالغان بالىلارنىڭ چوڭراقلىرىغا قارىدى:
— سىلەرمۇ ئەرمىشكە ئوخشاش ئوقۇشنى خالامسىلەر؟
ئۇلار بۇ سوئالنى ئاڭلاپ كەينىگە داجىشتى ۋە ئىككى - ئۈچتىن بولۇۋېلىپ بۇ هەقتە مۇنازىرىلىشىشكە باشلىدى. هەسەن ئىسىملىك بىرى:
— مەن كېلەر يىلى باغچىدىن چىقىپ مەكتەپكە بارىمەن، — دېدى.
سەۋتاپ ئىسىملىك سېرىق قىز:
— بىدىراق، ئەرمىش بىزدىن بۇرۇن ساۋاتلىق بولۇپ كېتىدۇ ... — دېدى.
بالىلارنىڭ ئەڭ ئېگىزى سەلىم ئۆز قارىشىنى بىلدۈردى:
— دادام، هەممە ئىش ئۆز نۆۋىتى بىلەن بولىدۇ، دەيدۇ. بىز تېخى ئوقۇش يېشىغا كەلمىدۇققۇ...
— ئەزىبرايى، توغرا!
كېيىن ئۇلار تاش تۇتۇشۇپ جۈپ بولۇپ، دەرەخلەر تۈۋىدە «قوغلاشماق» ئويناشقا باشلىدى. باغچىدا خۇشال قىيقاسلار، بالىلارغا خاس ۋارقىراشلار كۆتۈرۈلدى.
بالىلارنىڭ بەزىلىرى ئىلەڭگۈچلەردە ئۇچۇشسا، بەزىلىرى

بىردىن تۆمۈر قۇتا بىلەن بىردىن تاياق كۆتۈرۈۋېلىپ يەردىن بىر نەرسىلەرنى ئىزدەپ يۈرەتتى — ئۇلار ھەر كۈنى يېڭى تۇخۇم تۇغۇپ بېرىدىغان، باغچىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى سىم تور بىلەن تورالغان كاتەكتىكى توخۇلار ئۈچۈن سازاڭ ئىزدىشىپ يۈرەتتى. ئۇلار: «سازاڭلارنى بىراقلا كاتەكنىڭ ئىچىگە تاشلىماي، سىم تورغا يېقىن يەردىن بەرسەك، توخۇلار ئۇنى چوقۇغىلى كېلىدۇ، بىز شۇ چاغدا سېرىدىق تۈك چۈجىلىرىنى تۇتۇۋالىمىز» دەپ ئويلايتتى.

بالىلار چۈجىلەرنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى، قوللىرىغا ئېلىپ ئوينىغۇسى كېلەتتى. ئۇلار كاتەكنىڭ ئەتراپىدىكى سىم تورلارغا بارماقلىرىنى كىرگۈزۈشۈپ، ئۇلارنى تاماشا قىلاتتى، لېكىن باغ-ۋەن كۆرۈپ قالسا دەرھال كېلىپ: «بالىلار، كېتىڭلار، باشقا يەردە ئويناڭلار!» دەيتتى.

ئەرمىش ئەتىسى ئەتىگەندە باغچە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىشنى بىئەپ كۆرۈپ، ئىشىكنىڭ تۈۋىدە كىتابنى تۇتۇپ تارتىن-غان ھالدا تۇراتتى، باشلىق ئۇنى كۆرۈپ كۈلۈمسىرىدى:

— سالام، ئەرمىش!

— سالام.

— بۇياققا كىر!

بالىلار باغچە باشلىقىنى رامىزان تاغا، دەپ ئاتىشاتتى، بەزى-لىرى توغرىدىن - توغرا «دادا» دەيتتى.

«دادا» ئىش ئۈستىلىدىن تۇرۇپ، ياندىكى بوش ئۇستەلگە ئۆتتى ۋە ئەرمىشنى يېنىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى، ئاندىن كەينىگە بۇرۇلۇپ، جاۋەندىن بىر ۋاراق قەغەز بىلەن قەلەم ئالدى.

ئەرمىش توپتوغرا بىر سائەت «دادا» نىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە «ئا» ھەرپىنى يېزىپ، چوڭ بىر ۋاراقنى تولدۇردى ... شۇنداق قىلىپ، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ رەسىمدىكى يېزىشنى، بوغۇملارنى بىر - بىرىگە قوشۇپ ئوقۇشنى چاپسانلا ئۆگىنىپ ئىنتايىن تېز ئىلگىرىلىدى، ساۋات چىقىرىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، بالىلارغا

دائىر ھېكايە، چۆچەك، شېئىرلارنىمۇ قولىدىن چۈشۈرمەي ئوقۇي-دىغان بولدى.
بالىلار زالدا ئويۇنچۇق ئوينىسا، ئەرمىش ياندىكى ئۆيدە كى-تاب ئوقۇيتتى. لېكىن، بالىلار باغقا چىقىپ ئوينىغاندا، ئۇلار بىلەن تەڭ يۈگۈرۈپ ئويناتتى. ئۇ ئويۇن ئوينىسا تېخىمۇ تېتىك-لىشىپ كېتەتتى. ئۇن - تىن چىقارماي جىم تۇرۇۋالىدىغان ۋاقىت-لىرىدىكى ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىۋالماقچى بولغاندەك، ئۇ ئويۇنلارغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىرىشىپ كېتەتتى. «كىنىدىك ئانا»، «قا-رىغۇ چاشقان» ئويۇنلىرىنى بولسا ئالاھىدە ھەۋەس بىلەن ئوينايتتى.

## 2

بىر كۈنى، دوختۇرخانىدا ئالىملارغا ياردەمچىلىك قىلىدىغان بوغداي ئۆڭلۈك بىر يىگىت بالىلار باغچىسىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئەرمىشنىڭ قوڭۇررەڭ، يۇمران بۇدۇر چاچلىق بېشى-نى سىلاپ:
— يىگىت، قانداق ئەھۋالىڭ؟ — دېدى.
ئەرمىش ئۇنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى. چۈن-كى، ئۇ دوختۇرخانا بويىچە بۇ «ئەمرە تاغا» نى ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا، يېقىملىققىنا كۈلۈمسىرەپ:
— ياخشى، — دېدى.
— ئىچىڭ پۇشمىغاندۇ؟
— ياق، — دېدى ئەرمىش ۋە خۇشال ھالدا قوشۇمچە قىلدى، — بىلەمسىز، مەن ئوقۇش - يېزىشنى ئۆگىنىۋالدىم.
— يەنە بىر ھۈنەرلىك بوپسەن - دە، شۇنداقمۇ؟ بەك ياخشى! مېنىڭ بىلەن ماڭ. كالتە پاچاق، سېنى تۇغقانلىرىم بىلەن تونۇش-تۇرۇپ قوياي.
ئەمرە تاغا ئەرمىشنى قولىدىن يېتىلەپ باغچە باشلىقىنىڭ

بۆلۇمىگە ئېلىپ كىردى. ئۇ يەردە ياشانغان بىر ئەر بىلەن بىر ئايال، يەنە بىر چىرايلىق قىز ئولتۇراتتى، ھېلىقى ئادەم باشلىقا بىر نېمىلەرنى دەۋاتاتتى. ئۇ ئەرمىشنىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ دەر-ھال گېپىنى توختىتىپ، ئۇنىڭغا بېشىدىن ئايىغىچە كۆز يۈگۈر-تۈپ چىقتى. قىز بالا ئورنىدىن تۇردى، گويا ئۇ ئەرمىشكە ئۆزىنى ئاتىدىغاندەك قىياپەتتە ئىدى.

ئەمرە تاغا ئەرمىشنىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ:

— مانا، تاغا، — دېدى، — مەن سىزگە گېپىنى قىلىپ بەرگەن نوچى يىگىت مۇشۇ!

— ئۇ ھازىر ساۋاتلىق بولۇپ قالدى، — دېدى باغچە باشلىقى.

— نېمە دەۋاتىسىز، راست شۇنداقمۇ؟ — ياشانغان ئايال نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىدى.

— ئەرمىش دائىم دېگۈدەك يېڭىلىقلارنى يارىتىدۇ، — دەپ ئەسكەرتىپ قويدى ئەمرە تاغا.

قىز بالىنىڭ پىچىرلىغىنى ئاڭلاندى:

— ۋىيەي، نېمىدېگەن تاتلىق بالا بۇ!

— شۇنداق، — ئورنىدىن تۇردى باغچە باشلىقى، — ئۇ تىرىشچان، ئەقىللىق، ياۋاش بالا، ئۆزىنى كۆرسىتىشنى ياقتۇر-مايدۇ. شۇنداقمۇ، ئەرمىش؟

كۆپچىلىكتىن كۆزىنى قاچۇرماي ئولتۇرغان ئەرمىش بۇ قې-تىم ئىزا تارتىپ، يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى، بولۇپمۇ ئۇ قىز-نىڭ: «ۋىيەي، نېمىدېگەن تاتلىق بالا بۇ!» دېگەن سۆزىدىن بەك-رەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئەمرە تاغا ئارىغا كىردى:

— قارا، ئەرمىش، سېنى بۇ تۇغقانلىرىم بىلەن تونۇشتۇرۇپ قوياي، بۇ چارۋاش ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟ بۇ مېنىڭ تاغام، ئىسمى جەۋات. بۇ خانىم يەڭگەم بولىدۇ، ئىسمى نەسرىن. سېنى يەۋەتكۈ-دەك قاراپ تۇرغان بۇ چىرايلىق قىز ئۇلارنىڭ قىزى — مېنىڭ

جىيەنىم، ئىسمى، ئىسمى ... ئىسمىنى سەن ئېيتىپ باقە!
ئەرمىش قوللىرىنى كەينىگە قىلىپ ئاستاغىنە كېرىلىپ قويدى ۋە بېشىنى كۆتۈرۈپ قىزنىڭ چىرايىغا قارىدى.
— ئىسمىنى مەن نەدىن بىلەي!
ئۇلار كۈلۈشۈپ كەتتى.
— قىزچاق، ئۆزىڭىزنى ئەرمىشكە تونۇشتۇرۇپ قويامسىز؟
ئەمرە تاغىنىڭ تەكلىپى بىلەن قىز ئەرمىشنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئېگىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزاتتى:
— سالام، مېنىڭ ئىسمىم گۈلچىن.
ئەرمىش قىزنىڭ ئۆزىگە سۇنۇلغان قولىنى سىقىپ قويۇپ بەردى. گۈلچىن ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قاراپ دېدى:
— سېنى سۆيۈپ قويسام بولامدۇ؟
بۇ كېلىشمەسلىكنى قاراڭ، ھەر نېمە قىلسا بولاتتيۇ، بۇنداق قىلىشقا بولمايتتى. بۇ كۈنگىچە ئەرمىشنى يا ئانىسى، يا دادىسى سۆيۈپ باققان بولسا كاشكى! بېشىغا بۇنداق كېلىشمەسلىكنىڭ كېلىشىنى كىم بىلسۇن؟
ئەرمىشنىڭ قاپاقلىرى چۈشۈپ، يۈزلىرى تېخىمۇ قىزاردى.
ئۇلار يەنە كۈلۈشۈپ كەتتى.
— بوپتۇ، جېنىم، خاپا بولما، خالىساڭ سەن مېنى سۆيۈپ قوي، مە، — دەپ مەڭزىنى تېخىمۇ يېقىن قىلدى قىز.
ئەرمىش بۇ قېتىم قىزنى يالغۇزلىتمىدى. ئۇ قىزنىڭ يۈزىگە بىرنى سۆيۈپ قويدى. ئەرمىشنىڭ بۇرنىغا خۇش پۇراقلار ئۇرۇلدى. ئۇ گۈلچىن ھەدىسىنىڭ خۇش پۇرىقىدىن بەكمۇ ھوزۇرلانغانلىقىنى ئېيتتى.
قىز كۈلۈپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، بارماقلىرىدىن قاس چىقىرىپ:
— بىكار ئىش يوق، بىكار ئىش يوق! مەن ئۆزۈمنى ساڭا بىكارغا سۆيدۈرەمدىم. بۇنىڭ ھەققى ئۈچۈن سېنى بۇ يەردىن ئېلىپ قاچىمىز، شاكىچەك! — دېدى.

بۇ ئۇنىڭ نېمە دېگىنىدۇ؟ ئەرمىش بىر چۈشىنىپ، بىر چۈشەنمەي ھەيران بولاتتى. ئېلىپ قاچارمىش تېخى، نەگە ئېلىپ قاچار؟

ئەرمىشنىڭ كاللىسىغا بۇرۇندىنلا باقىركوي يېزىسىغا قايتىش خىيالى كىرىۋالغانىدى، دادىسى ۋە ئاپىسى، ئاكىلىرى ۋە ھەدىلىرى چۈشىدىن چىقمايتتى. بۇ قىز ماڭا چاقچاق قىلىۋاتامدۇ نېمە؟

ئەرمىش ئەھۋالنى ئۇققۇسى كېلىپ ئەمرە تاغىنىڭ يۈزىگە سوئال نەزىرىدە قارىدى.

ئەمرە تاغا ھېچنېمە سەزمىگەندەك چىرايىنى ئۆزگەرتمەي جىم تۇراتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا تاغىسى، يەنى ھېلىقى چارۋاش ئادەم گەپ قىلدى:

— بالام، بىز سېنىڭ تەرىپىڭنى خېلى بۇرۇنلا ئاڭلىغان. بۈگۈن بىر كۆرۈپلا ساڭا ئامراق بولۇپ قالدۇق. سېنى ئىستانبۇلغا ئېلىپ كەتسەك دەۋاتىمىز، بىزگە ئوغۇل بول، بىزنىڭ يېنىمىزدا تۇر، ئوقۇ، قانداق دەيسەن؟

— مەن سىلەرگە ئوغۇل بولمايمەن، — دېدى ئەرمىش ياشانغان ئادەمنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — مەن دادامنىڭ ئوغلىمەن، يالاڭتۆش رەمىزنىڭ ئوغلىمەن.

جەۋات بەگ سىلىققىنا قىلىپ دېدى:

— ئەلۋەتتە، داداڭنىڭ ئوغلىسەن. رەمىز ئەپەندى سېنىڭ داداڭ، بۇنىڭدا گەپ يوق. لېكىن، بىز سېنى بالا قىلىۋالايلى، باغرىمىزغا ئالايلى، تېخىمۇ ياخشى تەربىيىلەيلى، دەۋاتىمىز، سېنى بىزگە ياتلىق قىلمايدۇ، بىزنى ياخشى كۆرىدۇ، دېگەن چۈشەنچىدە بىز.

ئەرمىش بۇ قېتىم كۆزلىرىنى باغچە باشلىقىنىڭ چىرايىغا يۆتكىدى. قېنى، ئۇ نېمە دەيدىكىن، ئېلىپ كېتىشكە رازى بولامدۇ، بولمامدۇ؟

باغچە باشلىقى كۈلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتتى:

— ئەرمىش بالام، گېپىمگە قۇلاق سال! خالىساڭ بار،

خالىمىساك بۇ يەردە قال، بۇ سېنىڭ ئىختىيارىڭدىكى ئىش. پەقەت ئويلىنىپ كۆرۈشۈڭگە تېگىشلىك بىرلا نۇقتا بار. بۇنى ھازىر دېمەكچى ئەمەستىم، لېكىن پەيتى كەلدى. بۇ باغچىدا سەن پەقەت يەتتە ياشقىچىلا تۇرالايسەن. كېيىن بەرىبىر باشقا بىر يەرگە كېتىشكە مەجبۇرسەن.

— يېزىغا كېتەلمەمدىم؟ — سورىدى ئەرمىش.

— كېتەلەيسەن، خالىساڭ يېزاڭغىمۇ كېتەلەيسەن. داداڭ كېلىپ ئېلىپ كېتىدۇ. بىراق، داداڭ ئۇنداق قىلىشنى خالىمايدۇ، ئۇ سېنى شەھەرگە ئېلىپ كېتىشكە رازى بولغان. نېمە ئۈچۈن؟ ئوغلۇم ئوقۇسۇن، ياخشى يېتىشسۇن، دەپ ئويلايدۇ. سىلەرنىڭ يېزىدا باشلانغۇچ مەكتەپتىن باشقا مەكتەپ بارمۇ؟

— بىلمەيمەن، بەلكى باردۇر، — دېدى ئەرمىش.

— يوققۇ دەيمەن، — دېدى باغچە باشلىقى، — يېزىلىق باللار شۇ سەۋەبتىن چوڭ يەرلەرگە، شەھەرلەرگە كېتىدۇ. ھە، ئەمدى سەن بىزگە قارارىڭنى ئېيت! بۇ تاغاڭ، بۇ خانىم ئاپاڭ ۋە بۇ ئاپئاق ھەدەڭ بىلەن ئىستانبۇلغا كېتەمسەن، كەتمەمسەن؟

ئەرمىشنىڭ كەڭ پېشانىسىدە قورۇقلار پەيدا بولدى، ئىستانبۇلغا كېتىش دېگەن گەپ — يېزىسىدىن خېلى يىراقلىشىش دېگەن گەپ. كەتسە ئائىلىسىنى قايتا كۆرەلەمدۇ، ئۇلار بىلەن جەم بولالامدۇ؟

«پاھ، نېمىدېگەن شور پېشانە مەن» ئەرمىش ئىچىگە تىنىپ، نېمە دېيىشىنى بىلمەي ئارىسالدىلىقتا قالدى، مەڭزىنى چىمداپ جېنىغا تەگكەن ھاكىمغا، بىلەرمەنلىك ۋە بۇيرۇق قىلىپ سۆزلەيدىغان ۋالىيغا ھەم باشقىلارغا يۈز خاتىرە قىلىپ، كۆڭۈل ئاياپ، نېمە دېسە ماقۇل دېگەندى.

گۈلچىن ھەدە ئۇنى گويا بۇ چىگىش خىياللاردىن ئازاد قىلماقچى بولغاندەك سورىدى:

— گاز سۈيى ئىچەمسەن؟

— گاز سۈيى؟

— ئىچىپ باقمىغانمۇ يا؟

باغچە باشلىقى سۆز قىستۇردى:

— بۇ يەردە بالىلارغا گاز سۈيى ئىچكۈزمەيمىز، ھەدىسى. لىمونات، قېتىق بېرىمىز. ئەرمىش لىموناتتىن قېتىقنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇنداققۇ دەيمەن، ئەرمىش؟

— ياخشى كۆرىمەن، — دەپ جاۋاب قايتۇردى ئەرمىش.

— دېمىدىمۇ؟

باغچە باشلىقى قوڭغۇراق كۇنۇپكىسىنى باستى ۋە شۇ ھامان كىرگەن بۆلۈم خىزمەتچىسىگە مېھمانلارغا قېتىق ئەكىلىشنى ئېيتتى.

شۇ چاغدا ئەرمىش ساپادا ئادىتى بويىچە پۇتلىرىنى مىنگەشتۈرۈپ ئولتۇراتتى، ئۇ ئۆزىنى ئېلىپ كېتىدىغان كىشىلەرنى بىر - بىرلەپ كۆزدىن كەچۈرۈشكە باشلىدى. لېكىن، ئۇلار بۇنى سەزمىگەن كىشى بولۇپ، ئىستانبۇلنىڭ ياخشى ھاۋاسىنى ماختىشىپ كەتتى:

— ئەنقەرەنىڭ ھاۋاسى بۇلغانغانلىقى بولمىسا، كىلىماتى ئىستانبۇلنىڭكىگە ئوخشايدۇ، — دېدى ئەمرە تاغا.

— بۇرۇن ئىستانبۇلدا قىش بولغاندا، ئەنقەرەدىمۇ خېلى سوغۇق بولاتتى، قار ياغاتتى، يەرلەر توڭلايتتى، — دەپ قوشۇپ قويدى جەۋات بەگ.

— شۇنداق، — دېدى ئەمرە تاغا، — لېكىن شەھەر ئەتراپىغا ۋە شەھەر ئىچىگە تىكىلگەن دەل - دەرەخلەر يوغىناپ ھاۋانى خېلىلا ئىلىلىتتى. بوزقىرنىڭ ياقىسىغا دەرەخ تىكىلسە، ئەنقەرەلىكلەرمۇ يامغۇر كۆرىدۇ...

— دەرەخ تىكىش ھېچقانچە گەپ ئەمەس، لېكىن ئۇنى سۇغىرىش كېرەك - دە. تاپتاقىر دۆڭلەرگە كىم چىقىپ ئۇلارنى سۇغىرىدۇ؟

ئەرمىش ھەم ئۇلارغا، ھەم تاشقىرىغا قۇلاق سالاتتى. تاشقىرىدىن باغچىدىكى دوستلىرىنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى ئاڭلىنىپ تۇ-

راتتى: «ئىستانبۇلدىمۇ مېنى ئاشۇنداق كىچىك بالىلار كۆپ باغچىغا بېرەرمۇ ياكى باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگۈچە ئۆيدە قامىلىپ يۈرەرمەنمۇ؟» دەپ ئويلايتتى ئۇ.

يان تەرىپىدە تۇتقۇچى بار چوڭ ئىستاكانلاردا قېتىقلار كەلتۈرۈلدى.

ئەرمىش بىر ئىستاكان قېتىقنى تۇتقۇچىدىن تۇتۇپ گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋەتتى. ئۇنىڭ كالپۇكلىرىنىڭ چۆرىسى ۋە بۇرنىنىڭ ئۇچىغا يۇقۇپ قالغان قېتىق يۇقۇندىلىرىنى سۈرتىدىغان قولياغلىقى بولمىغاچقا، ئۇنى قولىنىڭ كەينى بىلەن سۈرتىۋەتتى. ئۇ ساپاغا چۆكۈپ پۇتلىرىنى مىنگەشتۈرۈپ ئولتۇرۇشتىن ۋاز كەچتىمۇ ياكى خۇشاللىقىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر، ئاياغلىرىنى پۇلاڭلىتىشقا باشلىدى. ئۇ بۆلۈمدىكىلەرگە ئەمدى ئاۋۋالقىدەك سوغۇق قارىماي، «ئايدىڭدا قېتىق ئىچىپ تونۇشۇپ قالغان تۇغقانلار» دەك تېخىمۇ ئىللىق قارايتتى. ئۇ ئاخىر مۇنداق دېدى:

— چوڭلار كىچىكلەرنى ھەرقاچان قايىل قىلالايدۇ. سىلەر مېنى سۆز بىلەن قايىل قىلدىڭلار، قەيەرگە باردىغان ئىش بولسا مەيلى، مەن باراي.

— ياق، — دېدى گۈلچىن ھەدە، — ئەرمىش، بىز سېنى قايىل قىلماقچى ئەمەس، باردىغان يېرىڭنىڭ گۈزەللىكىگە ئىشەندۈرمەكچىمىز. سۆز بىلەن قايىل قىلىش باشقا گەپ، ئىشەندۈرۈش باشقا گەپ.

گۈلچىن ھەدە كېلىپ ئەرمىشنى قۇچىقىغا ئالدى. بۇ قېتىم ئۇنى ئەركىلىتىپ سۆيمەستىن، ئاستا ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

جەۋات بەگ، نەسرىن خانىملار بىلەن تەڭلا باغچە باشلىقىمۇ ئورنىدىن قوزغالدى. ئۇلار ئەرمىشنىڭ يۇمۇقلۇق قولىنى سىقىپ، ئۇنىڭ رازىلىق بىلدۈرگەنلىكىنى تەبرىكلەشتى.

ئەرمىشنىڭ نەرسە - كېرەكلىرى نېرى - بېرى بولۇپ بىر كىچىك چامادانغا سىغدى. باغچە باشلىقى بىلەن ئىستانبۇلدىن

كەلگەنلەر ئوتتۇرىسىدا بىر قانچە رەسمىيەتلەر ئۆتەلدى. ئەرمىش-نىڭ تەربىيىلىنىش ۋە تۇرمۇش خىراجىتى بېكىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەرمىش بالىلار باغچىسىنىڭ ئىلكىدىن چىقىپ، باشقا بىر-نىڭ قولىغا ئۆتتى.

باغچىنىڭ تاشقىرى دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، باغچە باشلىقى ئەرمىشنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ دېدى:

— ئەرمىش، ئاق يول بولسۇن. خالىساڭ ئىچكىرىگە كىرىپ دوستلىرىڭ بىلەن خوشلىشىپ چىق.

— خالىمايمەن، — دەپ پىچىرلىدى ئەرمىش، — ئۇلارنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلىدۇ. مېنىڭمۇ كۆڭلۈم بۇزۇلىدۇ. ئەڭ ياخشىسى، ئۇقمايلا قالسۇن. مەن يېزىدىن ئايرىلغاندىمۇ مېنى ئاپام، دادام، قېرىنداشلىرىمغا خۇداغا ئامانەت دېگىلى قويماي ئېلىپ كېتىشكەندى.

— ئەي ئۇلۇغ تەڭرىم! — دېدى جەۋات بەگ، — ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ، ئۆتۈلگەن سەۋەنلىكلەر تېخى ئېسىدىن چىقماپتۇ.

— پۇتۇنلەي باشقىچە بىر بالا بۇ، — تاغىسىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى ئەمرە بەگ، — ھېچكىمگە ئوخشاشمايدۇ، — ئاندىن ئۇ يەڭگىسى نەسرىننىڭ يېنىغا ئۆتۈپ پەس ئاۋاز بىلەن قوشۇپ قويدى، — يەڭگە، كۆرۈۋاتامسىز، ئەرمىش ئوچۇق - ئاشكارا گەپ قىلىشنى كۆتۈرمەيدۇ.

— شۇنداق، مەنمۇ شۇنداق چۈشەندىم. قورقۇۋاتىمەن جۇ-مۇڭ.

— نېمىدىن، خانىم؟

— بىزنىڭ ئاشكارا دەيدىغان گەپلىرىمىز، كەمچىلىكلىرىمىز كۆپ - دە.

— ئەنسىرىمە، ئاپا، — دەپ ئېتتىك بېرىپ ئاپىسىغا تەسەللى بېرىشكە تىرىشتى گۈلچىن، — ئەرمىش بىزنى ياخشى كۆرىدۇ، ياخشى كۆرىدىكەن، ئۇششاق - چۈششەك كەمچىلىكلىرىمىزنى ئەل-

ۋەتتە كەچۇرىدۇ. مومام، مەتىن ۋە مەنمۇ شۇنداق قىلىمىزغۇ؟
— مومام؟ مەتىن؟ بۇلىرى كىمدۇ؟
گۈلچىن ھەدە كىچىك چامادانىنى دەرۋازىنىڭ ئالدىغا توختىتىلغان توق ھاۋا رەڭلىك، كۆركەم پىكاپنىڭ كەينىگە جايلاشتۇردى، پىكاپنى گۈلچىن ھەدە ھەيدىدى. ئەرمىش ئالدىدا — گۈلچىن بىلەن ئەمرە تاغىنىڭ ئارىلىقىدا، جەۋات بەگ بىلەن نەسرىن خانىم ئارقىدا ئولتۇرۇشتى. گۈلچىن ھەدە ئاچقۇچنى بۇراش بىلەنلا پىكاپ ھېچقانداق گۈركىرىگەن ئاۋاز چىقارماي قوزغىلىپ ئۇچقاندەك سىلىق ماڭدى، باشقا قاتناش ۋاسىتىلىرىنى بىر - بىرلەپ بېسىپ ئۆتۈشكە باشلىدى.
ئەرمىش بەك خۇشال بولۇپ كەتتى.
چوڭ بىر بىنانىڭ ئاق مەرمەرلىك پەلەمپىيى ئالدىغا كەلگەندە ئەمرە تاغىنى چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇ پىكاپتىن چۈشۈشتىن ئاۋۋال ئەرمىشنىڭ قولىنى يەنە بىر سىقىپ:
— خەير - خوش، ئەرمىش! — دېدى، — مېنى ئۇنتۇماسلىقىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. يېقىندا بەلكى ئىستانبۇلغا بېرىپ قالارمەن. خەير، ھەممىڭلارغا ئاق يول بولسۇن!
بۇ 1971 - يىلى ماي ئېيىنىڭ بىر چارشەنبە كۈنى ئىدى. لېكىن، نېمە يىل، نېمە ئاي، نېمە كۈنلۈكىنى ئەرمىش بىلمەيتتى. بۇلار ھازىر ئۇنىڭ ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتسىز نەرسىلەر ئىدى.
گۈلچىن ھەدە پىكاپنىڭ يەنە بىر كۇنۇپكىسىنى بېسىۋىدى، بىر ئايالنىڭ ناخشا ئاۋازى چىقتى. كەينى - كەينىدىن ئېيتىلىۋاتقان بۇ ناخشا ئەرمىشنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇ بۇ ناخشىلارنىڭ ئاھاڭىغا قىزىقسىمۇ، لېكىن بىرمۇ سۆزىنى چۈشەنمەيتتى، چۈنكى ئۇ ئايال ناخشىلىرىنى يات بىر تىلدا ئېيتىۋاتاتتى. ئەرمىش ناخشا ئېيتىۋاتقان ئايالنى كۆرمەكچى بولۇپ، ئۇنى پىكاپنىڭ ئىچىدىن بىر ھازاغىچە ئىزدىدى. ئەجەبا، ئاۋازى بار، ئۆزى يوق - ھە؟ بۇ ئاۋاز پارقىراق كىرىستال، ئۈستىدە ئۇجۇر - بۇجۇر خەتلىرى

بار بىر قۇتىدىن چىقىۋاتاتتى. يوغان ئادەم بۇ كىچىك قۇتىغا قانداق پاتقاندۇ؟

ئەرمىش كۆلكىگە قېلىشتىن قورقۇپ، بۇنى گۈلچىن ھەدە-سىدىن سوراشقا پېتىنالمىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر ئىشنى سورىدى:

— قورسىقىم ئاچتى، قاچان تاماق يەيمىز؟

ئارقىدا ئولتۇرغان نەسرىن خانىم:

— بىزنىڭ كاللىمىزمۇ تازا بىر كاللا ـ ھە، بىچارە بالىدىن قورسىقىڭ ئاچتىمۇ، دەپ سوراش ھېچقايسىمىزنىڭ ئەقلىگىمۇ كەلمەپتۇ. ھازىر، ئوغلۇم، ھازىر، گۈلچىن ھەدەڭ يول ئۈستى-دىكى ئاشخانىلارنىڭ بىرىنىڭ ئالدىدا ماشىنىنى توختىتىدۇ. ھەم-مىمىز چۈشۈپ بىرلىكتە تاماق يەيمىز.

— ئەرمىش، سەن قايسى تاماقنى ياخشى كۆرىسەن؟

بۇ سوئالنى سورىغان جەۋات بەگكە:

— توخۇ گۆشى بىلەن قورۇلغان ياڭيۇنى، — دەپ جاۋاب بەردى ئەرمىش، كېيىن ئۇ باشقا تاماقلارنىمۇ دېمىسەم بولماس، دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ ناملىرىنى ئېيتقىلى تۇردى، — پولۇ، سۇيۇق-ئاش، قېتىقتا مىلـەنگەن تەرخەمەك، قاق سۇيـى، ئايـران، تۇخۇم...

— بېلىقنى ياخشى كۆرمەمسەن؟

— بېلىقنى؟ يەپ باقمىسام ئۇنى نەدىن بىلىمەن؟

— دوختۇرخانىدا، باغچىدا سىلەرگە بېلىق بەرمەيتتىمۇ؟

— بەرمەيتتى.

ئەرمىش بىردەم ئويلىنىۋالدى. ئۇ دېگىنىم يالغان بولۇپ قالمىسۇن يەنە، دەپ سۆزىنى تۈزەتتى:

— بەرگەن بولۇشى مۇمكىن، بەرمىگەنمۇ بولۇشى مۇمكىن، لېكىن مەن ئۇقمايدىكەنمەن.

— بېلىق گۆشى ھەم قۇۋۋەتلىك، ھەم لەززەتلىك بولىدۇ. ئەرمىش، ئىستانبۇلغا بارغاندا بېلىقنى تازا يەيسەن.

— ئاۋۋال ئىستانبۇلغا بارايلى، ئاندىن بىر گەپ بولار.

## 3

ئۇلار قاش قارايغان چاغدا ئىستانبۇلغا يېتىپ بېرىشتى. ئەرمىش يولدا ساپانچا كۆلىنى كۆرۈپ، دېڭىزنى كۆردۈم، دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك:

— دېڭىز دېگەن مۇشۇمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، — دېدى گۈلچىن هەدە، — دېڭىز سەن كۆرۈۋاتقان بۇ كۆلدىن يۈز هەسسە، مىڭ هەسسە چوڭ بولىدۇ.

— بىلەمسەن، — دەپ چۈشەندۈردى نەسرىن خانىم، — بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيادا قۇرۇقلۇقتىن چوڭ دېڭىزلار بار، ئۇنىڭدا شۇنداق چوڭ پاراخوتلار ماڭىدىكى، كۆرسەڭ هەيران قالىسەن.

— چۈشىنەلمىدىم، قۇرۇقلۇق پارچىلىرىمۇ دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرەمدۇ؟

— ياق، ئەخمەق، — دېدى گۈلچىن هەدە كۈلۈپ تۇرۇپ، — دۇنيانىڭ چوڭقۇر يەرلىرى سۇلار بىلەن قاپلانغان. دېمەك، دۇنيا دېڭىز بىلەن قۇرۇقلۇقتىن تۈزۈلگەن. دېڭىزنىڭ ئىچىدە تۆت ئەتراپى سۇ بىلەن ئورالغان چوڭ - كىچىك ئاراللار بولىدۇ، ئۇلار يىراقتىن قارىساڭ دېڭىزدا ئۈزۈپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ.

بۇ گەپلەرگە ئەرمىشنىڭ ئەقلى يەتمىدى. ئىزمىت بىلەن بىرلىكتە دېڭىز كۆرۈنۈشكە باشلىغاندا، ئۇ ماشىنىنىڭ ئىچىدە ئۆرە تۇرۇۋېلىپ پايانسىز دېڭىزغا ئۇزاقتىن - ئۇزاق قاراپ كەتتى. پېتىش ئالدىدا تۇرغان قۇياشنىڭ سۇدىكى شولىسى كۆزنى قاماشتۇراتتى. ئەرمىش دېڭىز قىرغاقلىرىدىكى يۇمىلاق تاشلار، يېشىل مۇخلارغا قاراپ - قاراپ تويمايتتى. دېڭىزدا چوڭ - كىچىك كېمىلەر ئۈزۈشۈپ يۈرەتتى. ئەرمىش ئۇلارنىڭ ئىسمى نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتى.

شۇ تاپتا ئەرمىشتىن نېمىنى ئۇققان، نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى سورىسا، پەقەت: «بىلمەيمەن، ھەيران بولۇۋاتىمەن، خۇشاللىقىم ئىچىمگە پاتمايۋاتىدۇ ...» دەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتى.

ئىستانبۇلغا يېقىنلاشقاندا، دېڭىز سول تەرەپتە قېلىپ، ئاستا ـ ئاستا يىراقلىشىپ كەتتى، بۇنىڭ ئورنىغا يانلىرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان، ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئاپتوموبىللار بارغانسېرى كۆپەيگىلى تۇردى. يول تارلاشتى، بەزى يەرلەردە يول توسۇلۇپ، بىر توختاپ، بىر مېڭىشقا توغرا كەلدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ماشىنىسى چوڭ يولدىن بىر ئارا كوچىغا بۇرۇلدى. بۇ كوچىنىڭ ئوڭ ـ سول تەرىپىدە ئېگىز بىنالار بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ ماشىنىسى تۆمۈر ۋادەكلىك بىر دەرۋازا ئالدىدا توختىدى. ۋادەكلەر ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۆي قەۋەتلىك بىناغا ئوخشايتتى.

— مۇشۇ ئۆيمۇ، كەلدۇقمۇ؟ — دەپ سورىدى ئەرمىش.

— كەلدۇق، مۇشۇ ئۆي، — دېيىشتى ئۇلار.

باغچە ئىچىگە ئايرىم ـ ئايرىم قىلىپ ئىككى ـ ئۈچ قەۋەتلىك بىنالار سېلىنغاندى، بۇ داچا دېيىلەتتى. ماشىنا ئوچۇق تۇرغان باغچە دەرۋازىسىدىن قورۇغا كىرىپ، بوك دەرەخلەر ئارىسىدىكى شېغىل يېيىتىلغان يول بىلەن ئىچكىرىلەپ كەتتى ۋە سۇس يېشىل سىرلانغان داچا بىناسىنىڭ ئالدىدىن ئىتتىك ئۆتۈپ ئارقىغا بۇرۇلدى، ماشىنىنىڭ سول يېنىدا ئەگىشىپ كېلىۋاتقان بىر كۈچۈك ھاۋشىيتتى. بۇ كۈچۈكنىڭ مويلىرى پاختىدەك ئاپئاق، قۇلاقلىرى ئۇچلۇق بولۇپ، خۇددى چوڭ بىر توشقانغا ئوخشايتتى. ماشىنا توختاپ، ئىشىكلىرى ئېچىلا ـ ئېچىلمايلا، ئۇ ئىگىلىرىگە ئەركىلىگىلى تۇردى، ئالدى بىلەن گۈلچىن ھەدىگە ئېسىلىپ، ئۇنىڭ يۈز ۋە قوللىرىنى يالاشقا باشلىدى.

— توختا، پامۇق[1]، توختا، جېنىم، قارا، سەن يارىماسنى ...، — دەيتتى گۈلچىن ھەدە.

---

① كۈچۈكنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى، پاختا دېگەن مەنىدە.

كۈچـۈك ئەرمـشــنــى كۆرۈپلا توختاپ قالدى، ئۇ: «بۇ كىمدۇ؟» دېگەندەك قىلىپ ئىگىلىرىنىڭ كۆزلىرىگە بىردىن قارد-ۋالدى ـ دە، كېيىن قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ، ئۆزىدىن ھېچ قورقماي قاراپ تۇرغان ئەرمىشنىڭ ئاياغلىرىنى، پاقالچاقلىرىنى پۇراشقا باشلىدى. ئەرمىش باقىر كوي يېزىسىدىكى ۋاقتىدا بۇ پا-مۇقتىن ئىككى ـ ئۈچ ھەسسە چوڭ چوپان ئىتلىرى بىلەن دوست بولۇپ ئوينايتتى. شۇڭا، ئۇ قورقۇش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە كۈچۈكنىڭ بېشىنى سىلاپ قويدى.

كۈچۈك بىر سەكرەپلا ئالدى پۇتلىرىنى ئەرمىشنىڭ مۈرىسىگە قويغانىدى، ئۇلارنىڭ بويلىرى تەڭلىشىپ قالدى. ئۇلار بىر-بىرىگە تىكىلىپ قېلىشتى.

ئەرمىش كۈچۈكنىڭ سالمىقى بىلەن سەنتۈرۈلۈپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى.

— ئاپىرىن ساڭا، ئەرمىش، ئاپىرىن، كالتە پاچاق! — دېدى جەۋات بەگ، — پامۇقنىڭ ئەركىلىشىدىن قورقماي ياخشى قىلدىڭ.

— كالتە پاچاق دېگىنى نېمىسى؟ — دېدى ئۇلار داچىغا كىرگىنىدە قۇلىقىنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئۇلارنىڭ كەلگىنىنى سەز-مەي قالغان ئاق چاچلىق موماي ئوغلىنىڭ شۇ سۆزىنى ئاڭ-لاپ، — ئامان ـ ئېسەن كەلدىڭلارمۇ؟ ۋۇي، بۇ كالتە پاچاق نەدىن كېلىپ قالدى؟ — دەپ ئەرمىشنىڭ جېنىغا تەگدى.

— مەن كالتە پاچاق ئەمەس، مېنىڭ ئېتىم ئەرمىش، — دەپ تونۇشتۇردى ئۇ ئۆزىنى.

ياشانغان ئانا ئوغلىدىن سورىدى:

— نېمە دەيدۇ بۇ بالا؟

— ئۆزىنى تونۇشتۇرۇۋاتىدۇ، مەن ئەرمىش، دەۋاتىدۇ، ئاپا! — دېدى جەۋات بەگ.

گۈلچىن ھەدە مومىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ، يۈزلىرىگە سۆ-يۈپ كۆرۈشتى. نەسرىن خانىم يېقىن كېلىپ ئۇنىڭ قولىغا سۆيۈپ

قويدى.

داچىنىڭ ئىشكى ئۇدۇل ئاستىنقى قەۋەتتىكى دالانغا ئېچىلاتتى. ھېلىقى يېقىملىق موماي دالاندىكى ئۇزۇن ساپالارنىڭ بىرىگە بېرىپ ئولتۇردى. ئەرمىش ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قارىدى، زەڭگەر كۆزلۈك، ماڭلىيىنى قورۇق باسقان بۇ مومايىنىڭ چوقچىيىپ چىققان ياڭاق سۆڭەكلىرىنىڭ ئۈستى قىزغۇچ ئىدى.

— ساڭا مەخسۇس بىر ھۇجرا ئاجرىتىلدى، ئەرمىش، — دېدى گۈلچىن ھەدە، — يۈر، كۆرسىتىپ قوياي.

دالاننىڭ ئوڭ - سول تەرەپلىرىدىكى تاختايلىق پەلەمپەيلەر بىلەن ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى كارىدورغا چىققىلى بولاتتى. كارىدورنىڭ ئىككى تەرىپىدىن بىرقانچە ھۇجرىنىڭ ئىشىكلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئۇلار يۇقىرىغا چىقتى. كارىدور خېلىلا ئۇزۇن، سول تەرىپىدە ئۈچىنچى قەۋەتكە چىقىدىغان يەنە بىر پەلەمپەي بار ئىدى. گۈلچىن ھەدە مەتىننى چاقىردى. «مەتىن دېگىنى كىم؟ ھەر ھالدا داچىدىكىلەرنىڭ ئوغلى بولسا كېرەك.» راست دېگەندەك مەتىن گۈلچىن ھەدىنىڭ ئىنىسى بولۇپ، ئۈچىنچى قەۋەتتە تۇراتتى. ئىككىنچى قەۋەتتە بولسا ئاپىسى بىلەن دادىسىنىڭ ھۇجرىسى ۋە ئارقا تەرەپتىكى باغچىغا قارايدىغان چوڭ بىر مېھمانخانا بار ئىدى. جەۋات بەگ بىلەن نەسرىن خانىمنىڭ ھۇجرىسى ئىككىنچى قەۋەت كارىدورنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىكى ئۆي ئىكەن. پۈتى ئاغرىق چوڭ ئانا بولسا تۆۋەنكى قەۋەتتىكى ئاشخانىنىڭ يېنىدىكى ھۇجرىدا يېتىپ قوپىدىكەن.

دېمەك، قەۋەتلەر ئۇلارنىڭ يېشىغا قاراپ تەقسىم قىلىنغان، بىرىنچى قەۋەتتە داچىدىكىلەرنىڭ ئەڭ ياشانغانلىرى، ئوتتۇرا قەۋەتتە ئوتتۇرا ياشلىقلار، يۇقىرى قەۋەتتە ياشلار تۇرىدىكەن. شۇ بويىچە بولغاندا، ئەرمىشكە ئۆينىڭ يۇقىرىسىدىن بىر يەر تېگىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، گۈلچىن ھەدە ئۆزى ياتىدىغان ئۆينىڭ يېنىدىكى ھۇجرىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ:

— مانا بۇ سىنىڭ ھۇجراڭ! — دېدى.
ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا كىچىك بىر كارىۋات قويۇلغان، بۇ ئۆي ئۆزىگە لايىق بىر ئۇستەل ۋە كىتاب جاۋىنى بىلەن بېزەلگەن، ئۆيگە يەنە ئورۇندۇق ـ ساپالارنىڭ كىچىكلىرى جايلاشتۇرۇلغاندى.
— تەرەتخانا بىلەن مۇنچا سول تەرەپتە، ئۇنتۇمىغىن ـ ھە، ئەرمىش! قانداق، يارامدۇ؟
يارامدۇ دېگەنمۇ گەپمۇ؟ ئەرمىش خۇشاللىقىدىن ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقانىدى. ئۇ دەرھال بېرىپ كارىۋاتنىڭ بېشىدىكى كىچىك چىراغنىڭ كۇنۇپكىسىنى بېسىپ باقتى، ئاندىن دېرىزە تۈۋىگە بېرىپ، پەردىلەرنى ئېچىپ تاشقىرىغا قارىدى. خېلىلا قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغاچقا، تاشقىرىدىكى ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايتتى.
گۇلچىن ئۇنىڭغا چۈشەندۇرۇشكە باشلىدى:
— سىنىڭ جوراڭمۇ ئارقىغا قارايدۇ، بۇ داچىنىڭ ھەممە ھۇجرىلىرى ئارقا تەرەپتىكى باغچىغا قارايدۇ، كۈندۈزى كۆرىدىغان بولساڭ تېخىمۇ خۇش بولىسەن. باغچىمىز پۈتۈنلەي دەرەخزارلىق ۋە گۇلزارلىق، دەل ئوتتۇرىسىدا چوڭ بىر كۆل بار، ئىچىدە قىزىل بېلىقلار ئۈزۈپ يۈرۈيدۇ.
— راستمۇ؟
— بۇنىڭدىن كېيىن بۇ بېلىقلارغا ناننىڭ يۇمشىقىنى ۋە يەملەرنى سەن بېرىسەن.
— راستمۇ؟
ئەرمىش قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قالدى.
— ئەتە داچىنىڭ ئىچىنى ۋە باغچىنى ئارىلاپ چىق، سېنى قىزىقتۇرىدىغان بىرمۇنچە نەرسىلەرنى تاپىسەن. سۇ ئۈزەلمىسەڭ كۆلگە يېقىن بارما جۇمۇ؟
— ماقۇل.
— كۆلدىكى سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى سىنىڭ بويۇڭچە بار. خەت ئوقۇيالايدىغان، يازالايدىغانلىقىڭنى ئاڭلىغانىدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇمۇ كەم قالمىسۇن، دەپ، كىتاب جاۋىنىڭغا باللار كىتابلىرىدىن

بىرقانچىنى تىزىپ قويدۇق. ئەتە قىلىدىغان ئىشلىرىمىزدىن بى-
رى، يېقىن يەردە بىر كىتابخانا بار، ئۇ يەرگە بېرىپ ساڭا يېڭى
كىتاب ئالىمىز.
— كىتابلارنى ئۆزۈم تاللىسامكەن.
— ئەلۋەتتە، ئۆزۈڭ تاللايسەن.
— بالىلىقىڭىزدا كۆپ كىتاب ئوقۇغانمىدىڭىز؟
گۈلچىن ھەدە گەجگىسىنى تاتىلاپ:
— ئوقۇغان، لېكىن ئانچە كۆپ ئەمەس، — دېدى.
— نېمىشقا؟
— ۋاي تاڭەي ... مەتىن بىلەن ئىككىمىز كىتاب ئوقۇشتىن
كۆرە كۆپرەك «ئاغچايلام» ۋە باشقا ئويۇنلارنى ئويناشنى ياخشى
كۆرەتتۇق.
— مەتىن، مەتىن دەيسىز، ئۇ كىم؟
— مەندىن ئىككى ياش كىچىك ئىنىم.
— دېمەك، سىز ئۇنىڭ ھەدىسى بولىسىز، شۇنداقمۇ؟
— شۇنداق.
— ئۇ قەيەردە؟
— تالادا دوستلىرى بىلەن تاماشا قىلىپ يۈرسە كېرەك.
ھېلى كىرىدۇ.
— بويى قانچىلىك؟
— مېنىڭ بويۇمدىن بىر غېرىچ ئېگىز.
— ھە؟ — دېدى ئەرمىش.
— شۇنداق، — دېدى گۈلچىن ھەدە، — ئامال قانچە.
ئوغۇللارنىڭ بويى قىزلارنىڭكىدىن ئومۇمەن ئېگىز بولىدۇ.
— بىراق، ئۇ سىزدىن ئىككى ياش كىچىك - دە؟
— ئىلگىرى مەن ئۇنىڭدىن ئېگىز ئىدىم، كېيىن ئۇ ماڭا
يېتىشىۋالدى ۋە مەندىن ئۆتۈپ كەتتى. كۆڭلۈمنى يېرىم قىلما،
قوزام، ئەتە - ئۆگۈن سەنمۇ ئۆسۈپ يوغانلا بىر يىگىت بولىسەن.
بويۇڭ ئۆزۈڭ بىلەن دېمەتلىك قىزلاردىن ئېشىپ كېتىدۇ.

— بىزنىڭ يېزىدا تۇتى دەيدىغان بىر ئايال بولىدىغان، — دەپ چۈشەندۇردى ئەرمىش، — ئۇنىڭ بويى نۇرغۇنلىغان ئەرلەر-نىڭكىدىن ئېگىز ئىدى، بەزىلىرى بىلەن تەڭ كېلەتتى. شۇڭا، ئۇنى كىشىلەر: «تۇتى ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىمۇ تۇتۇۋالالايدۇ» دېيىشەتتى. بەزىلەر ئۇنى: «ئانىسى خەيرىيە بېشىدىن قوغۇشۇن ئېقىتىپ داخانغا كۆپ ئوقۇتقانلىقتىن شۇنداق بولۇپ قالغان» دېيىشىدۇ، داخانغا ئوقۇتسا، قىزلار تۇتى خوتۇنغا ئوخشاش ئۆسەر-مىش.

— ئۇنداق گەپلەرگە قۇلاق سالما. تۇتى خوتۇنغا ئوخشاشلار-دىن مىڭدىن بىرى ئۇچرايدۇ. ئۇنداق قوناق شېخىدەك قىزلارنى كىم ياخشى كۆرىدۇ، كىم ئالىدۇ؟

ئەرمىشمۇ گۇلچىن ھەدىنى دوراپ:

— ئۇنداق گەپلەرگە قۇلاق سالما، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تۇتى خوتۇن ئۈچ قېتىم ئەرگە تېگىپ ئايرىلىپ كېتىپتىكەن، — دېدى.

— مۇشۇ كالتە پاچاق بويۇڭ بىلەن بىلمەيدىغىنىڭ يوق - ھە، سىنىڭ، ئەرمىش.

— جەۋات بەگ تاغام كالتە پاچاق دېدى، چوڭ ئاپام كالتە پاچاق دېدى، سىزمۇ كالتە پاچاق دەۋاتىسىز، بۇ قانداق گەپ! ئەمدى مېنىڭ ئېتىم كالتە پاچاق بولۇپ قالدىمۇ؟

— ساڭا ئوخشاش ئۆزى كىچىك، قىلىقى چوڭلارنى كالتە پاچاق دەيدۇ، ئەرمىش.

— مەن چوڭ بولغىنىم يوق.

— يېشىڭ كىچىك بولسىمۇ، ئەقلىڭ چوڭ، چوڭ ئادەملەر-دەك گەپ قىلىسەن، گويا چوڭ ئادەمنى كىچىك قىلىپ قويغاندەك. بۇنداق دېگەنلىك سېنى چۈشۈرگەنلىك ياكى يامان كۆرگەن-لىك ئەمەس، ئەكسىچە، ئەقىللىق سۆزلىرىڭنى، قىلىقلىرىڭنى ماختىغانلىق.

— ئېغ... — دەپ جاۋاب قايتۇردى ئەرمىش — بىلىۋاتىمەن،

چوڭلۇق سىلەر چوڭلارغىلا يارىشىدىكەن، ياشتا كىچىك، بويىمىز قىسقا بولغىنى كەمچىلىك ھېسابلىنىپ، «چوڭ ئادەمنى كىچىكلى-تىپ قويغان» بوپقاپتۇق ـ دە.

— ۋاي تاتلىقىم، جېنىم! ساڭا گەپتە ھېچكىم تەڭ كېلەلمەي-دىكەن ...

گۈلچىن ھەدە شۇنداق دېگىنىچە ئۇنى يەردىن يۇلۇپ ئېلىپ ئېگىز كۆتۈرۈۋالدى. ئەرمىش كۆرۈنۈشتە سېمىز بولسىمۇ، پاخ-تىدەك يېنىك ئىدى، ياكى گۈلچىنگە نىسبەتەن شۇنداق ئىدى. ئەرمىش ئۆزىنى مۇنداق قۇچاقلاپ كۆتۈرۈشنى ياقتۇرمىدى. شۇڭا، يەرگە چۈشۈپ كەتمەكچى بولۇپ ھەپىلەشتى، قويۇپ بېرىل-گەندە، قوللىرىنى ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ، ھۇجرىسىنى كۆزدىن كەچۈرۈشنى داۋاملاشتۇردى، كىيىم ـ كېچەك ئىشكاپى-نىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ باقتى، ئۇنىڭدىنمۇ ۋاز كېچىپ، كىتابلار-غا سىنچىلاپ قارىدى. ئۇ تۇيۇقسىز تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك:

— ھېلىقى خان ئانامنىڭ ئىسمى نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— مۇساۋەت خانىم.

— مۇساۋەت خانىم؟

— بۇ سەن چۈشەنگەندەك «تەڭداش»، «تەڭ دېمەت» دېگەن مەنىدە.

— ھە توغرا، نېمە ئۈچۈن تەڭداش ياكى تەڭ دېمەت دېمەي، مۇساۋەت دەيسىلەر؟

— كونا ئىسىملار بىر ئاز غەيرىي بولىدۇ. ئوسمانىيە دەۋرىدە تىلىمىز ئوسمانىيچىگە ئۆزگەرتىلىپ، چەت تىللاردىن سۆز ـ ئاتالغۇلار قوبۇل قىلىنغانىكەن، قانداقلا بولسۇن، بۇلارنى سەن مەكتەپكە بارغاندا ئۆگىنىسەن.

— ئۇ قانچە ياشتا؟

— يەتمىشكە تاقاپ قالدى.

— ئالجىپ قالمىغاندۇ؟

— ياق، كۆز تەگمىسۇن، جىنىدەك بىر موماي، بۇنى قانداقچە

سوراپ قالدىڭ؟

— بىزنىڭ يېزىدىكى ياشانغان كىشىلەر بىلەن سىلىشتۇرغۇم كېلىپ قالدى. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۇرۇشنى كۆرگەن، دائىم ئۆتكەن يىللارنى ئەسلىشىدۇ.

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسەن، ئەرمىش، — دېدى گۈلچىن ھەدە ئۇنىڭغا، — بۇ ھال ئومۇمەن ياشانغانلارنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتى. ئۇلار شۇنچە ياشاپ، نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن تۇرسا، ئۆتكەن يىللارنى ئۇلار سۆزلىمەي، بىز سۆزلەتتۇقمۇ؟ بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىرىنى، ئۇنتۇلماس چۆچەكلەرنى ئاڭلاشنى خالىساڭ، مومام مۇساۋەتنىڭ يېنىغا بار. تىلىدىن بال تامىدۇ. بىراق، ئۇ ھازىر ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇپ قالدى، پۈت ئاغرىقىدىن قوتۇلالماي يۈرىدۇ. بۇرۇن كۆرگەن بولساڭ ئىدىڭ، پاھ، ئۆيىمىزنىڭ تۈز - تەمى، دورا - دەرمىكى ئىدى ئۇ.

داچىدا تاماقلارنى مۇساۋەت خانىم ئېتەتتى. بازاردىن ئەكېلىدىغان سودىلىقلارنى نەسرىن خانىم قىلاتتى. بۇ داچا خادىكوينىڭ ئەرەنكوي رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، دېڭىزغا يېقىن ئىدى. دەرۋازىدىن كۆن بويى چۆپقەت سودا - سېتىقچىلار نېرى بولمايتتى، جەۋات بەگمۇ كەچقۇرۇن قايتىشىدا سومكىسىدا يېمەك - ئىچمەكلەرنى ئالغاچ كېلەتتى، قوشنا - قولۇملار بۇ ئائىلىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى.

ئەرمىش كەچلىك تاماقتا مەتىن ئاكا بىلەن كۆرۈشتى. مەتىن ئاكا ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، ناھايىتى خۇشخۇي يىگىت ئىدى. ئۇ كۆپىنچە مومىسى بىلەن چېقىشاتتى، ئۇنى «مېنىڭ تاتلىق ئالجىغىنىم» دەپ ئەركىلىتەتتى. ئۇ ئەرمىش بىلەنمۇ چىقىشىپ كەتتى.

— گەپ قىل، كالتە پاچاق، سەن ئەرمىشمىسەن ياكى دەرۋىشمىسەن؟

ۋاي خۇدايىمەي، بۇلارنىڭ ئاغزىدىن كالتە پاچاق دېگەن گەپ چۈشمىدىغاندەك ئەمەس. كالتە پاچاق ئاقچى، كالتە پاچاق

كۆكچى...

— ھەي، تىلىڭنى تارت! ئەرمىشنى كالتە پاچاق دېمە! — ئاگاھلاندۇردى گۈلچىن ھەدە ئۇنى، — ئۇنداق دېسەڭ ئەرمىشنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويىسەن.

— ئاچچىقى كەلسە نېمە بوپتۇ، ئۇراتتىمۇ مېنى؟ — قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى مەتىن ئاكا.

— ئۇرمايدۇ، لېكىن كۆڭلىگە كېلىدۇ.

— ھەي كالتە پاچاق، راستتىنلا كۆڭلۈڭگە كېلەمدا؟

ئەرمىش:

— ئاغزىڭلارغا كەلگىنىنى دەۋېرىڭلار، ھېچقايسىڭلارنىڭ سۆزى كۆڭلۈمگە كەلمەيدۇ! — دەپ، ئۇلارنى يەنە بىر قېتىم تاڭ قالدۇردى.

مەتىن ھەدىسىگە قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى:

— ئاڭلىدىڭمۇ، چىرايلىقىم؟

— بۇ بالا قىزىقتۇ!

— بۇ بالا دەھشەتتۇ! — دېيىشتى باشقىلار.

— باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇپ نېمە قىلىسەن؟ سېنى بىراقلا ئۇنىۋېرسىتېتقا بېرەيلى، كالتە پاچاق! — دەپ چاقچىقىنى داۋاملاشتۇردى مەتىن ئاكا.

ئەرمىش بۇ ئاكىسىغا گەپ بەرمەسلىكنى كۆڭلىگە پۈكتى. داستىخان ئۈستىدە ئۇنىڭغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈۋالغاندىن كېيىن بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ دېدى:

— ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەنلىكىڭ ئۈچۈن ساقىلىڭنى قويۇۋاپسەن - دە؟ مېنىڭ تېخى ساقىلىم يوق، ساقىلىم چىقسۇن، ئاندىن بىر گەپ بولار...

ھەممەيلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى، مۇساۋەت خانىم يا ئاڭلىدى، يا ئاڭلىمىدى بولغاي، ئىشقىلىپ، كۈلگەنلەرگە ئەگىشىپ قويدى.

— قانداق، مەتىن، ئەمدى تويغانسەن؟

— ئەزبىرايى، تويدۇم، — دېدى مەتىن، — راسا تەگكۈز-دى، ھەممىمىزنى يەرگە ئۇردى، كۆرۈلمىگەنلا بىر بالىغۇ بۇ. تىنچلىق بولسا، بۇ ئۆيدە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ۋەقەلەر ئەمدى بولۇپ تۇرىدىغان ئوخشايدۇ، ماڭا قارا، كالتە پاچاق! قوبۇل قىلساڭ قىل، قىلمىساڭ ئىختىيارىڭ، بۇنىڭدىن كېيىن سېنىڭ ئىسمىڭ كالتە پاچاق بولىدۇ. بۇ ئىسىم ساڭا تازا باب كېلىدىكەن.

ئۇ مومىسىغا قارىدى:

— مېنىڭ تاتلىق ئالجىغىنىم! بىز بۇنىڭدىن كېيىن بۇ چېچەن يىگىتنى ئەرمىش دېمەي، كالتە پاچاق دەيلى، ھېچبولمى-غاندا مەن شۇنداق دەيمەن، ئۇقۇپ قويۇڭلار - ھە.

— بىلمەن سېنى! — دېدى خان ئانا نەۋرىسىگە چىراي ئاچماي تۇرۇپ، — كىشىلەرگە ئات قويۇشقا سەندىن ئۇستىسى يوق.

— تونتۇنۇم[1]، خاپا بولمىساڭچۇ! سېنى تاتلىق ئالجىغىنىم دېگىنىم ياخشى كۆرگەنلىكىم، ئۆزۈڭمىغۇ شەيتانغا كۈلاھنى تەتۈر كىيگۈزۈپ، ھەممىمىزنى ئالىقىنىڭدا ئوينىتىسەن.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى نەسرىن خانىم «مۇ» قوشۇمچىسىنى ئالاھىدە سوزۇپ.

— مۇشۇ ئاپامىغۇ قىينانىسىنى زادى ماختىمايدۇ، — دەپ تېخىمۇ چېقىشتى مەتىن، — قاچانلا بولسا ئۇنىڭ بىلەن ئېتىشقىنى ئېتىشقان.

نەسرىن خانىم قولىنى كۆكسىگە قويۇپ دېدى:

— كىم، مەنمۇ؟ خاتا ئېيتىۋاتىسەن...

تاماق ئەنە شۇنداق كۈلكە - چاقچاقلار بىلەن يېيىلدى.

تاماقتىن كېيىن ئەرمىشنىڭ ئۇيقۇسى كېلىپ كۆزلىرى يۇ-مۇلۇپ كەتتى. تاماقتا ئۇ ھەممىدىن بەكرەك بىلىق گۆشىدىن ۋە مەتىن ئاكىسىدىن خۇش بولغانىدى. ئۇ ھېچقايسىسىغا ئوخشىمايت-

---

[1] تونتۇن — ياخشى كۆرگەن نەرسىسى، ئەركىلىتىپ ئېيتىلىدىغان سۆز.

تى. «ئەر ئەرنىڭ قاياشى» دېگەندەك، ھېچكىمنىڭ چاقچىقى ھېچ-كىمگە تېگىپ كەتمىدى.

نەسرىن خانىم ئەرمىشنى ئۆزۈم ياتمەن، دېگىنىگە قارىماي ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ ياتقۇزدى.

— چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتەيمۇ ياكى پەسلىتىپ قويايمۇ؟

— ئۆچۈرۈۋېتىڭ، — دېدى ئەرمىش.

— بولىدۇ، كېچەڭ خەيرلىك بولسۇن، ياخشى چۈش كۆر!

— سىزمۇ...

نەسرىن خانىم ئۇنىڭ ئۈستىنى يېپىپ قويدى ۋە چىراغنى ئۆچۈرۈپ قايتىپ چىقتى. ئۇ تۆۋەنگە چۈشكەندىن كېيىن، نەچچە كۈندىن بېرى بولۇۋاتقان مەسلىھەت ئۈستىدە گەپ باشلاندى: گۈل-چىنىگە ئەلچى كىرگەن، يېقىندا تويى بولماقچى ئىدى.

مەتىن ئوتتۇرىغا بىر سوئال تاشلىدى:

— مېھرىبانلىرىم دادا، ئاپا! ھەدەم ئۆيدىن چىقىپ كەتسە مەن قانداق قىلىمەن؟ كالتە پاچاق بىلەن بەشتاش ئوينامدىم؟

— ئوغلۇم، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، سېنىڭمۇ نۆۋىتىڭ كېلىدۇ، سېنىڭمۇ بېشىڭنى ئوڭشايمىز! — دېدى نەسرىن خانىم.

— ئەمدى نېنىدىڭنى تېپىپ يېگۈدەك بولدۇڭ، — دېدى دادىسى، — ئالدىڭدا تېخى ئەسكەر بولۇش ئىشى بار.

مەتىن گورىللا مايمۇنلىرىدەك مەيدىسىگە ئۇردى:

— يامىنى كەلسە ئۆز نېنىمنى ئۆزۈم تېپىپ يەيمەن، ھازىرمۇ ئۆزۈم تېپىپ يەۋاتىمەنغۇ.

— شۇنداقمۇ! — دەپ تەنە قىلدى ئانىسى، — تېخىچە ئاپاڭنىڭ قولىغا قاراۋاتىسەن.

— قانداق قىلاي، جېنىم ئاپا، دۇنيانىڭ قانۇنى شۇنداق، سەن دادامدىن قاقتى - سوقتى قىلىسەن، مەن سەندىن...

نەسرىن خانىم قاشلىرىنى ھىمىرىپ يۇقىرىغا قارىدى.

— يۇقىرىدا ياتقان بالىمىز بۇنى ئۇقمىغىنى ياخشى!

— كالتە پاچاقنى دەمسەن، ۋاي جېنىم، ئۇنى بىلمەيدۇ

دەمسەن، بۇ چاغقىچە ئاڭلاپ بولدى دېگىنە.
— ئوغلۇم، — دېدى جەۋات بەگ، — كىچىك بالا ھەرقانچە بىلەرمەن بولسىمۇ، ھەممىسىنى بىلىپ كېتەلمەيدۇ.
— لېكىن كالتە پاچاق بىلىدۇ. دادا، جەزمەن شۇنداق.
گەپ ئەمدى ئەرمىشكە يۆتكەلدى، ئۇنى بۇ يەردىمۇ مۇتەخەسسىسلەرگە كۆرسەتمەكچى، بىر تەلىم - تەربىيە پروگراممىسى تۈزمەكچى بولۇشتى.
— ھە راست، — دېدى جەۋات بەگ ئالىقىنىنى پېشانىسىگە ئۇرۇپ، — نېمىشقا ئېسىمىزگە كەلمىگەندۇ؟ سىلەرمۇ بىلىسىلەر، باغۇەن ھىدايەت ئاكا ئىشتىن چېكىنىش يېشىغا تولغانلىقى ئۈچۈن يېزىسىغا قايتىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا ئەرمىشنىڭ دادىسىنى بۇ يەرگە چاقىرتساق بولمامدۇ؟
— ئۇ ھەممىدىن دادىسىنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن.
— ياخشىكەن، بىراق ئۇ ئادەم كېلەرمۇ؟ كېلىدۇمۇ دەيلى، باغقا قارىيالارمۇ؟
گۈلچىن سۆز قىستۇردى:
— مېنىڭچە قارىيالار، باغقا قارىيالمايدىغان سەھرالىق يوقتۇ.
— چىرايلىق قىزىم، بىراق ئوغلى بىلەن دادىسىنى بىر يەردە ياتقۇزغىلى بولمايدۇ. دادىسى باغۇەننىڭ ياتاقخانىسىدا، بالا ئۆز ھۇجرىسىدا ياتسۇن.
— بولارمۇ؟
— نېمىشقا بولمايدۇ؟
— ئۇنداق قىلساق ماڭا نېمىشقىدۇر بولمايدىغاندەك، قاملاشمايدىغاندەك قىلىدۇ.
— بۇ قارىشىڭغا قوشۇلمايمەن، ئاپا! — دېدى مەتىن ساقىلىنى سىلاپ، — كالتە پاچاقنىڭ دادىسى يېزىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. يېزىدىكى ماكانى قانداق، راۋۇرۇس ئۆي - جايى بارمۇ - يوق، كىم بىلىدۇ دەيسەن؟ لېكىن، كالتە پاچاقنىڭ ئىشى باشقا گەپ!

ئۇنى بۇ يەرگە يېزىدىن ئايرىم، باشقىچە بىر تۇرمۇشقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئەكەلدۇق.

گۈلچىن ئىنىسىنى قوۋۋەتلىدى:

— ئىنىم توغرا ئېيتىدۇ، ئاپا، ھەر كىم شۇغۇللانغان ئىشىغا قاراپ ھايات كەچۈرىدۇ، باغۋەن ئۈچۈن ئايرىم ياتاقخانا تۇرسا، يەنە ئۇنى داچىنىڭ ھۇجرىلىرىدا ياتقۇزغان نەدە بار؟ بۇنى كۆرمەك تۇگۇل، ئاڭلاپمۇ باقمىغانىكەنمەن.

— نېمە بوپتۇ، ئۇمۇ ئادەم ئەمەسمۇ؟ ئۇلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋەتسەك ئاتىسىغا ئېغىر كەلمەمدۇ؟

— مېنىڭچە، بىكاردىن - بىكار مۇنازىرىلىشىۋاتىسىلەر، — دېدى جەۋات بەگ، — سۇنى كۆرمەي ئۆتۈك سالپتۇ، دېگەن شۇ - دە. ئادەم كەلدىمۇ، ئۇنى كۆردۇقمۇ؟ ئۇيقۇڭلار كەلمىدىمۇ تېخى؟ — جەۋات بەگ كېرىلىپ ئەسنىدى، — مەن بېرىپ ياتاي، ئەتە سەھەر تۇرۇپ ئىشقا بېرىشىم كېرەك.

ھەممە جىم بولۇپ قالدى.

ھەممىسى بىر - بىرىگە خەيرلىك كېچىلەر تىلىشىپ، ھۇجرىلىرىغا كىرىپ كېتىشتى.

ئەرمىش ئەتىسى ئەتىگەندە باغچىدا ھىدايەت ئاكا بىلەن تونۇشتى. ھىدايەت ئاكا يەرگە ئىشلەپ يورۇپ، يۈز - كۆزىنىڭ بىر يېرى سېرىق، بىر يېرى قارا، توپا چىراي بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ بۇ داچىغا ئون سەككىز يېشىدا كەلگەن، ئارىدىن قىرىق بەش يىل ئۆتكەن، بۇ باغچىنى بەش قولدەك بىلەتتى. ئەمدى يېزىسىغا قايتىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى نەۋرىلىرى ۋە خېلى بورۇنلا بەللىرى مۈكچەيگەن خوتۇنى بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈشنى خالايتتى.

ئۇ ئەرمىشنى ئۆزىگە ئوخشاش سەھرالىق ئەمەس دەپ ئويلاپ:

— نەۋرىلىرىم مېنى تونۇمايدۇ، كىچىك بەگ، — دېدى، — ئۇلار ئالتە - يەتتە بولۇپ كېتىپتۇ. بىر - ئىككىسىنى تىزلىرىمغا ئېلىپ، شەھەردە كۆرگەن - بىلگەنلىرىمنى سۆزلەپ بەرسەم دەيمەن، ئېيتقانلىرىمغا بەلكىم ئىشىنەر، بەلكىم ئىشەنمەس. بوۋى-

مىز بىزگە چۆچەك ئېيتىپ بېرىۋاتىدۇ، دېسىمۇ دەر. ئۇلار ئېيت-
قانلىرىمىنىڭ راست ئىش ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلسۇن؟ دېمەكچى
بولغىنىم، مېنى تۇغۇلغان يېرىم ئۆزىگە تارتىۋاتىدۇ، كىچىك
بېگىم.

— بۇ يەردە قىرىق بەش يىللىق ھاياتىڭىزنى ئۆتكۈزگىنىڭىز-
گە قارىغاندا، — دېدى ئەرمىش، — گۈلچىن ھەدەم بىلەن مەتىن
ئاكامنىڭ تۇغۇلۇشىنىمۇ بىلىدىكەنسىز - دە؟

— ۋاي بالام، ئۇلاردىن باشقا نى - نى ئىشلارنى بىلمەيدۇ
دەمسەن! مەندىن ھازىر بۇ ئائىلىنىڭ باشلىقى بولغان جەۋات بەگنى
سورىغىنا، ئۇنى بوۋاق ۋاقتىدىن تارتىپ بىلىمەن. جەۋات بەگنىڭ
دادىسى خەيرى پاشانى سورا، مۇساۋەت خانىمنىڭ ياش ۋاقتىلىرىنى
سورا، نېمىنى سورىساڭ سورا!

— ھەممىسىنى بىلەمسىز؟

— بىلىمەن، ئەلۋەتتە، بىلىمەن. خەيرى پاشاغا خۇدا رەھمەت
قىلسۇن. ئۇ شۇنداق ئوچۇق قول، مەرد ئادەم ئىدىكى، ئۇنىڭدەك
يوقسۇللارنى يۆلەيدىغان كىشى دۇنيادا يوق ۋە بولۇشىمۇ مۇمكىن
ئەمەس. ئۇنىڭ بىرلا كەمچىلىكى، ئىچىۋالاتتى، ئۇنى بەزى كېچىد-
لىرى ھامماللار ھاپاش قىلىپ دەرۋازا تۈۋىگە ئەكېلىپ قويغىنىنى
كۆزۈم بىلەن كۆرگەنمەن. ئىچىۋالغان كۈنى كۆرگەننى ئۇرۇپ
چاقاتتى. خىزىردەك بىر ئادەمنىڭ ئاغزى شارابقا تەگسە قانداق
قىلىپ بۇنداق ساراڭدەك بولۇپ قالىدىغانلىقىغا مەنمۇ ھەيران بو-
لاتتىم. كۈندۈزى سەندىن ھال - ئەھۋال سورىغان كىشى كېچىسى
كۆزلىرىگە قان تولۇپ، سېنى قامچىلىغىلى تۇرسا، بۇ ئىش ئەق-
لىڭگە سىغامدۇ؟ ئېھ، ئۇ زامانلاردا ئىنسانلار باشقىچە ئىدى.
بۇلار سەن كېلىشتىن ئىلگىرى، ناھايىتى ئەقىللىق، ئەۋلىيادەك
بىر بالىنى ئەپكەلگىلى بارىمىز، دېيىشكەنىدى. مەن ساڭا شۇنىڭ
ئۈچۈن سۆزلەپ بەردىم، سىرىمنى ئېيتىپ كۆپ سۆزلەپ قويغان
بولسام ئەپۇ قىل!

ئاغزىدا چىشلىرى قالمىغان قېرى باغۋەننىڭ سۆزلىرىدىن

كۆپ تەسىرلەنگەن ئەرمىش كېيىن كۆلنىڭ بويىغا باردى. كۆلدە بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئويناپ يۈرگەن قىزىل ئالتۇنبېلىقلارغا بىر هازا قاراپ، ئاغزى ئېچىلىپ قالدى. «قۇياش نۇرى قىزارتىۋەتكەندىمۇ ئۇلارنى؟ قۇياش سۇدىكى جانلىقلارنى قانداق قىزارتالايدۇ؟» ئۇ قولىنى سۇغا سېلىۋىدى، بېلىقلار تەرەپ - تەرەپكە قېچىشتى. كۆلنىڭ تېگى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بەزى يەرلىرىنى يېشىل مۇخلار ۋە نېلۇپەر يوپۇرماقلىرى قاپلىۋالغانىدى.

— كالتە پاچاق، كالتە پاچاق، قېنى سەن؟ — گۈلچىن هەدە دېرىزىدىن ۋارقىرىدى.

— مەن بۇ يەردە، كۆل بويىدا، — دەپ جاۋاب قايتۇردى ئەرمىش.

— يۇقىرىغا چىققىن، ساڭا گېپىم بار.

— مانا هازىر!

ئەرمىش نېمىشقا چاقىرىلغانلىقىنى ئۇقۇپ خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي سەكرەپ كەتتى. داچىدىكىلەرنىڭ هەممىسى باقىركويدىن يالاڭ تۆش رەمزىنى — ئۇنىڭ دادىسىنى هىدايەت ئاكىنىڭ ئورنىغا ئەكېلىشكە قوشۇلغانىدى.

— داداڭنىڭ بۇيەردە، سېنىڭ يېنىڭدا بولۇشىنى خالامسەن؟ «جاهاندا مىڭ كىشى، كۆڭۈلدە بىر كىشى» دېگەن گەپ بار. ئەرمىش قانداقسىگە دادىسىنىڭ يېنىدا بولۇشىنى خالىمىسۇن؟

— ئۇنداق بولسا بۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئۆز قولۇڭ بىلەن خەت ياز، — دېدى گۈلچىن هەدە.

«جېنىم دادا، — دەپ باشلىدى خەتنى ئەرمىش، — سېنى، ئاپامنى، ئىككى ئاكام، ئىككى هەدەمنى بەكمۇ سېغىندىم. ساڭا بۇ يەردە، يەنى مەن هازىر تۇرۇۋاتقان داچىدا بىر ئىش تېپىلدى. قوبۇل كۆرۈپ كەلسەڭ، بۇ يەرنىڭ باغۋىنى بولىسەن. باغچە خېلى چوڭ ۋە رەتلىك، يېمەك - ئىچمەك پۇلسىز، باغۋەنىنىڭ ياتىقىدا يېتىپ قوپىسەن، ئايدا 1500 لىرا ئىش هەققى ئالىسەن. بايا مەن باغچىدىكى كۆلچەكتە ئۈزۈپ يۈرگەن ئالتۇنبېلىقلارنى تاماشا قىل-

دىم، — دەپ داۋاملاشتۇردى خېتىنى ئۇ، — يېزىدىكى ئىشلارنى ئاپام ۋە قېرىنداشلىرىم قىلىپ تۇرىدۇ، بۈگۈن ساڭا يول خىراجى-تى ئۈچۈن پوچتىدىن 200 لىرا ئەۋەتىپ بېرىمىز. كەلمىسەڭ، ئۆزۈڭلار خەجلەپ مېنى ئەسلەپ قويۇڭلار، ھەممىڭلارنىڭ قوللى-رىڭلاردىن سۆيىمەن. ئادرېسىم تۆۋەندە بار. بۇ خەتنى يازدۇرغان گۈلچىن ھەدەمدىن ھەممىڭلارغا سالام.» خەتنىڭ ئاخىرىغا ئەر-مىش: «جېنىم دادا، داچىدىكىلەر ياخشى كىشىلەر» دەپ قوشۇپ قويدى.

ئەرمىش دادىسىنىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتى، كۈتكەنسېرى كەلمەيتتى. ئۇ خەت بىلەن پۇلنى پوچتىغا سالغان كۈننى ئەمەس، ھىدايەت ئاكىنىڭ داچىدىن كەتكەن كۈننى سان-غىلى تۇردى.

ھىدايەت ئاكىغا رۇخسەت بېرىشىپ، ھېساب - كىتاب قىلى-شىپ، بىر - بىرىدىن رازى بولۇشۇپ، ئۇنىڭ بۇ يەردىن كەتكىنى-گىمۇ ھەپتە - ئون كۈن بولغانىدى.

ئەرمىش ئەتىگەنلىكلىرى ئويغىنا - ئويغانمايلا دېرىزىگە يۈگۈ-رەيتتى، كۆڭلىدە دادىسىنى بىر سەھەردە باغچىدا كۆرىدىغاندەكلا ھېس قىلاتتى. ئۇنى كۆرەلمىگەنچە ئۇمىدسىزلىنەتتى، داچىدىكى-لەرنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭدىن «داداڭ كېلەرمۇ؟ كەلسە قاچان كېلەر؟» دەپ سورىمايتتى، پەقەت بىر قېتىملا مەتىن ئاكىسى چېقىشىپ:

— كالتە پاچاق، داداڭ سېنى ئۇنتۇپتۇ! — دېدى.

— دادام مېنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ! — دەرھال جاۋاب قاي-تۇردى ئەرمىش.

يېزىلارغا، چەت - ياقا جايلارغا خەت قانچە كۈندە بارار ۋە قانچە كۈندە جاۋابى كېلەر؟ دادىسى كەلمەيدىغان بولسا: «ئوغلۇم بارالمايمەن!» دەپ خەت يازار ئىدى.

ئەرمىشنىڭ دادىسى خەت يازالمايتتى، ساۋاتسىز ئىدى. بى-راق، يېزا باشلىقىغا يازدۇرغىلى بولاتتى. ھېچبولمىغاندا ئىككى

قۇر خەت بىلەن گەپنى ئايرىۋەتسە بولاتتى...
گەپنىڭ قىسقىسى، ئەرمىش كۆنلەرنى بىر ئۈمىدلىنىپ، بىر ئۈمىدسىزلىنىپ ئىنتايىن تەسلىكتە ئۆتكۈزدى. گۈلچىن ھەدىسىدىنىڭ يېقىندا تويى بولىدىغانلىقى، ئۆيدىن چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتقان ۋاقىتلاردىمۇ، ئۇ بۇ گەپلەر بىلەن ئانچە كۆڭۈلشىمىدى. ئەپسۇسكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەقىقىي دوستلۇق ئورنىتىلغاندى. ئۇ ئىككىسى كۈن بويى بىللە تاماشا قىلاتتى. گۈلچىن ھەدە ئۇنى بىرقانچە قېتىم دېڭىز بويىدىكى چۆمۈلۈش ئورنىغا ئېلىپ باردى، ئەرمىش دېڭىزنى كۆرۈپلا قالماي، باشقىلارغا ئوخشاش قىپيالىڭاچ سۇغا چۈشكەن، دېڭىزدا ئۇنىڭ بىلەن سۇ چېچىشىپ ئوينىغاندى. گۈلچىن ھەدە ئۇنى ئىككى قولى بىلەن ئوڭدا ياتقۇزۇپ ۋە بويىنى بىلەن دۈمبىسىدىن تۇتۇپ سۇدا ئۈزدۈرۈپ ئويناتقاندى.
نېمە ئۈچۈندۇر ئەرمىشنىڭ ئېسى - يادى دادىسىدا قالدى، ئۇنى خىيالىدىن چىقىرالمايتتى.
شۇنداق قىلىپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يالاڭ تۆش رەمىز باقىركويدىن داچىغا يېتىپ كەلدى. ئەرمىش ئەتىگەندە دېرىزىدىن قارىغاندا باغچىدا ھېچكىمنى كۆرۈنمىگەندى. شۇڭا، ئۇنىڭ كەچقۇرۇن — قاراڭغۇ چۈشكەندە كېلىشى ئوغلىنى خۇشال قىلىش ئورنىغا چۆچۈتىۋەتتى، ئۇ ئۈمىدلەر ئۈزۈلگەن، كۈتۈلمىگەن بىر ۋاقىتتا كەلگەندى. ئۇ قولۇپى بۇزۇق بولغانلىقى ئۈچۈن تانا بىلەن چىڭ ئوراپ تېڭىلغان ياغاچ ساندۇقنى كۆتۈرگەن ھالدا كىرىپ كەلدى. دەرۋازىنى ئېچىپ بەرگەن گۈلچىن بېشىغا قالپاق كىيگەن، روھسىز قىياپەتتىكى بۇ سەھرالىقنى كۆرگەندە ھېچقانداق ياتلىق ھېس قىلماي:
— سىز ئەرمىشنىڭ دادىسىغۇ؟ — دەپ سورىدى.
— شۇنداق، — دېدى رەمىز ئارانلا بېشىدىكى قالپاقنى قولىغا ئېلىپ.
ئۇ ئۇن - تىنسىز تۇراتتى، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرى

بىلەن ياش قىزنىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە قارايتتى، دالاندىن ئوغلى-نى ئىزدەيتتى.

بۇ چاغدا ئەرمىش يوقىرىدا — ئۆز ھۇجرىسىدا كىتاب ئوقۇۋا-تاتتى.

— ئەرمىش، ئەرمىش، قارىغىنا، كىم كەپتۇ، — دەپ ۋارقىرىدى گۈلچىن ھەدە.

— دادامىۇ، دادامىۇ؟

— ھەئە، بول!

رەمىز ئىشىك ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇراتتى. ئاتا - بالا بىر - بىرگە ئېسىلىشتى، كېيىن ئۇلار ئۆيگە باشلىنىپ، تاماق بېرىلدى. تاماقتىن كېيىن ياتىدىغان ئۆيى كۆرسىتىلدى.

ئەرمىش بىر ھازاغىچە دادىسىنىڭ يېنىدىن ئايرىلمىدى، قې-نىۋېلىش ئۈچۈن دادىسىنىڭ چىرايىغا تويماي قارايتتى.

يېزىنىڭ خەۋىرىگە كەلسەك، ئانىسى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە سۆ-يۈپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ، ئاكىسى ھەسەنمۇ، ھەدىلىرى ھەجەر ۋە ئايشەلەرمۇ شۇنداق قىلىشىپتۇ.

— ھۇسەن ئاكامچۇ؟

يالاڭ تۆش رەمىز ئالدىغا قاراپ، بىر ھازاغىچە ئۇنىنى چىقار-ماي جىم بولۇپ قالدى.

ئاخىر مەلۇم بولدىكى، ھۇسەن ئۇ دۇنياغا سەپەر قىپتۇ، نامەلۇم بىر كېسەللىك بىلەن قورسىقى كۆپۈپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ.

داچىدىكىلەر رەمىزنىڭ كەم سۆزلۈكىگە خۇش بولدى، ئۇنىڭ بەك جۇدەڭگۈ، بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغانلىقىغا ئىچ ئاغرىتىشتى.

باغۋەن ياتاقخانىسى ئانچە يامان ئەمەس ئىدى. ئېلېكتر چىرى-غى، سۇ تۇرۇبىسى بار ئىدى، ئىچىگە كىرىپ قارىسا، سىرتىدىن كۆرۈنگەندەك ئۇنچە كىچىك كۆرۈنمەيتتى، ئورۇن - كۆرپە، ئىش-كاپ - ئۇستەل، مەشلەر كەڭ - كەڭرى سىغقانىدى. ئۇچ ئورۇن-دۇقمۇ بار ئىدى، يەرگە گىلەم سېلىنغانىدى.

ياتاقخانا دېگىنى بولمىسا، ئۇ بۇ يالاڭ تۆش رەمزگە بىر

سارايدەك كۆرۈندى.
— دادا، بۇ ياتاقخانىدا مەن سەن بىلەن بىللە ياتاي، — دېدى ئەرمىش.
— بولمايدۇ، ئوغلۇم، — دېدى رەمىز، — سىغىشمايمىز، سەن ئۇيقۇچانسەن. مەن بولسام ئۇيقۇسى قاچقان ئادەممەن، ئولتۇرغۇم كېلىدۇ. بىر - بىرىمىزنى قىيناپ قويىمىز، مەن سېنى چۈشىنىمەن، ئۇنداق قىلسام بولمايدۇ. ساڭا مەخسۇس ئۆي ئاجرىتىپتۇ، كىتابلارنى ئېلىپ بېرىپتۇ، سېنى ئۆز ئادەملىرىدەك بىلىپتۇ، شۇ نىيەت بىلەن ئەنقەرەدىن ئېلىپ كەپتۇ. بۇ يەردە ھەم ئوقۇيالايسەن، ھەم ئىشلىيەلەيسەن. داداڭغا ياتقۇدەك يەر بىلەن بىر چىشلەم نان بولسىلا بولدى.
ئۇ ئاخىر ئوغلىنى ئۆز ھۇجرىسىدا يېتىشقا رازى قىلدى.
ئەرمىش بىر كۈنى گۈلچىن ھەدىسىنىڭ توي قىلماقچى بولغان لايىقىنى تونۇۋالدى، ئۇنى دېڭىز بويىدىكى چۆمۈلۈش ئورنىدا كۆرۈپ سوغۇق مۇئامىلە قىلدى. ئۇ بېشى قاپاقتەك بىر كىشى بولۇپ، نېمىشقىدۇر كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنمىدى، چاچلىرى بالدۇر چۈشۈپ كەتكەنىدى.
ئەرمىش ئۇ كۈنى قۇملۇقتا يالغۇز ئولتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يانمۇيان سۇ ئۈزۈشلىرىگە، تۇرۇپلا يىراقلاپ كېتىشلىرىگە، چاقچاق قىلىشلىرىغا كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرغانىدى.
ئۇلار قايتار چاغدا ئەرمىشنى يالغۇز تاشلاپ كەتكەن يەردىن تاپالماي ئەنسىرەشتى.
ئەرمىش خېلى نېرىدا كىچىك گۈرجەكلىرى بىلەن ئازگال قېزىپ، پوتەي ياساپ ئويناۋاتقان باللار ئارىسىغا كىرىپ، ئۇلارنىمۇ، ئۆزىنىمۇ ئۇنتۇغانىدى.
گۈلچىن ھەدىسىنىڭ لايىقىنىڭ ئىسمى سەلىم ئىدى.
گۈلچىن ھەدە ئەرمىشنىڭ ئۇنى «سەلىم ئاكا» دېمەي، «ئەنىشتە»① دېيىشىنى تەلەپ قىلدى.

---

① ھەدىسىنىڭ يولدىشى دېگەن مەنىدە.

«ئەنشتە» دەسلەپتە ئەرمىشنى ھېلىقى بالىلارنىڭ ئارىسىدا كۆرۈپ:

— پاھ! — دېدى، — بىزنى ئۇنتۇپ، ئۆزى بىلەن بولۇپ كېتىپتۇ. قارىغىنا، ئازگال قازغان بالىلار بىلەن قالتىس ئويناۋېتىپتۇ!

— يېنىغا بارماي تۇرايلى، قويۇپ بېرەيلى، بىر ئاز مەلىكە بولسۇن، — دەپ تەكىتلىدى گۈلچىن، — ئۇنىڭمۇ بالىلىق ھاياتىنى ئۆتكۈزۈش ھەققى بار.

— توي قىلىپ ئۇنىڭدىن ئايرىلساڭ، سېغىنىدىغان ئوخشىمامسەن؟

گۈلچىن بېشىنى لىڭشىتىپ كېتىۋېتىپ دېدى:

— شۇنداق، سېغىنىمەن.

— بىراق، ئۇنىڭ سېنى ئۇنتۇغىنىنى، ئۆز دۇنياسى بىلەن بولۇپ كەتكىنىنى كۆرمىدىڭمۇ؟

— ئۇنىڭدىن بۇرۇن بىز ئۇنى ئۇنتۇمىدۇقمۇ؟ بىچارىنى يالغۇز قويۇپ يىراقلارغا كەتمىدۇقمۇ، سەلىم؟

«ئەنشتە» نىڭ بۇ سوئالىغا بېرىدىغان ئورۇنلۇق جاۋابى يوق ئىدى.

## 4

تويدىن كېيىن «ئەنشتە» گۈلچىن ھەدىنى ئۆز ئۆيىدىن باشقا ئۆيگە ئېلىپ كېتىشى كېرەك ئىدى، تويدىن ئىلگىرى دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بولدى. «ئەنشتە» داچىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. «ئەنشتە» گە ئىككىنچى قەۋەتتىكى بوش ھۇجرىلاردىن بىرى بېرىلدى. ئۇ، مۇھىم ئىشلىرىم بار، دەپ، تاڭ سەھەردە چىقىپ كېتىپ، ئەلياتقۇ بىلەن تەڭ قايتىپ كېلەتتى. قىسقىسى، داچىدىكىلەر بىلەن بىر يەردە بولالمايتتى ۋە ئۇلار بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرالمايتتى. گۈلچىن ھەدە ئۇ كەلگۈچە ياتماستىن كۈتەتتى،

بەزى كىچىلىرى بولسا باغچىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى، «ئەنىشتە» داچىغا كىچىلىك كىيىمدىن باشقا كىيىم ـ كىچەكمۇ ئەپكەلمىگەنىدى. ئۇ كىيىم ـ كىچەكلىرىنى ئۆز ئۆيىدە يۆتكەيتتى. قىسقىسى، ئۇ داچىغا قۇرۇق قول كىلىپ، قۇرۇق قول كىتەتتى.

بۇلارنى قويۇپ تۇرايلى، توي كىچىسىدىن بىر كۈن ئاۋۋالقى يەكشەنبە كۈنى ئۇ داچىغا ئىككى دوستىنى باشلاپ كەلدى. بۇلار ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرى بولۇپ، بىرى كىيىم تىككۈچى، يەنە بىرى رەسسام ئىكەن. ھەر ئىككىلىسى قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن خۇشخۇي ياشلاردىن ئىدى. مەتىن ئاكا بىلەن گۈلچىن ھەدە ئۇلارنى كۈتۈۋالىمىز، دەپ داچىنى پۈتۈن بىر كۈن ئوپۇر ـ توپۇر قىلدى.

كەچقۇرۇن باغچىدا كۆڭۈل ئېچىش بولدى. گۈلچىن ھەدە بۇ چوپچوڭ ئادەملەر بىلەن قوغلاشماق ئويناشتى. ئۇلار ئارىلىرىغا ئەرمىشنىمۇ قىستۇرۇۋېلىپ، ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۈگۈرتۈپ ھېچ ھالىنى قويمىدى.

خۇپسەنلىك قىلامدۇ ياكى يۈگۈرۈشى شۇنچىلىكمۇ، ئۇلار ئاسانلا تۇتۇلۇپ قالاتتى. ئەرمىش باغچىنىڭ قويۇق دەرەخلىك بۇلۇڭلىرىدا ئۇلارنى قىينالماي تۇتۇۋالاتتى.

خان ئانا، جەۋات بەگ تاغا، نەسرىن ھاماچىلار كۆل بويىدىكى بامبۇك ساپالاردا ئولتۇرۇپ، ياشلارنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈشتى، ساپالارنى ئىچكىرىدىن باغۋەن رەمىز ئېلىپ چىققانىدى.

ئاشخانا ئۆيىدە چاي دەملىنىۋاتاتتى. ياشلار ۋە ئۇلار بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرگەن ئەرمىش ئويۇن تۈگىگەندىن كېيىن ئورۇندۇقلىرىنى كۆتۈرۈپ كۆل بويىغا ئېلىپ كەلدى. چۈنكى، بۇ يەردە چاي ئىچىشمەكچى ئىدى.

نېرىدا تۇرغان رەمىز تاغىمۇ چاقىرىلدى، نەسرىن خانىم ئۇنىڭغا ئىستاكاندا چاي سۇندى. ئۇ ياتاقخانىنىڭ ئالدىغا بىر ئورۇندۇق قويۇۋېلىپ چېيىنى شۇ يەردە ئىچتى.

مەلۇمكى، گۈلچىن ھەدە ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىپ،

شاد ـ خۇرام بولۇپ قالغانىدى.
مېھمانلار قويۇپ بېرىلمەي، كەچكى تاماققا تۇتۇپ قېلىندى.
— قايتايلى، سىلەرنى ئاۋارە قىلمايلى، — دېدى ياش رەسسام.
— يوقسۇ، — دەپ تەكەللۇپ قىلدى جەۋات تاغا، — سىلەرنى كۆرۈپ كۆڭلىمىز ئېچىلىپ قالدى. ئۆيلىرىمىز كەڭرى، ئەگەر سىلەرگە بىئەپ بولسا مېھمانخانىدىغا ئورۇن سېلىپ بەرسۇن، قانداق؟
«ئەنىشتە» بىلەن دوستلىرى بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويدى.
مەتىن ئاكا قوشۇمچە قىلدى:
— شۇنداق بولسۇن، قونۇپ قېلىڭلار، كەچ كىرىپ قالدى. كەچلىك تاماقنىمۇ مۇشۇ باغچىدا يەيمىز.
— ھاۋا ئىسسىق، ئېچكىرىدە ئولتۇرغىلى بولمايدۇ، — دېدى گۈلچىن ھەدە، — داستىخاننى ئۆزۈم سېلىپ، تاماقلارنى ئۆز قولۇم بىلەن توشاي.
كۈلۈمسىرەپ تۇرغان «ئەنىشتە» قولىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويدى.
— سىزنى ئاۋارە قىلمايمىز، ھەممىمىز ياردەملىشىمىز.
— مەن بىرىپ پىۋا ئەپكېلەي، — دەپ ماڭدى مەتىن ئىنىسىغا قاراپ. نەسرىن ھاماچا پۇل ئەپچىقىپ بەرگىلى ئېچكىرىگە كىرىپ كەتتى.
— مەن بۇگۈنكى كەچلىك تاماقنى دادام بىلەن بىللە يەي، — دېدى ئەرمىش.
— خوپ، بولىدۇ، — دېيىشتى ئۇلار.
ئۇلار بۇ كىچىچە بىر ۋاقىتلارغىچە خۇشال ـ خۇرام ئولتۇرۇشتى.
توي كېچىسى چاقماق تېزلىكىدە ئۆلىشىپ كەلدى. باغچە دەرۋازىسى ۋە داچىنىڭ ھوجرىلىرىدىن باشقا بارلىق ئېچكىرىكى ـ تاشقىرىقى ئىشىكلەر داغدام ئېچىۋېتىلدى. مېھمانلار بال-

دۇرلا كېلىشكە باشلىدى. ئۇزۇن ئاق توي كۆڭلەكلىك كىيگەن گۈلچىن ھەدە ئوتتۇردا كېپىنەكتەك ئايلىنىپ يۈرەتتى. كېلىۋات- قان مېھمانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى، باغچە ئۇ باشتىن بۇ باشقى- چە بېزەلگەن، دەرەخلەرنىڭ ئارىلىرىغا ئېلېكتىر سىملىرى تارتىل- غان، ئالىيېشىل لامپۇچكىلار ۋە پانارلار ئېسىلغان، ئەتراپ نۇر بىلەن تولغانىدى.

«ئەنىشتە» نىڭ يېقىن ئاغىنىلىرى بولغان رەسسام بىلەن كىيىم تىككۈچى ياتسىراپ تۇرماي، شۇ ئۆينىڭ ئادەملىرىدەك ئىشلەپ يۈرەتتى. ئۇلار قەيەردە نېمە بارلىقىنى بەش قولدەك بىلەت- تى. ئاشپەزلەر، كۈتكۈچىلەر ئۆز ئىشلىرى بىلەن بەند ئىدى. باغچە ۋە دالانغا قويۇلغان ئۇستەللەرگە لىموناتلار، يەل - يېمىشلەر ۋە مېۋە - چېۋىلەر تىزىلغانىدى، كىم قانداق ئىچىملىكنى ئىچىش- نى خالىسا شۇ كەلتۈرۈلەتتى.

بېشىغا جۇدالىق غېمى چۈشكەن ئەرمىش خان ئانىسىنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمىدى. ياشانغان ئانا نەگە بارسا، ئۇمۇ شۇ يەرگە بىللە باراتتى. مېھمانلارنىڭ بەزىلىرى بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كەلگەنىدى. پاراڭلىشىۋاتقان، مۇڭدىشىۋاتقانلارنىڭ سۆزلىرىنى قولىنى قۇلىقىغا دالدا قىلىپ ئاڭلاۋاتقان خان ئانىنىڭ يېنى بالىلار بىلەن ئاۋاتلىشىپ كەتتى.

مۇساۋەت خانىم ياغلىقىنىڭ ئىككى ئۇچىنى مۈرىلىرىگە تاشلاپ، كۆل بىلەن داچا ئارىلىقىدىكى يەرگە قويۇلغان ساپادا ئولتۇراتتى. ئۆتكەن - كەچكەنلەر، تونۇغان - بىلگەنلەر ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ قولىنى سۆيۈپ سالام بېرەتتى ۋە ئۇنى قىز نەۋرىسى- نىڭ تويى مۇناسىۋىتى بىلەن مۇبارەكلىشەتتى.

— رەھمەت سىلەرگە، بىرگە بولسۇن ... — دەيتتى ئۇ.

مېھمانلار يېگەچ - ئىچكەچ خۇشال - خۇرام كۈلۈشۈپ، پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشقىنىدا، دەرۋازا ئالدىغا بىر ماشىنا كېلىپ توختىدى. ئۇنىڭ ئىچىدىن ئەمرە تاغا چىقماسمۇ! ئەرمىشنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى. ئۇنىڭ كاللىسىغا دەرھال دوختۇرخانا،

باللار باغچىسى — ئەنقەرە خاتىرىلىرى كەلدى.

ئەمرە تاغا ماشىنىسىنى داچا قورۇسىغا ئەپكىرمەي، يولنىڭ چېتىگە توختىتىپ قويىدى. چۈنكى، ئۇ ئىشلىرى كۆپ بولغانلىقتىن، بۇ يەردە كۆپ تۇرماي، تاڭ سەھەردە قايتماقچى ئىدى. ئۇ ئېگىشىپ خان ئانىنىڭ قولىنى سۆيۈپ سالاملاشتى. ئەرمىشنىڭمۇ مەڭزىگە سۆيۈپ قويۇپ دېدى:

— ياخشى تۇردۇڭمۇ؟

— ياخشى تۇردۇم، — دېدى ئەرمىش.

ئۇلار قىسقىچىلا ئامانلاشتى، چۈنكى ئەمرە تاغىنىڭ ۋاقتى قىس ئىدى، گەرچە ئۇلار بىلەن سۆزلىشىۋاتسىمۇ، كۆزلىرى بىلەن مېھمانلار ئارىسىدىن كېلىنىنى، كۈيئوغۇلنى، نەسرىن هاماچىسىنى، جەۋات تاغىسىنى ئىزدەيتتى.

كۆپچىلىك كۆلكە ـ پاراڭ بىلەن بولۇشۇپ كەتتى. شۇ تاپتا داچا بويىچە باغچىدىن جىمجىت جاي يوق ئىدى، بىردىنلا باغچىنىڭ ئېلېكترلىرى ئۆچۈپ قالدى.

ھەممەيلەن «ھوي ...» دېيىشىپ كەتتى. بىر ئازدىن كېيىن چىراغلار يەنە ياندى. شۇ چاغدا گۈلچىن ھەدە بىلەن «ئەنىشتە»: «ئۇلار نەدە تۇرغاندۇ!» دېيىشىپ، خان ئانا بىلەن ئەرمىشنىڭ يېنىدىن ئۆتۈشتى.

شۇ ئەسنادا دەرۋازىنىڭ ئالدىغا يەنە چوڭ بىر پىكاپ كېلىپ توختىدى. ئۇنىڭدىن چۈشكەنلەر ئالقىشلار بىلەن قارشى ئېلىندى. بۇلار باراپان، دۇمباق ۋە ھەرخىل مۇزىكىلارنى كۆتۈرۈشۈپ كەلگەن سازەندىلەر ئىدى.

ئۇلار دالاندىن ئۆزلىرىگە ئالدىن ئايرىپ قويۇلغان جايغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. بىر ئازدىن كېيىن لەرزان چېلىنغان مۇزىكا ئاڭلىنىشقا باشلىدى. مۇزىكا ساداسى دەرەخلەرگە ئېسىلغان قوتا شەكلىدىكى لابادىن پۈتۈن باغچىغا ياڭرىدى. ئۇستەللەر بىر ـ بىرلەپ بوشاپ، باغچىنىڭ يوللىرىدا تانسىغا چۈشكەنلەر كۆپىيىشكە باشلىدى.

تانسىنى ياشلار باشلاپ بەردى. ئاندا ـ ساندا ياشانغانلارمۇ كۆزگە چېلىقاتتى. كۆڭۈل ئېچىش ئىنتايىن قىزىدى.

كىشىلەر قەلبىنى هاياجانلاندۇرىدىغان لەرزان ئاهاڭلار بىرى بىرىگە ئۇلىنىپ چېلىنىماقتا.

چىراغلار يەنە ئۆچۈپ، يەنە ياندى. بۇ قېتىم «هوي...» دېيىشكەنلەر ئاز بولدى.

چىراغلار قايتا يانغاندا، ئەرمىش بىلەن خان ئانىنىڭ ئۇدۇلىدا تىكىلىپ تۇرغان مەتىن ئاكا كۈلۈپ كېلىپ:

— تونتۇنۇم، — دېدى مومىسىغا، — سىېنى تانسىغا تەكلىپ قىلىپ كەلدىم، كەل ئويناپلى!

— ماڭ نېرى، لاۋزا! — دەپ ئازارلىدى ياشانغان ئانا ئۇنى. لېكىن، مەتىن «دەشنام يېگىنىم، بەش نان يېگىنىم.» دېگەندەك قىلىپ كۈلۈپ تۇراتتى، — بېرىپ ئۆز دېمەتلىك قىزلىرىڭنى تەكلىپ قىل!

— هەممىگە مەلۇمكى، مېنىڭ بىردىنبىر ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىم، كۆزۈمگە هەممىدىن ئىسسىق كۆرۈنىدىغىنى سەن!

— ماڭ، نېرى بار!

مەتىن ئاكا كەلگەن ۋاقتىدىكىگە ئوخشاش كۈلۈپ تۇرۇپ يىراقلاشتى.

— كالتە پاچاق، سەنمۇ بېرىپ بىر دەم ئوينىساڭچۇ!

— ياق، خان ئانا، — دېدى ئەرمىش.

— نېمىشقا، تارتىنىۋاتامسەن؟

— ياق.

— مېنىڭ يېنىمدا يۈرۈپ ئىچىڭ پۇشامدۇ؟

— ياق.

ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى كىچىك، يۇمىلاق ئۈستەل يېمەك ـ ئىچ-مەك بىلەن لىق تولغان، كۈتكۈچىلەرمۇ خان ئانىدىن خەۋەر ئې-لىشنى ئۇنتۇمىغانىدى.

— پىستە ـ بادامىلاردىن ئالغىن، كالتە پاچاق!

— يەۋاتىمەن، خان ئانا.

— داداڭ داستىخاندا ئولتۇرمىغان بولۇشى مۇمكىن، بۇلار-دىن بىر ئاز ئاپىرىپ بەر.

ئەرمىش ئۇنىڭ ئاغزىدىن شۇ گەپ چىقىشى بىلەنلا بىر تەخسى-گە پىستە، كىشمىش، بادام ۋە قورۇلغان پۇرچاقلارنى تولدۇرۇپ دادىسىغا ئېلىپ باردى. لېكىن، ئۇنى ياتاقخانىسىدىن تاپالمىدى، نەگە كەتكەندۇ؟ ئۇ روھى چۈشكۈن ئادەم بولغاچقا، كۆپچىلىككە ئارىلاشماي يىراق تۇراتتى، بىرىنىڭ يېنىدا ئەسلا ئولتۇرمايتتى. ئۇ بارسا، بىرنەچچە كۈندىن بېرى جازالىنىپ زەنجىرلەپ قويۇلغان پامۇقنىڭ يېنىغا بېرىشى مۇمكىن ئىدى.

پامۇق دەرەختىن چۈشكەن بىر ياربدار قۇشقاچنى مىجىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەچكە، نەسرىن هاماچا ئۇنى باغچىنىڭ ئەڭ ئايىغىدى-كى ئىت ئۇۋىسىغا باغلىتىۋەتكەنىدى. پامۇق غىڭشىغان ئاۋازلىرى بىلەن يالۋۇرۇپ هاۋشىپ باقتى، بولمىدى.

— ئەقىللىق ئىتنىڭ ياربدار قۇشقاچنى ئۆلتۈرۈشى قاملاشمى-غان ئىش، بۇنى جازالاش كېرەك! — دېگەنىدى نەسرىن هاماچا.

راست دېگەنىدەك، ئەرمىشنىڭ دادىسى كۈچۈكنىڭ يېنىدا ئى-دى. ئۇ بېشىنى بىر قولىنىڭ ئۇستىگە قويۇپ يېتىپ ئىتنى سىلاۋاتاتتى. پامۇق بۇ قېتىم خۇشاللىقتىن ئىنچىكە ئاۋازلىرى بىلەن غىڭشىپ قويىدى.

— دادا، ساڭا يەل - يېمىش ئەكەلگەنىدىم، ياتىقىڭغا قويۇپ قويدۇم.

— رەهمەت، ئوغلۇم، — دېدى باغۋەن رەمىز. ئۇ باشقا گەپ قىلماي كۈچۈكنى سىلاشنى داۋاملاشتۇردى.

پامۇق باغلانغان يەر قاراڭغۇ بولغاچقا، ئەرمىش دادىسىنىڭ چىرايىنى كۆرەلمىدى، لېكىن ئۇنىڭ بۇ هايۋانغا بولغان مې-هىر - شەپقىتىنى سەزدى.

— ماڭا دەيدىغان باشقا گېپىڭ يوقمۇ، دادا؟

— بار، ئوغلۇم، — دېدى باغۋەن رەمىز، — بۇ قاچىغا پاكىز

سۇدىن ئەكېلىپ بەرگىن، بۇ بىچارە ئۇسساپ كېتىپتۇ.
دادىسىنىڭ ئاۋازى نېمە ئۈچۈن يىغلامسىراپ سۆزلەۋاتقاندەك ئاڭلىنىدۇ؟ ئۇ خالىسا سۇنى ئۆزى ئەپكېلەلەيتتىغۇ؟ ئۇمۇ خان ئانىغا ئوخشاش يالغۇز قېلىش ئۈچۈن ئەرمەشنى سۇغا باھانە قىلىپ قوغلاۋاتامدىكىنا؟

بۇلار جاۋاب كۈتمەيدىغان سوئاللار ئىدى. ئەرمەش دادىسىنىڭ دېگىنىنى ئورۇندىدى، سۇيى كۆلگە چۈشۈۋاتقان جۈمەكتىن قاچىغا لىق سۇ تولدۇرۇپ ئېلىپ كەلدى. ئۇ بىردەم دادىسىنىڭ يېنىدا ۋە كۆل بېشىدا مەلىكە بولۇپ بىر پەس تۇردى ـ دە، خان ئانىنىڭ يېنىغا قايتتى. ئۇ كۆل بېشىدىكى ۋاقتىدا چىراغلار بىر نەچچە قېتىم ئۆچكەنىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭغا سۇغا گويا يېنىك بىر نەرسە چۈشكەن ياكى تاشلانغاندەك تۇيۇلدى، لېكىن ئۇنىڭ نېمىلىكىنى ئەرمەش بىلەلمىدى. چىراغلار يانغاندا «ئەنىشتە» سى سەلىمنىڭ ماشىنچى دوستى بىلەن كۆلنىڭ قىرغىقىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇلار چىراغ يېنىشى بىلەن بىر ـ بىرىنىڭ مۈرىلىرىگە ئۇرۇشۇپ، بىر نېمىلەرنى دەپ كۈلۈشۈپ، تانسا ئويناۋاتقانلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كېتىشتى.

ئەرمەشنىڭ بۇلار بىلەن كارى بولمىدى، كارى بولسىمۇ كېيىن بولدى.

— داداڭغا يەل ـ يېمىشلەرنى ئاپىرىپ بەردىڭمۇ، كالتە پاچاق؟

— ئاپىرىپ بەردىم، خان ئانا.

ياشانغان ئايال ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش ئۈچۈن قولىنى قۇلاق كەينىگە دالدا قىلغاندا، ئەرمەش ۋارقىراپ ئېيتتى:

— ئاپىرىپ بەردىم، خان ئانا!

— ياخشى قىپسەن، ياخشى قىپسەن، ئۇمۇ بۇ ئۆينىڭ يالغۇزلىرىدىن بىرى ـ دە.

خان ئانا گويا ئەرمەشمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئاڭلىيالمايدىغاندەك، گەپنى سوزۇپ ـ سوزۇپ، ئاستا ئاۋازدا سۆزلەيتتى.

بىراق، ئەرمىش ئاڭلايتتى. ئۇ ھەر دائىم ھەممە نەرسىنى چۈشەنەتتى. ئۇ قانداقتۇر مېھمانلار ئۆز ئاشقا يېقىن قالغاندا كۆتۈرۈلگەن ئۇپۇر - تۇپۇر، ۋاراڭ - چۇرۇڭلارنى ئاڭلاپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىشكە تىرىشتى. قىزلار، خوتۇنلار: «سومكام يوققۇ؟ سومكامنى كۆرگەنلەر بارمۇ؟»، «ۋاي، مېنىڭكىمۇ يوق تۇرىدۇ!» دەپ ۋارقىراشقىلى تۇردى.

— قاراڭلار بۇلارنى! بىر سومكىسىغىمۇ ئىگە بولالمىغىنىنى، — دەپ چېقىشتى خان ئانا، — ئۆزۈڭلار نەدە، سومكاڭلار نەدە؟ بىر تىيىنگە ئەرزىمەيدىغان نېمىلەر ئۇ. سال تاغارغا، ھەممىسىنى ئاپىرىپ دېڭىزغا تاشلا!

«دېڭىزغا تاشلىمىدىغاندۇ، كۆلگىمۇ؟»

ئەرمىش ئەندىكىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر ئوي كەلگەندى.

يوقالغان سومكىلىرىنى ئىزدىشىۋاتقان خوتۇن - قىزلارغا ئاكىلىرى، ئەرلىرى، ئاپىلىرى ۋە دادىلىرىمۇ ياردەملىشىۋاتاتتى. تويىنىڭ ئاخىرى قالايمىقانچىلىققا تولدى. ھەر كىم ئۆزىچە سۆزلەيتتى، كىم كىمنىڭ نېمە دەۋاتقىنىنى ئۇقالمايتتى. ئۇلار: «ئەجەبا، مۇشۇ يەرگە قويغاندۇققۇ؟ بايىلا ئۈستەل ئۈستىدە بار ئىدىغۇ...» دېيىشىپ، ئۇياق - بۇياققا يۈگۈرۈشۈپ بىر - بىرىگە سوقۇلۇپمۇ كېتىشەتتى.

تويىنىڭ مەزىسىمۇ تۈگەشكە باشلىدى.

— بۇ ئۈستەلنىڭ يېنىدىن قاراڭغۇدا بىرى ئۆتكەنىدى، سومكام شۇنىڭدىن كېيىن كۆرۈنمىدى... — دەپ ۋايسايتتى بىر ئايال.

ئېرى ئۇنىڭغا بىر نېمىلەرنى دەپ تاپا قىلدى:

— كۆزۈڭنى ئېچىپ دىققەت قىلساڭ بولمايتتىمۇ!

— تويدىمۇ ئوغرى بارلىقىنى كىم بىلسۇن؟

— ئايال - دە، ئايال! ھازىر ئارىدا بۇرۇن بولمىسا ئۇ كۆز بۇ كۆزنى يەۋېتىدۇ!

ئىزدەش ۋە تالىشىشلار خېلى ئۇزۇنغا سوزۇلدى. سومكىلار

ئاقتىمۇ ـ كۆكتىمۇ يوق بولۇپ چىقتى.

— سومكاڭدا جىق پۇل بارمىدى؟ — دەپ سورىدى بىر قىز ئاپىسىدىن.

— ئەمدى قانداق قىلارمەن، ئۆينىڭ بىر ئايلىق خىراجەت پۇلى سومكىدا ئىدى!

جەۋات بەگ تاغا، نەسرىن هاماچا، گۇلچىن هەدە، سەلىم «ئەنىشتە» لەرمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى. خان ئانىمۇ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ مېھمانلارنىڭ يوقالغان نەرسىلىرىنى ئىزدەشكە ياردەملەشتى.

بۇ ئىنتايىن كۆڭۈلسىز بىر ۋەقە ئىدى!

بۇ بىرلىرىنىڭ چاقچىقىمىدۇ يا؟

— ۋاي تۇگەشتىم، پۇتۇن زىبۇ زىننەتلىرىم سومىكىدا ئىدى، — دەپ يىغلاشقانلارمۇ بولدى.

سومكىسى يوقالغان ئاياللاردىن بىرىنىڭ ئېرى مۇنداق سوئال قويدى:

— كەلگىنىمىزدىن بېرى چىراغلار بىر ئۆچۈپ ـ بىر يېنىپ تۇردى. بۇنىڭدا بىر ئويۇن بولمىسۇن يەنە؟

قارا كىيىم كىيگەن مويسىپىت بىر ئادەم گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتتى:

— بۇ ئىشتا بىر هۈنەر بارلىقى ئېنىق!

ئۆرنتۆپە بېسىلىپ، هەممەيلەن ئۇلارنىڭ ئاغزىغا قارىشىپ تۇراتتى. گەپ قىلىۋاتقانلار ئاۋازلىرىنى قويۇۋېتىشتى:

— توك باشتىن كەتكەن بولسا داچىدىكى توكمۇ كېتەتتى. هالبۇكى، داچىنىڭ ئىچىدىكى چىراغلار ئۆچمەي، يالغۇز باغچىدىكىلەرلا ئۆچتى.

— باغچىنىڭ چىراغلىرى قەيەردىن يېقىپ ئۆچۈرۈلىدۇ؟

— بۇ يەردىن، — دەپ كۆل بېشى بىلەن باغۋەن ياتاقخانىسى ئارىسىدىكى بىر يوغان دەرەخنى كۆرسەتتى جەۋات بەگ تاغا.

ھەقىقەتەنمۇ دەرەخكە ئالتە كونۇپكىلىق بىر ئۇزچات بېكىتىلگەندى.

— يالغۇز بۇلا ئەمەسقۇ، ئوغلۇم، — دېدى خان ئانا، — ئاشخانىدىمۇ ئۇزچات بارغۇ؟

— ئۇنداقتا بىرى ئۇزچاتنى ئىزچىل ئوينىغان، — دېدى مويسىپىت ئادەم.

— داچىغا كىرگەن ـ چىققاننى بىلىدىغانلاردىن بىرى بولمىسۇن يەنە؟

كۆيئوغۇل سەلىم «ئەنىشتە» سۆز قىستۇردى:

— مەن چىراغ ئۆچكەندە، ئۆزۈمچە بىر قېتىم بېرىپ ئۇزچاتنىڭ ئاچقۇچىنى بۇرىغاندىم، باغ شۇئان يورۇدى، كېيىن يەنە بىر قېتىم شۇنداق قىلدىم. لېكىن، چىراغلار بولسا بىرقانچە قېتىم يېنىپ ئۆچتى. دېمەكچىمەنكى، توك بىلەن ئويناشقان كىشىنى ھەر ھالدا بىرىمىز بولسىمۇ كۆرگەن بولار ئىدۇق.

— كۆرمەسلىكىمىزمۇ مۇمكىن، — دېدى سومكىسى يوقالغان ئايالنىڭ ئېرى، — ھەممەيلەن تانسا ئويناۋاتسا، كۆڭۈل ئېچىۋاتسا، دەرەخنىڭ يېنىغا كىمنىڭ بارغانلىقىغا كىم قارىسۇن؟ قاراپ تۇردىمۇ دەيلى، دەرەخنىڭ يېنىدا تۇرغان كىشىدىن دەرھال گۇمانلىنىپ ئۇنىڭغا دىققەت قىلىپ كېتەرمۇ؟

خان ئانا بىلەن ئەرمىش كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ، كىم گەپ قىلسا شۇنىڭ يۈزىگە قارىشاتتى. خان ئانا يەنىلا گەپلەرنى قولىنى قۇلىقىنىڭ كەينىگە دالدا قىلىپ تۇرۇپ ئاڭلايتتى.

كىشىلەرنىڭ كۆزىگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇرغان ساغرىلىق بىر ئايال:

— نېمىگە تۇرىمىز، ساقچى چاقىرايلى! — دەپ ۋارقىرىدى.

مەيداننى جىمجىتلىق قاپلىدى. ھېلىقى ئايال بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ئېيتتى:

— خاتا چۈشىنىپ قالمايلى، ھېچكىمدىن كۆرۈۋاتقىنىم يوق، لېكىن بۇ ئەھۋالنى پەقەت ساقچى بىر تەرەپ قىلالايدۇ. ھۆرمەتلىك ساھىبخانلاردا گۇناھ يوق، ئۇلارنىڭمۇ كۆڭلى غەش بولۇۋاتقىنىنى مەنمۇ كۆرۈۋاتىمەن.

— ساقچى كەلسە نېمە قىلىپ بەرمەكچى، ھەممەيلەننىڭ ئۇستۇپشىنى ئاختۇرۇپ بېرەمدۇ؟

— ساقچى دېگەن ساقچى، نېمە قىلىش لازىم بولسا شۇنى قىلىدۇ، ئەپەندى!

ئايالنىڭ تەكلىپى كۆپچىلىكنى ئىككىگە بۆلدى. بەزىلەر: «ھە، شۇنداق بولسۇن، كەلسۇن، ئاختۇرسۇن!» دېسە، بەزىلەر: «ساقچىنى نېمىشقا ئاربلاشتۇرىمىز! مەن ساقچىنىڭ قولىنى ئۇ. چامغا تەگكۈزمەيمەن. ئۆزۈمگە چۇشلۇق نومۇسۇم بار، مېنىڭ ئابرۇيۇم كېتىدۇ. لېكىن، زادى ئاختۇرۇلىدىغان بولسام، مەرھە. مەت، كۆپچىلىكنىڭ ئىچىدە ئۆزىڭىز ئاختۇرۇڭ!» دەيتتى.

— يوغان سومكا ئادەمنىڭ قەيىرىگە سىغار؟ — ئەرلەردىن بىرى شۇنداق دېگىنىچە قوللىرىنى كۆتۈرۈپ ئۆز - ئۆزىنى قېقىش. تۇرۇشقا باشلىدى.

ئەھۋال جىددىي ئىدى، لېكىن كۈلگەنلەرمۇ بولدى.

گۇلچىن ھەدە بىر ئورۇندۇقتا بېشىنى قوللىرىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ ئەلەمدىن يەرگە كىرىپ كەتكۇدەك بولۇپ ئولتۇراتتى، ئويغا پاتقان، ياش ئەگىپ تۇرغان كۆزلىرىنى يەرگە تىكىپ تۇرۇپ ئويلايتتى، چۈنكى ئۇنىڭ شۇنچە چىرايلىق باشلانغان بەختىگە كۆ. لەڭگە چۈشكەنىدى. ئۇنىڭ تويى كۈتكىنىدەك بولماي، كۆڭۈل. سىز، نورمالسىز بولۇپ قالغانىدى.

ھېچكىم ھېچكىمنى ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئەيىبلىمىسىمۇ، ھەممەيلەن بىر - بىرىگە گۇمان بىلەن قارايتتى.

سەلىم «ئەنىشتە» نومۇسنىڭ دەستىدىن تاماكىنى بىر - بى. رىگە ئۇلاپ چېكەتتى.

جەۋات بەگ تاغا بىلەن نەسرىن ھاماچا بۆلەكچىلا تىت - تىت بولۇپ تۇراتتى.

— مىنىڭچە، ساقچى چاقىرىشنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى مەتىن ئاكا.

ئۇنىڭ يېنىدا ئۆزىگە ئوخشاش ياش ۋە ساقاللىق ئىككى دوستى

تۇراتتى.
— ماقۇل، ئەمىسە قانچىلىك زىيان بولسا ئۇنى سىلەر تۆلەمسىلەر؟
— داداڭلار بانكىغا چەك يېزىپ بېرەلەمدۇ؟ — دەپ سوئال قويۇشتى كۆپچىلىك.
— بۇ سومكىلار ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپ كەتمىگەندۇ؟ — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى بىر ياش قاشلىرىنى ھىمىرىپ، — ئەلۋەتتە بىر يەردە باردۇ، رۇخسەت قىلساڭلار، ئۇ يەردە بىر باغۋەن ياتاقخانىسى بار. ئىككى ئايال بىلەن ئىككى ئەر جەمئىي تۆت كىشى ئاختۇرغۇچى بولسۇن، باغۋەننىڭ ياتاقخانىسىغا نۆۋەت بىلەن بىر - بىرلەپ كىرىڭلار. ئۇ يەردە ئاياللار ئاياللارنى، ئەرلەر ئەرلەرنى ئاختۇرسۇن.
ئولتۇرغان بەگلەردىن بىرى:
— ئوغرى قۇۋ بولسا، سومكىنى يېنىدا تۇتمايدۇ، چوقۇم بىر يەرگە تاشلىۋېتىدۇ، — دېدى.
— پۇللارنى، زىبۇ زىننەتلەرنى تاشلىماس، — دېدى مەتىن ئاكا كۇلۇمسىرەپ.
— نەدىن بىلىسەن، يىگىت، بەلكىم ئۇلارنىمۇ تاشلىۋەتكەندۇ؟
— ھۆرمەتلىك بېگىم، تاشلىۋېتىدىغان نەرسىنى ئوغرىلامدۇ؟
بۇ ئويمۇ توغرا، شۇنداق قىلىپ كۆپچىلىك يەنە ئىككىگە بۆلۈندى: بەزىلىرى ئۇنىڭغا قوشۇلمىدى، بەزىلىرى قوشۇلدى. قوشۇلمىغانلار ئۆز پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى:
— سومكىلار ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپ كەتمىگەندۇ، دېدىڭىز، شۇنداق، ئۇچمىغانلىقى راست، بىر يەرگە تاشلانغىنى ئېنىق، لېكىن نەگە تاشلىنىشى مۇمكىن؟ ئەلۋەتتە، يولغا ياكى چۆپلۈكنىڭ ئارىسىغا ۋە ياكى باغچىنىڭ بىر چېتىگە ... نېمىشقا ئالدى بىلەن شۇ يەرلەرگە قارىمايمىز، ئۇ يەرلەرنى ئاختۇرمايمىز؟
— شۇنداق، راست ئېيتىسىز، — دېدى مەتىن ئاكا، —

ئۇنداق بولسا ئىككى ياقتىن ئىزدەيلى، بىرقانچە كىشى سىز دېگەن يەرلەرگە قارىسۇن، بىزمۇ ياتاقخانىغا كىرىشكە قوشۇلغانلارنى ئاختۇرۇپ كۆرەيلى!

بىر قىز ئەرمىشكە قاراپ قويۇپ سورىدى:

— باللارنى ئاختۇرمامسىلەر؟

مەتىن ئاكا بېشىنى سىلكىدى:

— ياق، ئاختۇرمايمىز، ئۇلارنى ئاختۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. باللار، كەينىڭلارغا يېنىڭلار! ھەممەيلەن بىر يەرگە يىغىلىڭلار.

سەلىم «ئەنىشتە» نىڭ دوستى رەسسام قوشۇمچە قىلدى:

— ھەممىڭلار چوڭلار بوشاتقان ئۇستەللەرگە بېرىپ ئولتۇرۇڭلار، ئورنۇڭلاردىن مىدىرلىماڭلار، ئاپىرىن! كۇتكۇچى ئاكىلىرىڭلار ھازىر سىلەرگە لىمونات، گاز سۇيى، پىرەنىك، تورت ئەكېلىپ بېرىدۇ!

باللار خۇشال بولۇشتى، بىر - بىرى بىلەن پاراڭلىشىپ چاقچاقلىشىشقا باشلىدى.

مەتىن ئاكا دەرھال ئاگاھلاندۇردى:

— لېكىن گەپ قىلمايسىلەر، ئاۋازىڭلارنى چىقارمايسىلەر، بولامدۇ!

ئەرمىشمۇ باللارنىڭ ئۇستىلىگە قاراپ ماڭغانىدى، مەتىن ئاكا ئۇنى بىلىكىدىن تۇتۇپ توختىتىۋېلىپ:

— داداڭنىڭ ياتىقىغا بارىمىز، ئەرمىش، سەنمۇ بىز بىلەن بىللە بار! — دېدى.

ئەرمىش باشقا باللاردىن ئايرىلىپ قالغىنىغا كۆڭلى يېرىممۇ بولماي، ئىتتىك - ئىتتىك ماڭدى. چۈنكى، دادىسىنىڭ ياتىقىغا بالدۇرراق بارسا، باشقىلار يېتىپ بارغۇچە دادىسى سىرتقا چىقىپ بولاتتى. مەتىن ئاكا، ئۇنىڭ يېنىدا «ئەنىشتە» نىڭ دوستى رەسسام، كەينىدە ئىككى قىز، ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەرمىش ياتاقخانىغا قاراپ مېڭىشتى. ئۇلار ئىچكىرىگە كىرىپ قارىۋىدى، ياتاقتا ئادەم

يوق بولۇپ چىقتى. دېمەك، باغۋەن رەمىز تاغا كۆچۈكنىڭ يېنى-
دىن تېخى قايتمىغان.

ياتاقخانىغا ئالدى بىلەن ئۆزىدىنى ئاختۇرغۇزۇش ئۈچۈن
ئۇياق - بۇياقلىرىنى قېقىشتۇرۇپ خان ئانا كىردى.

قىزلارنىڭ يۈزلىرى خىجالەتچىلىكتە قىزىرىپ كەتكەنىدى:

— ياق، خانا ئانا، — دېيىشتى ئۇلار، — سىزنى
ئاختۇرمايمىز!

— نېمىشقا؟ — دېدى خان ئانا ئاچچىقى بىلەن، —
ۋەزىپەڭلارنى ئورۇنداڭلار، بۇ سەت ۋەقەدە مەن ھەممىدىن ئاۋۋال
پاك بولۇشنى خالايمەن. مەن ياتاقخانىدىن چىققاندا كەينىمدىن
قاراپ تۇرۇڭلار، كۆل بويىغا بېرىپ ئولتۇرىمەن. ئاختۇرۇش
تۈگىگۈچە ھېچ يەرگە قوزغالمايمەن!

ئۇلار خان ئانىنى ئاندا - مۇندا ئاختۇرۇپ قويغان بولدى.

ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئۇ سومكىلارنىڭ تېپىلىشىغا ئىشەنمە-
دىمۇ ياكى بۇنى چاقچاق دەپ ئويلىدىمۇ، ئىشقىلىپ، «خۇدايىم
ئىشىڭلارنى ئوڭشىسۇن!» دەپ، نەۋرىسى مەتنىگە ۋە ئەرمىشكە
كۆز قىسىپ قويدى.

— ئەي مېنىڭ تاتلىق ئالجىغان تونتۇنۇم! — دېدى مەتنى
كەينىدىن.

مېھمانلار، ئايالار، ئەرلەر نۆۋەت بويىچە كېلىشكە باشلىدى.

بىر ئايال ئۈستىدىكى يالاڭ چاپىنىنى باغۋەن رەمىزنىڭ ياتى-
قىغا ئاتتى، يەنە بىر ئەر كىشىمۇ چاپىنىنى يېشىپ شۇنداق
قىلدى.

ئاخىردا ئاختۇرغۇچى قىزلاردىن سىرتقىراق كەلگەن بىرى:

— ھوي، بۇ نېمە؟ — دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

ئۇ ھاڭ - تاڭ بولغان ھالدا قولى بىلەن رەمىزنىڭ ياستۇقىنى
كۆرسەتتى. ھەممەيلەن ئۇياققا بۇرۇلدى، ياستۇقنىڭ بىر بۇرجە-
كىدىن خورما رەڭ بىر ئايالچە سومكىنىڭ بۇرجىكى كۆرۈنۈپ
تۇراتتى.

ئەرمىش تاشتەك قېتىپلا قالدى، كۆزلىرىنى ياستۇقتىن ئۇ-زەلمىدى.

دادىسى بولمىغىدەك؟ ئۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ھە ... ھە ... ئەمدى ئۇنىڭ دادىسى، نېمە ... ئوغرى چىقىپ قالمىغىيدى؟

رەسسام قولىنى ئۇزىتىپ سومكىنى ئالدى ـ دە، سەل يۇقى-رى كۆتۈرۈپ:

— ئاللا، ئاللا! — دېدى.

ئاغزى ئېچىلىپ قالغان مەتىن ئاكا:

— ئىشەنگىلى بولمايدىغان ئىش بۇ، — دەپ غودۇڭشىدى.

سومكىنىڭ بىر بۇرجىكىنى كۆرۈپ كۆپچىلىككە كۆرسەتكەن قىز ئۇنى رەسسامنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ سىرتقا ئېلىپ چىقتى ۋە نۆۋەت كۈتۈپ تۇرغانلارغا كۆرسىتىپ:

— مانا بۇنى باغۋەننىڭ ياستۇقى ئاستىدىن تاپتۇق، كىمنىڭ-كى؟! — دېدى.

كۆپچىلىك شۇئان دەۋرەپ كەتتى. قاتارنىڭ ئەڭ كەينىدە تۇرغان قىزىل چاچلىق بىر ئايال:

— مېنىڭ، مېنىڭ سومكام! — دېگىنىچە ئېتىلىپ باردى.

— سىزنىڭمۇ؟

— ھەئە، مېنىڭ، ئەكېلىڭ.

ياتاقنىڭ ئالدىغا چىققان مەتىن ئاكا:

— توختاڭ، — دەپ توختاتتى ئۇنى، — بىردەم توختاپ تۇرۇڭ. بۇ سومكا ئەلۋەتتە سىزنىڭدۇ، بۇنىڭغا گۇمانىمىز يوق، لېكىن ئاچماي تۇرۇپ ئىچىدىكىلەرنى ئېيتىپ بېقىڭ، شۇمۇ، ئەمەسمۇ، قاراپ باقايلى.

قىزىل چاچلىق كېلىشكەن ئايال ئۇمىدسىزلەنگەن ھالدا:

— ھە ماقۇل، ئېيتىپ باقاي، قاراپ تۇرۇڭ: مىڭ لىرا پۇل، بىر دانە ئالتۇن بىلەزۈك، ئالتۇن چاقماق، تاماكا، كالپۇك گىرىم ۋە ياغلىق.

ئۇ كەم - كۈتىسىز ھالدا تولۇق ئېيتقانىدى، سومكىنى ئۇنىڭغا بېرىشتى.

— باغۋەن ئۆزى نەدە، قوزام؟ — دەپ سۈرۈشتۈردى باشقىلار.

— دادامۇ؟ دادام كۈچۈكنىڭ يېنىدا ...— دېدى ئەرمىش.

ئۇلار رەمزىنى چاقىرايلى، دەپ تۇرغاندا، ئۇ ئۆزى كېلىپ قالدى.

— كەل، رەمىز ئاكا، — دېدى مەتىن، — سېنىڭ ياستۇقۇڭنىڭ تېگىدىن بۇ ئايالنىڭ سومكىسى چىقتى.

يالاڭ تۆش رەمزىنىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپلا كەتتى.

— بۇ ئايالنىڭمۇ؟ سومكىسىمۇ؟ — دەپ كېكەچلىدى ئۇ. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى.

«ئەنىشتە» نىڭ دوستى رەسسام ئارىغا كىردى.

— ئەيىبكە بۇيرۇماسسەن ئەمدى، شۇنداققۇ؟ ياتىقىڭنىڭ ھەممە يېرىنى ئاختۇرۇشقا مەجبۇرمىز.

رەمزىنىڭ «ئاختۇرۇڭلار ...» دېگىنىنى يېنىدىكىلەر ئاڭلىدماي قالدى، ئۇنىڭ ئاۋازى ئىنتايىن بوش ئىدى.

نۆۋەت - پۆۋەت دېگىنىڭىز ئاللىقاچان بۇزۇلۇپ كەتكەن، ھەممەيلەن رەمزىنىڭ ئەتراپىدا دېۋەيلىشىپ تۇراتتى. بۇ ئېچىنىشلىق قىياپەتتىكى بىچارە ئادەم ئوغرى بولسۇنمۇ؟ كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. لېكىن، ئادەملەر ئوخشاش بولامدۇ؟ تۇرقىغا قاراپ بىر نېمە دېيىشكە بولمايدۇ - دە.

ئەرمىشنىڭ: «دادام خېلىدىن بېرى كۈچۈكنىڭ يېنىدا» دېگىنىگىمۇ ئىشەنمىدى ئۇلار.

بالا ئەلۋەتتە دادىسىنى ئاقلايدۇ - دە.

— ئەزبىرايى، راست، قاراڭلار، ئۈستەلگە قاراڭلار، خانا ئانام مەندىن يەل - يېمىش ئەۋەتكەنىدى، يەل - يېمىشمۇ شۇ پېتى تۇرىدۇ، كېلىپ يېگۈدەكمۇ بولماپتۇ.

شۇ ئەسنادا خان ئانىمۇ بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى. ئۇ رەمزىنىڭ

بېشىدىن ئايغىغىچە قاراپ چىقىپ، چۈشىنىكسىز هالدا بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى ۋە ئەرمىشنىڭ سۆزلىرىنى قۇۋۋەتلەپ:
— راست، — دېدى ئۇ، — بۇ تەخسىنى مەن ئەۋەتكەن.
— هۆرمەتلىك خانىم، — دېدى رەسسام، — يەل - يېمىشلەرنى يېمىگەنلىكىگە قاراپلا شۇنداق دېگىلى بولامدۇ؟
بۇ قېتىم سەلىم «ئەنىشتە» مۇ كېلىپ ئارىلاشتى. ئۇ كۆپچىلىك بىلەن ئاختۇرغۇچىلارنىڭ ئارىسىنى بۆلدى. ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ ياتاقتا تىقىلىشىۋېلىشىنى توسماقچى بولغانلىقى ئېنىق ئىدى.
— رۇخسەت قىلىڭلار، — دېدى ئۇ، — ئەمدى ياتاقنىڭ ئىچى ئاختۇرۇلسۇن!
ئۇ دەل ئېلېكتر چىرىغىنىڭ ئاستىدا تۇراتتى، چاچسىز تاقىر بېشى پارقىراپ كەتكەنىدى.
ياتاقنىڭ ئاختۇرۇلۇشى ئۇزۇن داۋاملاشمىدى. يالاڭ تۆش رەمىزنىڭ كىر - قات ساندۇقىدىن يەنە بىر ئاياللار سومكىسى چىقتى.
— هە، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن، رەمىز ئاكا؟
رەمىز تىترىگىنىچە ئۆرە تۇراتتى. ئۇنىڭ دەيدىغان گېپى، ئۆزىنى ئاقلايدىغان ئاساسى يوق ئىدى. ئۇ پۈتۈنلەي تۇگەشكەنىدى.
ئەرمىش دادىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ، تىترىكىنى توختاتماقچى بولغاندەك ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى.
ئىككىنچى سومكا تېپىلغان بولسىمۇ، بىراق بۇ سومكىنىڭ ئىچىدە هېچ نەرسە يوق ئىدى.
سومكىنىڭ ئىگىسى بىر ياشانغان ئايال بولۇپ، ئۇ شەپقەتسىز، نەپرەتلىك قاراشلىرى بىلەن رەمىزنى ۋە ئۇنى قوغداۋاتقان كىچىك ئوغلىنى يەرگە كىرگۈزۈۋەتمەكچى بولغاندەك تىكىلىپ قارايتتى.
— ئەمدى ساقچى كەلسۇن! — دېيىشتى باشقىلار، — بۇ ئادەمنى سوراق قىلسۇن، قىيىن - قىستاققا ئالسۇن.
راستىنى ئېيتقاندا، داچىنىڭ خوجايىنلىرى ئۇچمە يېگەن

قوشقاچتەك سايرىسىمۇ، ئادەملەرنى قوغىداپ قالىغىۇدەك گەپ تاپالمايتتى.
بېشىنى پەسكە ئېڭىشتۇرۇپ تۇرغان ئەرمىشنىڭ كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش تۆكۈلدى، كېيىن ئۇ ئۆزىنى بېسىۋالدى.
ساقچى ئىدارىسىگە تېلېفون بېرىشتى، ساقچىلار دەرھال يېتىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ بىرى باشلىق، قالغان ئۈچ - تۆتى ئادەتتىكى ساقچى ئىدى. ئۇلارنىڭ كېلىشى بىلەن ئىش پۈتمىدى. ساقچىنىڭ ئوغرىلىق ۋەقەلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان مۇناسىۋەتلىك بۆلۈمىدىن يەنە بىر ماشىنىدا لىق ساقچى كەلدى.
ئۇلارنىڭ دەسلەپكى ئىشى داچىنىڭ دەرۋازىسىنى تاقاش بولدى. شۇنداق، ئوغرىنى قاچۇرماسلىق كېرەك - دە! قاراڭلار، بۇ ھېچ چۈشىنىپ بولمايدىغان ئىش ئىدى.
ۋەقە چۈشەندۇرۇلدى. ياتىقىدىن سومكىلار تېپىلغان باغۋەن رەمىز ساقچىلارغا كۆرسىتىلدى.
ۋەزىپە ئۆتىگۈچى ساقچىلارنىڭ باشلىقى:
— بىزمۇ نەق مەيداننى بىر ئاختۇرۇپ كۆرەيلى، — دېدى.
ئۇلار باغچىغا تارىلىپ، داچىنى ئارىلاپ چىقتى، سومكىسى يوقالغانلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلاشتى.
ئاشۇ ئىككى سومكىدىن باشقا سومكا تېپىلمىدى. قالغان ئونچە سومكىنىمۇ تېپىش كېرەك - دە!
باغۋەننىڭ ياتىقىدا ھېچكىم قالمىغاندا، ئۇ يەرگە رەمىز ۋە بىر پۇقرا، ئىككى ساقچى كىرىپ ئىشىكنى تاقاشتى.
ئىچكىرىدە دېيىشىۋاتقان گەپلەر ۋە رەمىزنىڭ جاۋابلىرى سىرتتىكىلەرگە ئاڭلانمايتتى.
ئىشىك ئېچىلغاندا، ساقچى باشلىقى جەۋات تاغىغا:
— گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمىدى، ئېلىپ كېتىمىز، شىكايەت قىلىدىغانلار ئەتە ئەتىگەندە ساقچى ئىدارىسىگە بارسۇن! — دېدى.
ئورۇق، چىرايى تاتىراڭغۇ رەمىز كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ ماشىنىغا چۈشۈرۈلدى.

تويغا قاتناشقان مېھمانلار سەھەرگە يېقىن غودۇڭشىغان ھالدا تارقىشىپ ئۆيلىرىگە قايتىشتى.

گۈلچىن ھەدە دىر ـ دىر تىترىگەن ئەرمىشنى قۇچاقلاپ ئىسسىتىشقا تىرىشاتتى.

سەلىم «ئەنىشتە» :

— قېنى، بىزمۇ ئۆيىمىزگە ماڭايلى، — دېگەندە، گۈلچىن بېشىنى چايقاپ:

— ياق، سەلىم، بۇ بالىنى بۇ ئەھۋالدا تاشلاپ كېتەلـمەيمەن، — دېدى.

— بىراق، گۈزىلىم ...

— راست دەيمەن، ماڭا ئىشەن، ۋەقەنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى ئېنىقلانمىغۇچە داچىدىن كېتەلمەيمەن.

— ئەمىسە مەن يالغۇز كېتەيمۇ؟

— سەنمۇ كەتمە، بۇرۇنقىدەك قونۇۋەر.

— نەۋرەم ئەقىللىك قىز، — دېدى خان ئانا.

سەلىم «ئەنىشتە» ھەيران بولغان كۆزلىرىنى ئېچىپ:

— ھەي، چۈشىنەلمىدىم، — دېدى خان ئانىغا قاراپ.

—نەۋرەم ئەقىللىق قىز دەۋاتىمەن شۇ — دەپ گەپنى تۈگەتتى خان ئانا.

## 5

ئەرمىشنىڭ كېلىدىن ھېچ نەرسە ئۆتمىدى، ئۇ نېمىشقىدۇر بەختسىزلىك ھېس قىلاتتى. ئۇنى باغچىدىن ئۆيگە قايتۇرۇپ كېلىشمۇ تەس بولدى، بىرقانچە كىشىنىڭ: «ئىككى ئايالچە سومكا باغۋەننىڭ ياتىقىدىن چىقتى، ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق!» دەپ گۇۋاھلىق بېرىشى دادىسىنىڭ قولغا ئېلىنىشىغا سەۋەب بولغانىدى.

ئەرمىش گۈلچىن ھەدىسى بىلەن بىللە دادىسىغا تاماق ئېلىپ

باردى، دادىسى ھېلىقى ئاخشىمى يېپىشكە نېسىپ بولمىغان يەل - يېمىشلەرنىمۇ بىر سۇلياۋ خالتىغا سېلىپ ئېلىپ بارغانىدى. ئەرمىشنىڭ دادىسى تاماققىمۇ، يەل - يېمىشقىمۇ قول تەگكۈزمەس-تىن: «رەھمەت، كېيىن يەيمەن ...» دېدى. گۈلچىن ھەدە ئۇنىڭ-غا پۇل تەڭلىگەنىدى، رەمىز ئاكا ئۇنىمۇ ئالماي: «رەھمەت، كىچىك خانىم، پۇلۇم بار...» دېدى. ھەر ھالدا پۇلى بارلىقى راست بولسا كېرەك، بولمىسا ئالار ئىدى.

راست ئالارمىدى؟

ياق، ئۇ ناھەقتىن - ناھەق ئوغرى ئاتىلىپ تۇتۇلغىنىغا كۆڭلى بۇزۇلۇپ رەنجىۋاتاتتى.

— ياتقان ئورنىڭىز تۈزۈكمۇ، رەمىز ئاكا؟ — دەپ سورىدى گۈلچىن ھەدە.

— ياخشى، كىچىك خانىم، — دەپ جاۋاب قايتۇردى رەمىز ئاكا.

بىراق ئۇ قۇرۇق تاختاي ئۇستىدە ياتاتتى.

— بىز سىزگە ئورۇن - كۆرپە ئەكېلىپ بېرەيلى.

— ئالمايدۇ، بولدى قويۇڭ، رەھمەت سىزگە!

كېيىن ئۇنىڭغا مەھەللىدە ئۈزۈن يىل سۈپۈرگۈچىلىك قىلىپ ئۆت-كەن ۋەلىنىڭ خوتۇنىدىن — يەتتە قەۋەت يەرنىڭ ئاستىدىكى يىلان-نىڭ كۆشىگىنىنى بىلىدىغان تۇل خوتۇن خەيرىيە خانىمدىن پۇل ۋە ئورۇن - كۆرپە ئەۋەتىپ بېرىلدى. خەيرىيە خانىم يالاڭ تۆش رەمىزگە مۇنۇ خۇش خەۋەرنىمۇ ئالغاچ باردى:

— يېقىندا قۇتۇلۇپ چىقىسەن، رەمىز ئەپەندى، قايغۇرما.

— راست قۇتۇلۇپ چىقارمەنمۇ؟

رەمىز بۇنىڭغا زادى ئىشەنمەيتتى. تۈرمىگە كىرىش ئاسان، چىقىش تەس - دە. كىرىشتە خان دەرۋازىسىدەك كەڭ ئىشىكتىن كىرگەن بىلەن، چىقىشتا يىڭنە تۆشۈكىدىنمۇ تار يەردىن چىقىدى-غان گەپ. رەمىز تۈرمىدە ياتقانلاردىن سورۇشتۇرۇپ خېلىلا نەر-سىلەرنى بىلىۋالدى.

— ئەندىشە قىلما، ئۇلار سېنى قۇتۇلدۇرۇش كويىدا، — دېدى خەيرىيە خانىم.
يالاڭ تۆش رەمىز بېشىنى تۆۋەن سالدى:
— بىزنى بۇ يەردىن قۇتقۇزسا خۇدا قۇتقۇزار.
ئەرمىش كۆن بويى دادىسىنىڭ ياتاقخانىسىغا كىرىپ، ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئەتراپقا تەلمۈرەتتى. ئۇ يەردىن كۆل بېشىغا چىقىپ، بىردەم ئالتۇنبېلىقلارغا قارايتتى ياكى زەنجىرىدىن بوشىتىلغان پامۇقنىڭ يېنىدا يۈرەتتى.
— ئۇنى جازالاپ باغلاپ قويغان، بوشىتىۋەتمىسەڭ بوپتىكەن، ئەرمىش! — دېدى نەسرىن خانىم.
باقىركوينىڭ هاكىم هەم ۋالىيلىرىنى كۆرگەن ئەرمىش بىر ئاز مەغرۇر قىياپەتتە:
— بوشىتىۋەتسەم نېمە بوپتۇ، هاماچا! — دېدى.
— ئاپا، — دېدى گۈلچىن هەدە، — بولدى قوي، ئۇ خالىغىنىنى قىلسۇن. بەلكىم پامۇقنى قويۇپ بېرىش ئۇنىڭغا دادىسىنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۇرگەندەك تۇيۇلغاندۇ.
لېكىن، ئۇ بۇ سۆزنى ئەرمىش يوق يەردە ئېيتتى.
ئەرمىشكە بۇ ئېغىر جۇدالىق كۈنلەردە ئەڭ كۆپ هەمراھ بولغان يەنىلا خان ئانا بولدى. ئۇ ئاشخانىدا تاماق ئەتكەچ ئەرمىشكە چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى، ئۇنى چۆچەكلەر بىلەن بەزلەيتتى. باغچىغا چىققان، كۈچۈككە ئۇستىخان ياكى سۇ بەرگەن، بېلىقلارغا يەم تاشلىغان ۋاقىتلاردىمۇ چۆچەك ئېيتىش توختىمايتتى.
ئۇلار كۈنلەرنى مانا شۇنداق ئۆتكۈزدى.
بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئۇلار باغچىدىكى ۋاقىتدا ئەرمىشتىن:
— سەن نېمىشقا دائىم كۆلگە ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا قارايسەن؟ — دەپ سورىدى خان ئانا.
— كاللامدا بىر نەرسە بار، — دېدى ئەرمىش.
— نېمە بار؟

— نېمىشقىدۇر تاپالمايۋاتىمەن.
— قانداق نەرسە ئۇ؟
— گويا كۆل: «ماڭا ياخشى قارا، مېنى ياخشى تونۇۋال» دەۋاتقاندەكلا قىلىدۇ.
— ھە، شۇڭا قارايدىكەنسەن - دە؟
— ياق، ئۇنداق ئەمەس.
— ئۇنداق بولسا نېمىگە قارايسەن؟
— باشقا بىر نەرسە.
ئەرمىش چۇش كۆرۈپ ئويغاندەك بىردىنلا سىلكىندى.
— خان ئانا، — دەپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى ئەرمىش، — كۆلنىڭ سۈيىنى چىقىرىۋەتكىلى بولمامدۇ؟
— بولمايدۇ.
— نېمىشقا؟
— ئىچىدە بېلىقلارنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ كۆلنىڭ سۈيى چىقىرىۋېتىلسە، ئۇلار ئۆلۈپ تۈگەيدۇ.
— پۈتۈنلەي چىقىرىۋەتسەك دېمەيمەن، بىر غېرىچ سۇ قالغۇچە چىقىرىۋەتسەك دېمەكچىمەن.
— ئۇنداق قىلىپ نېمە قىلاتتىڭ؟
— كۆلنىڭ تېگىدىن بىر نەرسىلەر چىقىپ قېلىشى مۇمكىن.
خان ئانا ئەرمىشكە زوقلىنىپ قارىدى، بالىنىڭ تۇرقىدىن غېرىبلىق سەزگەن خان ئانا شالاڭ كىرپىكلىرى ئارىسىدىكى كۆز-لىرىنى يۇمۇشتۇرغان ھالدا ئۇنىڭغا يەنە بىر قاراپ قويدى.
— سۇنىڭ تېگىدە پاتقاق، موخ، بېلىق ئۇۋىلىرىدىن باشقا نېمە بار دەيسەن؟
— ئېنىق بىلمەيمەن، لېكىن ئىچىمگە شۇنداق بىر شەيتان كىرىۋالدى، خان ئانا.
— ھە، سەن، — دېدى مۇساۋەت خانىم. ئۇنىڭ شەيتىنى «بۇ بالىنىڭ رايىدىغا باق، سۆزىنى ئاڭلا، بۇنىڭدا بىر گەپ بار!» دەيتتى، — ماقۇل، سەن كۆلنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ،

كۆلگە سۇ كىرىدىغان جۇمەكنى تاقىۋەت، مەنمۇ بۇ يەردىكى تۆمۈر-
نى كۆتۈرۈۋېتىشكە تىرىشىپ باقاي، قېنى، سۇ ئازىيامدىكىن.
ئەرمىش بېرىپ جۇمەكنى بۇرىغانىدى، سۇ توختىدى.
خان ئانا كۆلنىڭ تۈۋىدىكى قاپقاقنى ئاچىدىغان تۆمۈر كالتەك-
نى يۇقىرىغا ئارانلا چىقىرىۋالدى. سۇ ئىتتىك ئاقماي ناھايىتى
ئاستا تۆۋەنلەشكە باشلىدى. دەرۋەقە، سۇ بىردىنلا تۆۋەنلەپ كەتسە
بېلىقلار ئۇچۇن خەتەرلىك بولاتتى ـ دە، ئۇلار سۇ چىقىرىش
ئېغىزىغا توپلىشىپ قېلىپ، تۆشۈككە تىقىلىپ ئۆلەتتى.
ئارىدىن بىر سائەتكە يېقىن ۋاقىت ئۆتتى. سۇ پەقەت ئىككى
غېرىچ تۆۋەنلىدى، يەنە داۋاملىق ئازايتىش كېرەك ئىدى.
بېلىقلار ساراسىمىگە چۈشتى، خەۋپنى سېزىپ، ئۇياقتىن ـ
بۇياققا قېچىشقا باشلىدى. بەزىلىرى يۇقىرىلاپ سۇنىڭ ئۈستىگە
سەكرەيتتى. سۇ ئازايغانسېرى ئويناقشىپ قېچىش تېزلەشتى. خان
ئانا ئەرمىشنىڭ رايىغا بېقىپ ئىش قىلىپ قويغىنىغا پۇشايمانمۇ
قىلدى: «ساراڭدەك ئىش قىلىپتۇق» دەپ ئويلىدى ئۇ.
ئەرمىش يەنە ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلىپ سۆزلىدى:
— قاراڭ، خان ئانا!
— نېمە بولدى؟
— كۆردىڭىزمۇ؟
— نېمىنى؟
— سومكىنى!
— كۆزلىرىم سىنىڭكىدەك ئۆتكۈر ئەمەس، بالام!
— مەن سۇنىڭ تېگىدە بىر، ياق، ئىككى سومكا كۆرۈۋاتىمەن.
— سومكا؟!
خان ئانىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى:
— بولدى، — دېدى ئۇ، — بولدى چۈشەندىم، سۇنى يەنىمۇ
چىقىرىۋېتىشنىڭ ھاجىتى قالمىدى.
ئۇ ئېگىشىپ قارىۋىدى، دەرۋەقە ئەرمىش كۆرسەتكەن سومكى-

لارنى چۆشىدە كۆرگەندەك بولدى. ئۇنىڭ كاللىسى ئەمدى تېز ئىشلەشكە باشلىدى.

— ھىم، ئەقلىڭ بىلەن مىڭ ياشقا كىر، پىندەك! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى ئۇ.

سۇلارنى چىقىرىشنى توختاتقاندىن كېيىن، ئۇلار ھاسىراپ - ھۆمىدەپ داچىغا يۈگۈردى. ئەرمىش يۈگۈرەيتتى، خان ئانا بولسا ئۇنىڭغا يېتىشىشكە تىرىشاتتى.

داچىدا گۈلچىن ھەدە بىلەن نەسرىن ھاماچىدىن باشقا ھېچ-كىم يوق ئىدى. جەۋات تاغا بىلەن سەلىم «ئەنىشتە» ئۆز ئىشلىرى-غا كەتكەن، مەتىن ئاكىمۇ دوستلىرى بىلەن چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ نەدىلىكىنى كىم بىلسۇن.

ئەرمىش روھلۇق ۋارقىرىدى:

— گۈلچــىن ھەدە، نەسـرـىن ھامـاچا، بولۇڭلار، يۈ-گۈرۈڭلار!

ئەرمىش ئۇلارنى تېپىش ئۈچۈن ھۇجرىلارنى ئاختۇرۇشقا باش-لىدى.

يۈگۈرۈش تۇرماق، ئىتتىكرەك مېڭىشقىمۇ دەرمانى قالمىغان خان ئانا ئىشىك ئالدىدىكى بىر ئورۇندۇققا ئۆزىنى تاشلاپ، ھاسى-راپ ئولتۇراتتى.

ئانا بىلەن قىز ھۇجرىلىرىدىن ئېتىلىپ چىقىشتى. پىندەك-نىڭ شۇ تاپتىكى روھىنى بىر كۆرۈشكە ئالدىرايتتى.

— نېمە بولدى، ئەرمىش؟

گۈلچىن مومىسىنىڭ ھاسىراپ - ھۆمىدەپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ ئەنسىرىدى:

— خان ئانا، نېمە بولدىڭىز؟

ياشانغان ئانا، «ئۇنىڭدىن سوراڭلار، دەپ بەرسۇن!» دېگەن-دەك قىلىپ قولى بىلەن ئەرمىشنى ئىشارەت قىلدى.

— سومكىلار، جېنىم ھەدە! سومكىلار، جېنىم ھاماچا!

— نېمە دېمەكچىسەن، ئەرمىش؟

— تېپىلدى، سومكىلار تېپىلدى!
— يالغاندۇ؟
— راستمۇ؟
— قەيەردە؟
— ھەممىسى كۆلدە، كۆلنىڭ تېگىدە، ئوغرى شۇ يەرگە تاشلاپتۇ!

«قېنى، كۆرەيلى» دېيىشىپ، گۈلچىن بىلەن ئاپىسى باغچىغا يۈگۈرۈشتى. ئەرمىشمۇ ئۇلاردىن قالماي يۈگۈردى. دادىسىنىڭ گۇناھسىزلىقى ئىسپاتلىنىدىغان بولدى، دادىسى ئاقلىنىدىغان بولدى، بۇ ئاسان گەپمۇ!

ھەقىقەتەنمۇ ھېلىقى مېھمان ئاياللارنىڭ ئوغرى ئالدى دېگەن سومكىلىرى كۆلنىڭ تېگىدە مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. چوڭ - كىچىك نەق توققۇز سومكا! ئۇلارنىڭ ئۈستىنى ئازراق لاي بېسىپ قالغانىدى.

— بۇ تولىمۇ ياخشى بولدى! — دېدى نەسرىن ھاماچا، — كىشىلەرنىڭ تاپا - تەنىلىرىدىن قۇتۇلىدىغان بولدۇق.
— ئۇنى قوي، ئاپا، مۇھىمى، ئادىمىمىز تۈرمىدىن قۇتۇلىدىغان بولدى، — دېدى گۈلچىن ھەدە.
— بۇ ئويۇننى، بۇ سەتچىلىكنى كىم ئوينىغاندۇ - ھە؟
— كىم بىلسۇن!
— ۋاي، ئىشقىلىپ تېپىلدىغۇ!
— ساقچىغا خەۋەر بەرمەمدۇق؟ — دېدى يېتىشىپ كەلگەن ئەرمىش.

بالىنىڭ گېپى توغرا ئىدى.

— شۇنداق، شۇنداق، مانا ھازىر، — دېدى گۈلچىن ھەدە، — بىز قول تەگكۈزمەي تۇرايلى، ئۇلارمۇ كېلىپ كۆرسۇن. ئاپا، مەن تېلېفون بېرەي.
— ماڭ، قىزىم، داداڭغىمۇ تېلېفون قىل.
— ماقۇل.

— ئۇمۇ كەلسۇن!
— ماقۇل، ئاپا، ئېيتاي.
گۇلچىن ھەدە ساقچىغا تېلېفون بەرگىلى كەتتى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىككى ساقچى يېتىپ كەلدى. ئون بەش مىنۇتتىن كېيىن جەۋات تاغىمۇ كۆل بېشىدا ھازىر بولدى.
ساقچىلاردىن بىرى ئاياغ كىيىملىرىنى يېشىۋېتىپ، پاقالچاق-لىرىنى تۇرۇپ سۇغا كىرىپ، سومكىلارنى بىر - بىرلەپ يىغىۋال-دى.
— ئاجايىپ بىــر ۋەقە! — دېدى ساقــچىلارنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى.
— تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىكى، بۇ ئىشنىڭ مۇشۇ مۇشتۇمدەك بالىنىڭ ئەقلىگە كەلگىنىنى قاراڭ، باشلىق... — دېدى كۆلدىن يىغىۋالغان سومكىلارنى ئۇنىڭ قولىغا بەرگەن ساقچى.
مۇئاۋىن باشلىق ئەرمىشكە زوقلىنىپ قارىدى:
— ئىسمىڭ نېمە، شا كىچىك؟
ئەرمىش ئىسمىنى تېخىمۇ مەغرۇرلىنىپ ئېيتتى.
— قولىغا ئېلىنغان باغۋەن بىلەن بىرەر يېقىنچىلىقىڭ بارمۇ؟
— ئۇ مېنىڭ دادام.
— ھە؟
— ئەمدى ئۇ ئادەمنى قويۇۋەتسەڭلار، — دېدى جەۋات تاغا.
— ئۇنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ سورايمىز، — دېدى مۇئاۋىن باشلىق، — سومكىلارنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىمىز، ئەلۋەتتە ئۇنىڭمۇ دەيدىغان گېپى باردۇر.
— ئۇنىڭ نېمە دېيىشىنى تەلەپ قىلىسىلەر؟
— سومكىلارنى سۇغا مەن تاشلىمىدىم، بۇنىڭدىن ھېچ خەۋ-رىم يوق، دېيىشى مۇمكىن.
ساقچىنىڭ مۆلچەرى توغرا چىقتى. ئەتىسى ئەتىگەندە يالاڭ تۆش رەمىز داچىغا ئېلىپ كېلىنىپ تېپىلغان سومكىلار كۆرسى-تىلگەندە، يەرلىك شېۋىسى بىلەن: «ئىشىنىڭلاركى، بۇلاردىن

ھېچ خەۋىرىم يوق» دېدى.
ساقچىلار رەمىزنى قانداق ئەكەلگەن بولسا، تۇرمىگە شۇنداق ئېلىپ كېتىشتى.
— بۇلارنى كۆلگە تاشلىغان سەن ئەمەسمۇ زادى؟
— ياق، ھېچ خەۋىرىم يوق.
— گۇناھىڭنى تونۇغۇچە بۇ يەردە ياتىسەن.
— مەن بۇ ھەقتە ھېچنېمە بىلمەيمەن، تۆھمەتكە ئۇچرىدىم. مەن گۇناھسىز.
— بىراق، ئىككى سومكا سېنىڭ ياتىقىڭدىن چىقتى. بۇ سومكىلارمۇ ياتىقىڭغا يېقىن يەردىكى كۆلدىن چىقتى!
— قانداقلا بولسۇن، تۆھمەتكە ئۇچرىدىم.
— ئۆزۈڭ بىل، ماڭ، ئىچكىرىگە كىرىپ يات.
رەمىز: «مەن گۇناھسىز، تۆھمەتكە ئۇچرىدىم!» دېيىشتىن ۋاز كەچمىدى. كۆرۈنۈشتە ئۇنى بۇنداق ئىشلارنى قىلالمايدىغان بىر ئادەمگە ئوخشمايدۇ، دېگىلىمۇ بولمايتتى.
سومكىلار تېپىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىچىدە ھېچنېمە يوق ئىدى، ئىچىدىكى پۇل ۋە قىممەت باھالىق بۇيۇملار ئېلىۋېتىلىپ، كالپۇك گىرىملىرى، ئەتىر قۇتىلىرى، قولياغلىق، تاماكا قاپچۇقـ لىرىغا ئوخشاش نەرسىلەرلا قالغانىدى. ئوغرى تۇگۇل، باشقا كىشىلەرمۇ ئۇنداق نەرسىلەرنى ئالمايتتى.
قىسقىسى، سومكىلارنىڭ كۆل تېگىدىن تېپىلىشى رەمىزنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم قىلالمىدى، ئەكسىچە، ئۇ بۇ ئادەمـ نىڭ ئەھۋالىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى.
ئەرمىشنىڭ روھى بۇرۇنقىدىنمۇ چۈشۈپ كەتتى.
ئۇنىڭدىن سومكىلارنىڭ كۆلگە تاشلانغانلىقى قانداقچە ئەقلىگە كېلىپ قالغانلىقى سورالغاندا، مۇنداق چۈشەندۈردى:
— توي كېچىسى چىراغلار ئۆچكەندە، مەن كۆل بېشىدا ئىدىم. سۇغا بىر نەرسە ئېتىلىۋاتقاندەك بىر ئاۋازنى ئاڭلىدىم. لېكىن، بۇنى ئۇنتۇپ قاپتىكەنمەن، كېيىن خان ئانام بىلەن بېلىقـ

لارغا يەم بېرىۋاتقىنىمىزدا ئېسىمگە كېلىپ قالدى.
— هالبۇكى، بۇ گەپلىرىڭىنىڭ داداڭغا ياردىمى بولمىدى.
— هەئە، ياردىمى بولمىدى.
سومكىلارنىڭ تېپىلىشى پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرنى جانلاندۇر-
دى. مەتىن ئاكا ئەرمىشنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:
— ئاپىرىن ساڭا، كالتە پاچاق! — دېدى.
سەلىم «ئەنشتە» تېخىمۇ ئالدىغا ئۆتۈپ:
— ئېيتقىن، ئەرمىش، كۆڭلۈڭ تارتقان نەرسە بولسا ماڭا
ئېيت، ئاخشاملىققا ئالغاچ كېلەي! — دېدى، — بىزنىڭ ئەقلە-
مىزمۇ جايىدا، بىراق، ئەقلىدە سېنىڭ قولۇڭغا سۇ قۇيۇپ بېرەل-
مەيدىكەنمىز.
خان ئانا ئۆز - ئۆزىگە غودۇڭشىدى:
— هە، «ئۆزۈڭنى ئەر چاغلىساڭ، باشقىلارنى شىر چاغلا»
دەپتىكەن.
— رەهمەت، ئەنشتە، كۆڭلۈم هېچ نەرسە تارتمايدۇ.
— ئۈچ چاقلىق ۋېلىسىپىت ئالغاچ كەلسەم قانداق؟
— ئۇنىمۇ تارتمايدۇ.
— هەببەللى، باغچىدا تاماشا قىلىمەن، دېگىنە!
ئەرمىشنىڭ، كۆڭلۈم تارتمايدۇ، دېگىنىگە قارىماي، «ئەنش-
تە» كەچقۇرۇندا ئۇنىڭغا ئۈچ چاقلىق ۋېلىسىپىت ئالغاچ كەلدى.
ئەرمىش ئارتۇق غىدىڭ - پىدىڭ قىلماي ۋېلىسىپىتقا مىندى.
شۇنىڭدىن كېيىن ۋېلىسىپىت ئۇنىڭغا كۆڭۈللۈك بىر ئويۇن بولۇپ
قالدى. ئۇ ۋېلىسىپىتقا مىنىۋېلىپ پامۇق بىلەن يۇگۇرۇشتە مۇسا-
بىقىلىشەتتى. بەزىدە پامۇق ئارقا پۇتلىرىنى ۋېلىسىپىتنىڭ تۆمۈ-
رىگە، ئالدى پۇتلىرىنى ئەرمىشنىڭ دۈمبىسىگە ئارتىپ مىنگىشىۋا-
لاتتى.
— سىزمۇ مىنەمسىز، خان ئانا؟
— هە، هە، مەن قىلمىغان شۇ ئىش قالغان، — دېدى خان
ئانا كۈلۈپ بېشىنى چايقاپ، — ئۇنىڭغىمۇ مىنەي، بۇ ئوغرىلىق

ۋەقەسى بىلەن دىمىسىمۇ خەقنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالدۇق. خەق ئۇلتۇرسا ـ قوپسا بىزنىڭ گېپىمىزنى قىلىشىدۇ، ئەمدى مېنىڭ ۋېلىسىپىت مىنگىنىمنى كۆرۈشسە تاماشىنى شۇ چاغدا كۆرىسەن!

ئۇنىڭ كاللىسىغا باشقا بىر نەرسىلەر كىرىۋالغان بولۇپ، نېمىلەرنىدۇر دەپ غودۇڭشىيتتى، ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقىنىنى ھېچ-كىم چۈشەنمەيتتى، ئاۋازىنى چىقىرىپ كىشىلەرگە ئاڭلىتىپ دې-گىنى، «بۇ ئىش بۇنداق بولۇپ كەتمەس» دېگەن گەپ بولدى.

گۈلچىن ھەدە دادىسىنىڭ ئۆيىدىن چىقالماي قالدى. ۋەقەنىڭ بىر ئۇچى چىقمىغۇچە ئۇنىڭ سەلىم «ئەنىشتە» نىڭ ئۆيىگە بېرىش نىيىتى يوق ئىدى.

— بوپتۇ، — دېدى سەلىم «ئەنىشتە» كىشىلەرنىڭ ئالدىدا، — ماقۇل، سەن خالىساڭ ئەرمىشىنىمۇ بىرلىكتە ئېلىپ كېتەيلى.

— ئۇ بۇ يەردىن، باغچىدىن، ۋېلىسىپىتتىن، پامۇقتىن، بېلىقلىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. خان ئانىسىدىن تېخىمۇ ...

— ئۆزۈڭ بىر نېمە دېگىن، ئەرمىش، بىز بىلەن كېتەمسەن؟

كالتە پاچاق كەسكىن قىلىپ قىسقىچىلا جاۋاب قايتۇردى:

— كەتمەيمەن!

— بىراق، سەندىن خاپا بولۇپ قالىمەن.

— ئۆزىڭىز بىلىڭ، ئەنىشتە.

— دېمەك مېنى رەنجىتىشنى خالايدىكەنسەن ـ دە؟

— ماڭا ۋېلىسىپىت ئېلىپ بەردىڭىز، لېكىن ئۆزىڭىز بىلىڭ.

گۈلچىن ھەدە كۈلدى.

— قارا، كۆردۇڭمۇ، ماقۇل قىلالمىدىڭ.

شۇنىڭدىن كېيىن سەلىم «ئەنىشتە» «كېتىش» دېگەن سۆزنى ئاغزىغا ئالماي، گۈلچىننىڭ يۇز خاتىرىسى ئۇچۇن قېيناتىسىنىڭ ئۆيىدە يەنە بىرنەچچە كۈن تۇردى.

خان ئانا ئاردىكى گەپلەرنى ئۇققۇسى كېلىپ، بىر ئۇنىڭغا، بىر بۇنىڭغا قارايتتى. ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشكىنىنى ئېنىق ئۇقمىد-

ـسىمۇ، نېمىلەرنى دېيىشىۋاتقىنىنى بىلىپ تۇراتتى.

دالاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇستەلدە قانداقتۇر بىر كىتابنى ئاختۇرۇۋاتقان مەتىن ئاكا ئۇلارغا بۇرۇلۇپ:

— ئەنىشتە، مەن بىلەن بىر قول تاۋلا[1] ئوينامسىز؟ — دېدى.

— تاۋلا ئويناشنى بىلمەيمەن ـ دە، مەتىن.

— خاپا بولماڭ، سىزمۇ ھېچقانداق ئويۇننى بىلمەيدىكەنسىز. ھەددەم، دادام ۋە ئانامىلارمۇ مەن بىلەن ئوينىمايدۇ. چۈنكى، ھەمـمىسىنى ئۇتتۇۋالىمەن ـ دە. ئەمدى مەن كىمنى يېڭىپ، ئۇنىڭدىن بىر نەرسە يۇلۇۋالارمەن؟ ئەزبىرايى خۇدا، يالغان ئېيتسام كور بولۇپ كېتەي، يېقىندىن بېرى گاداي بولۇپ كەتتىم!

— پۇل دېسەڭ بېرەي، — دېدى سەلىم «ئەنىشتە».

— قەرزگىمۇ؟

— قەرزگە.

— قانچىلىك بېرىسىز؟

— قانچىلىك دېسەڭ شۇنچىلىك بېرەي.

— ياق، مەن قەرزدار بولۇشنى خالىمايمەن، — دېدى مەتىن ئاكا، — ئاپام گۇۋاھكى، نېنىمنى ئۆزۈم تېپىپ يەيمەن. شۇنداق ئەمەسمۇ، ئاپا؟

نەسرىن خانىم مۇرىلىرىنى كۆتۈرۈپ قويدى:

— نېنىنى ئۆزى تېپىپ يەرمىش!

— ئەنىشتەنىڭ يېنىدا يۈزۈمنى چۈشۈردۈڭغۇ، جېنىم ئاپا.

— ئەخمەق! — دېدى نەسرىن خانىم، — ئاڭلىغۇچىمۇ چۈشۈپ كەتكۈدەك يۈزى بار ئىكەن، دەپ قالار.

بىر ـ بىرىنى تاتىلاش بۇلارنىڭ بۇرۇندىن كېلىۋاتقان ئادىتى بولۇپ، ئاخىردا بىر ـ بىرىدىن قېلىشماي قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرى گەپتىن چۈشەتتى.

---

[1] ھەر ئىككى تەرەپتە ئون بەشتىن ئورۇق بولۇپ، ئىككىدىن ئېتىپ ئوينايدىغان بىر خىل غەربچە قىمار.

خان ئانا تۇيۇقسىزلا:
— بالىلار، شەنبە كۈنى كەچلىك تاماققا ئەخمەت ئاشىقنىمۇ چاقىرايلى، — دېدى، — ئۇزۇن بولدى كۆرۈشمىگىلى، چاقىرمىسا كەلمەيدۇ، تويغىمۇ چاقىرماپتىكەنمىز، كەلمىدى.
— راست، ئۇنى قانداق ئۇنتۇپ قالدۇق؟ — دېدى گۈلچىن ھەدە سىلىق ئاۋاز بىلەن.
— ئەخمەت ئاشىق دېگەن كىم؟
— كونا بولغاندىمۇ تازا كونا ھەققەمسايىمىز، — دەپ ئىزاھات بەردى خانا ئانا، — ئىلگىرى، ئۇ ئىشلارنى گۈلچىن بىلەن مەتىن بىلمەيدۇ، ئۇ داداڭلارنىڭ سۈننەت تويىدا سېھىرگەرلىك ئويۇنى ئويناپ، كىشىلەرنى كۈلدۈرۈپ بىر قىلىۋەتكەن، رەھمەتلىك يولدىشىم خەيرى پاشا ئۇنى پات - پات داستىخانغا چاقىرتىپ كېلەتتى. ئۇنىڭغا ھۈنىرىدىن قالغىلى خېلى بولدى، كۈننى ئارانلا ئۆتكۈزىدۇ. لېكىن، ئۇزۇندىن بېرى كۆرۈنمەي كەتتى، شۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇ ھاياتمۇ ياكى ئۆلدىمۇ، خۇدا بىلىدۇ!
جەۋات تاغا پېشانىسىنى تاتىلاپ تۇرۇپ دېدى:
— كىمنى دېسەڭ چاقىرىپ بېرەيلى، ئاپا، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەخمەت ئاشىق بەگنى مەنمۇ ياخشى كۆرىمەن.
— بىزچۇ؟ — دېيىشتى مەتىن بىلەن گۈلچىن، — بىز ياخشى كۆرمەمدۇق؟ ئۇ بىر ئوبدان بوۋايغۇ.
— ئۆيىدە تېلېفون بارمۇ؟
— نېمە قىلاتتىڭىز؟
— بىزدە ئادرېسى بار، — دېدى نەسرىن خانىم.
— ئادرېسىنى ماڭا بېرىڭلار، مەن بېرىپ ئۇنى چاقىرىپ كېلەي، ئاپا! — دېدى مەتىن.
مۇساۋەت خانىم:
— شەنبە كۈنى كەچتە كېلىشنى قايتا - قايتا تاپىلاپ، ئۇنتۇپ قالماسلىقىنىمۇ ئېسىگە سال، — دەپ قوشۇمچە قىلدى، — قېرىپ قالدى، بىر نېمىدەپ بولمايدۇ، ئالجىپ قالغاندۇ بەلكىم.

قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى مەتىن:
— سېنىڭ ئالجىغىنىڭغا قارىغاندا، ئۇياقمۇ ئالجىغاندۇ، تونتۇنۇم!

## 6

شەنبە ئاخشىمى سائەت توققۇز.
توخۇ گۆشى قازاندىن خېلى ئۇزۇن تۇرغۇزۇلۇپ ئېلىندى، نەسرىن خانىم ئۇنى ۋېلكىنىڭ ئۇچى بىلەن تەكشۈرۈپ كۆرۈپ: «پىشماپتۇ بۇ پالاكەت، تېخى پىشماپتۇ...» دەپ كايىپ قويدى.
مۇساۋەت خان ئانا بېشىنى تاۋاقتىن كۆتۈرمەي يىگىلى تۇردى.
ئەخمەت ئاشىق بەگ داستىخان ئۈستىدە لەتىپە سۆزلەپ كىشىلەرنى كۈلدۈرەتتى.
سەلىم «ئەنىشتە» نىڭ كۆڭلى ۋەسۋەسگە چۈشتى.
جەۋات بەگ مۇئاۋىن باش مۇدىر بولۇپ ئىشلەۋاتقان شىركەتنىڭ ئىشلىرى ئۈستىدە خىيالغا چۆمدى.
توخۇنىڭ دۇمبە سۆڭىكى گۈلچىنىنىڭ قولىدا ئىدى. ئۇ ئىككىيلەننىڭ بىرىدىن ھېچبولمىغاندا ئاياغ پۇلى بولسىمۇ ئۇندۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، ئۇنى دادىسىغا تۇتۇشنى ياكى سەلىمگە تۇتۇشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. شۇ ۋاقىتقىچە دۇمبە سۆڭىكنى قوبۇل قىلغۇدەك بىرەر ئەر چىقمىغانلىقتىن، ھەممىدىن بۇرۇن بۇ ئويۇننى كىم قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى سىناپ كۆرۈشكە توغرا كېلەتتى.
— داداجان!
جەۋات بەگ قۇلاق سالمىدى.
— سەلىم، سەن؟
— ھە، خوش؟ — دېدى يېڭى نىكاھلانغان ئېرى.
— دۇمبە سۆڭىكىگە① مىجەزىڭ قانداق؟

---

① بىر خىل ئويۇن.

— نېمىدىن ئۈينايمىز؟

— ئۇتساڭ، مەن ساڭا بىر جۈپ پايپاق ئېلىپ بېرىمەن، ئۇتتۇرساڭ، ماڭا بىر ئاياغ ئېلىپ بېرىسەن.

— نېمە دەيتتىم، بوپتۇ.

سەلىم سۆڭەكنىڭ بىر ئۇچىغا ھەۋەس بىلەن يېپىشتى. دەل شۇ چاغدا يا ئايالنىڭ ئاۋازىغا، يا ئەرنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىمايدىغان چۈشىنىكسىز بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

— ھەي، مېنى كاتىكىمدە قىزىل تاجلىق خورىزىم بىلەن بىللە قويۇپ بەرمىگەن ئادەم ئىسمىلىك ھايۋانلار!

ئىككىيلەن سۆڭەكنى تۇتقىنىچە بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇ-رۇپلا قالدى.

گۇلچىنىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. نەسرىن خانىمنىڭمۇ كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك پارقىراپ كەتتى. ھېلىقى ئاۋاز يەنە ئاڭلىنىۋاتاتتى:

— ئۆزۈڭلارغا ئۆزۈڭلار قىلدىڭلار، قارىنىڭلارغا چىدىغۇسىز ئاغرىق كىرىپ ئازابلىنىسىلەر. ھەر قانچە قېرى مېكىيان بولسا-مۇ توخولۇقۇمنى قىلاي، سىلەردەك قارنى يامانلارنى زەھەرلىمەي، يەنىلا توخولۇقۇمنى قىلاي.

— نېمە دەۋاتىدۇ بۇ؟

جەۋات بەگ داستىخاننى ئۇپۇر - توپۇر قىلىۋەتتى. ئەخمەت ئاشىق بەگ قورقۇپ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى. ھەممەيلەننىڭ چىرايى تاتىرىپ جىم بولۇشتى - دە، جەۋات بەگكە «جىم تۇرۇڭ» دېيىشتى. دەرۋەقە، ھەممىدىن زىيادە ئەندىشىگە چۈشكەن بۇ ئادەم ئۆزلۈكىدىن جىم بولۇپ، قولاق سېلىشقا باشلىدى.

— ھالبۇكى، سىلەرگە بېرىدىغان جازايىم زەھەرلىنىشتىنمۇ ئېغىر بولىدۇ. چۈنكى، مەن ئۇچەيلىرىڭلاردىن چىقىپ كەتكۈچە ھەممىڭلار راستىڭلارنى ئېيتىسىلەر.

ئاشخاننى جىمجىتلىق قاپلىدى. گۇلچىن ۋايسىغىلى تۇردى:

— ۋايجان!

ئەخمەت ئاشىق بەگ «خەيرلىك بولغاي، ئىنشائاللا!» دەپ غوڭشىغاندا، نەسرىن خانىم ئاغزىنى قويۇۋېتىپ:

— شەيتان، — دېدى.

مەتىن ئاپىسىنىڭ خاتا چۈشەنچىسىگە قارشى بىلەرمەنلەرچە بېشىنى لىڭشىتىپ:

— ياق، شەيتان ئەمەس، توخۇنىڭ دۈمبە سۆڭىكى! — دېدى.

سۆڭەك بولسا سەلىم بىلەن گۈلچىننىڭ قولىدا ئىدى.

— تاشلا قولۇڭدىكىنى، قىزىم! — دەپ ۋارقىرىدى نەسرىن خانىم، — تاشلا دەۋاتىمەن ساڭا!

گۈلچىن سۆڭەكنى ئۆزىنى چېقىشقا هازىرلانغان چايانىنى ئاتقاندەك ئىتتىك تاشلىدى. ئۈستىخان ئەمبەلگە تەگكەندىن كېيىن هېچقانداق ئاۋاز چىقارماي پول ئۈستىگە چۈشتى.

— ئاللا، ئاللا، ئاجايىپ ـ غارايىپ بىر نەرسىغۇ بۇ...

جەۋات بەگ ئۆز ـ ئۆزىگە غودۇڭشىپ، داستىخاننى يىغىشتۇرۇشقا كىرىشتى.

— تۇرايلى، — دېدى مەتىن.

لېكىن بۇ سۆز ئۆيدىكىلەردە «قېچىڭلار!» دېگەن خاتا چۈشەنچىنى پەيدا قىلغانىدى. ئۇلار ئورۇندۇقلارنىڭ بىر ـ ئىككىسىگە پۇتلىشىپ يۈرۈپ، ئۆزلىرىنى ئارانلا دالانغا ئېلىشتى.

ئەرمىش هاڭ ـ تاڭ بولۇپ قالغانىدى: «دۈمبە سۆڭىكى قانداق گەپ قىلالايدۇ؟» ئەرمىشمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن دالانغا چىقتى.

نەسرىن خانىم قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ:

— ۋاي خۇدايىم، ئۇلۇغ خۇدايىم! — دېدى.

گۈلچىن گويا بىرەردىن جاۋاب چىقىدىغاندەك سورايتتى:

— كېچىدە بېشىمىزغا كەلگەن نېمە ئىشتۇ بۇ؟

هېچكىم هېچنېمىنى چۈشىنەلمىدى. ئۇلارنى قورقۇنچ باستى.

قورسقىنى تۇتۇپ ئۆزىنى تىڭشاپ تۇرغان جەۋات بەگ گەپ قىستۇردى:

— توختاڭلار، بىر دەم جىم تۇرۇڭلار، — ئويلىنىۋېلىش پۇرستى چىقارماقچى بولدى ئۇ.

ئايالى بولسا كەڭ دالاندا پىرقىراپ يۇرۇپ دېدى:

— توختاپ تۇرغىلى، جىم تۇرغىلى بولىدىغان ۋاقىتمۇ بۇ؟

ئۇنىڭ زېھنى ئېلىشىپ كەتكەنىدى، كېيىن ئۇ بىردىنلا تىك-لىمە ئەينەكنىڭ ئالدىدىكى ئۇستەلدە تۇرغان تېلېفونغا ئېتىلدى. تىترىگىنىچە كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن نومۇرلارنى بۇردى.

— كىمنى چاقىرماقچىسەن، نەسرىن؟

ئېرىنىڭ سورىقىغا جاۋاب قايتۇرمايلا:

— ئەلۇ، ئەلۇ، — دېدى ئايال، — ۋىيەي، بۇ تېلېفوننى قاراڭلار، دوختۇر تەھسىن رىفات بەگنى چاقىرسام، دۇكاندار زەينەل ئابىد چىقىۋاتىدىغۇ! — ئۇ ئاچچىقى بىلەن تېلېفوننىڭ لىنىيە كۇنۇپكىسىنى بېسىپ، چاقىرماقچى بولغان نومۇرلارنى يەنە بۇردى، — ئەلۇ، ئەلۇ، دوختۇر تەھسىن بەگنى چاقىرماقچى ئىدىم، ماقۇل، لېكىن كېچىكتۇرمە، قىزىم، تېز بول!

ئوغلىنىڭ: «قويىۋەت، بۇ قىزىق ئىش» دەپ ئىشنى چاقچاققا ئايلاندۇرماقچى بولۇۋاتقىنىغا تېرىكىپ:

— يوقىلاڭ گەپنى قىلماي جىم تۇرساڭچۇ! — دەپ ئۇنى ئەيىبلىدى نەسرىن خانىم، ئاندىن كېيىن دوختۇر بىلەن سۆزلەش-تى، — ئەلۇ، دوختۇر ئەپەندى، مەن نەسرىن، تونۇدىڭىزمۇ؟ چوڭ بىر بالا ـ قازاغا ئۇچرىدۇق، بۇنى سىزگە هازىرلار چۈشەندۈ-رەلمەيمەن. ئائىلە بويىچە زەھەرلەنگەن ئوخشايمىز ياكى جىن تەگ-كەنمۇ، بىلەلمىدۇق. جېنىم ئۇكام، چاپسانراق كېلىڭ! — ئۇ تۇرۇپكىنى قويۇپ، قاراپ تۇرغانلارغا خۇش خەۋەر ئېيتتى، — كېلىدىغان بولدى.

— زەھەرلەندۇق، جىن تەگدى، دېگىنىڭ نېمىسى، جېنىم ئاپا! — دېدى مەتىن، — دۇمبە سۆڭىكىنى ئۇقمىدىڭمۇ؟ — ئۇ

ئۆيدىكىلەرگە قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — نېمە دېگىنىنى ئاڭلىدىڭلارغۇ؟
— تاكاللاشما، بالام! — دېدى نەسرىن خانىم، — تىزىڭغا كەلمەيدىغان مۇنۇ بالىدىن ئۆلگە ئال. قارا، ئۇ ئاغزىنى ئاچتىمۇ؟
نەسرىن خانىم ئەرمىشنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئېرىگە قارىدى:
— دوختۇر تولىمۇ ياخشى ئادەم، هازىر باراي، دېدى. ئادەمگەرچىلىكى بار...
جەۋات بەگ قورسىقىنى تۇتۇۋېلىپ مېڭىپ يۈرەتتى. ئۇ باشقىچىلا بىر پوزىتسىيىسىدە بولدى.
— كېلىدىغان بولسا بىزدىن كۆرىدىغىنى بار، — دېدى ئۇ قوپاللىق بىلەن، — ئادەمگەرچىلىكى بار ئادەممىش! ئۇنىڭدىن باشقا ئادەمگەرچىلىكى بار ئادەم يوقمىكىن؟
نەسرىن خانىم هەيران بولدى:
— نېمە بولدىڭىز؟ دوختۇرنى نېمىشقا يامانلايسىز؟
— شۇنداق، — دەپ غوڭشىدى جەۋات بەگ دالاندا مېڭىپ يۈرۈپ، — ئۆزۈمدە باشقىچە بىر ئەهۋال سېزىۋاتىمەن.
— قانداق ئەهۋال؟
— قانداقتۇر باشقىچە بىر ئىش بولۇۋاتقاندەك، تىلىم قىچىشىۋاتقاندەك قىلىۋاتىدۇ، — دېدى جەۋات بەگ لەۋلىرىنى يۈرۈشتۈرۈپ.
— مېنىڭمۇ قىچىشىۋاتىدۇ، — دېدى مەتىن دادىسىنىڭ كەينىدىن دوراپ مېڭىپ.
— مېڭىپ يۈرگەننىڭ نېمە پايدىسى، ئېڭىكىڭنى تۇتۇپ كۆرۈپ باق! — دېدى نەسرىن خانىم.
مەتىن ئۆز ئېڭىكىنى تۇتۇپ مىدىرلىتىپ بېقىپ خېلىلا ئۇمىدسىزلەندى.
— ۋاي جېنىم ئاپا، بولمىدى. ئېڭىكىم قولۇمنى كەينىگە ئىتتىرىۋاتىدۇ، تۇتالمايۋاتىمەن.
سەلىم بىلەن گۈلچىنمۇ ئۆز ئېڭەكلىرىنى سىلاپ بېقىشتى،

ئۇلارنىڭمۇ قاش ـ كۆزلىرى ئويناپ كەتكەندى.
گۈلچىن ئاپىسىغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ:
— جىنىم ئاپا، بىزگە جىن تەگدىمۇ نىمە؟ — دىدى.
بۇ سوئالغا يەنە مەتىن جاۋاب بەردى:
— ئىھ، شۇنىڭغا يىقىن بىر ئىش بولدى ...
دالاندا ئايلىنىپ يۈرگەن جەۋات بەگ يىڭى سىناقلار بىلەن ئاۋارە بولۇپ، ئاغزىدىــى ئىچىپ ـ يۇمــۇپ بــاقتى، ئاندىــن ئۆز ـ ئۆزىگە:
— توۋا، ئاجايىپ ئىش ...، — دىدى، — بىشىمىزغا كەلمىدىگەن شۇ ئىش قاپتىكەن ـ دە؟
نەسرىن خانىم بىردىنلا ھەممەيلەنگەن قاتتىق تەگدى:
— ساراڭ بولدۇڭلارمۇ! — ئاندىن ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ ئەخمەت ئاشىق بەگدىن ئەپۇ سورىدى، — سىزنى دىمىدىم، ئۆزدىمىزنى دەۋاتىمەن، ئەيىبكە بۇيرۇماڭ.
ئەخمەت ئاشىق بەگ: «ھىچقىسى يوق» دىگەندەك قىلىپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئۇمۇ باشقىلاردەك ھاڭ ـ تاڭ قالغانىدى.
— ساراڭ بولماسلىق ئىختىيارىمىزدىكى ئىشمۇ؟ — دىدى گۈلچىن، ئاندىن ئۇ ئاپىسىغا، — قىنى ئۇ دوختۇر؟ — دەپ كايىدى ۋە چوڭ بىر ئەندىشە بىلەن قايغۇلۇق ۋارقىرىدى، — چوڭ ئاپا، چوڭ ئاپا!
— نىمىگە ۋارقىرايسەن، قىزىم؟
— چوڭ ئاپامنى ئۇنتۇپتۇق، كىم بىلسۇن ئۇ بىچارە...
ئەخمەت ئاشىق بەگ:
— مەن قاراپ باقاي، — دەپ ئورنىدىن مىدىرلىغانىدى، نەسرىن خانىم:
— سىز توختاڭ، ئاشىق بەگ، — دىدى، — ياشىنىپ قالغان ۋاقتىڭىزدا ئاۋارە قىلدۇق، ئەمدى دەردلىــرىمىــزگــمۇ شىرىك قىلمايلى.
ئەخمەت ئاشىق بەگمۇ شۇ دەردنىڭ ئىچىدە ئىدى.

نەسرىن خانىم يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتكەن پېتى ئاشخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ئىچكىرىگە بىر كۆز يۈگۈرتۈپ يۈزىنى پۈرۈش-تۈردى:
— قىزىم، سېنىڭ «چوڭ ئاپا، چوڭ ئاپا!» دەپ ئەنسىرىگى-نىڭ بىكار. ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسە ئۇنىڭ قېتىغا كىرىپ چىقام-دۇ؟ كەل، قاراپ باققىنا، تېخىچە قورساق تويغۇزۇۋاتىدۇ ئۇ.
شۇ ئەسنادا دەرۋازا قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى. چوپچوڭ ئىككى بالا ۋە ئاپىسى نەسرىن خانىم تەڭلا ئاشخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېتىد-رىپ، دەرۋازىنى ئېچىشقا يۈگۈردى.
— قاراپ باقاي، ھەر ھالدا دوختۇر بولۇشى مۇمكىن!
نەسرىن خانىم دەرۋازىغا يۈگۈرگەنىدى، جەۋات بەگ ناھايىتى چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ يولىنى توستى:
— توختا، قاراپ باقايلى، سەن بۇياققا ئۆتۈپ تۇر.
ئايال ئېرىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىشكە تىرىشتى.
— قويۇۋەتسىڭىزچۇ، بۇياققا تۇر، دېگىنىڭىز نېمىسى؟
تەۋرىمەس ۋە ئايلىنىپ ئۆتكىلى بولماس ھاڭ تاشتەك، باشقى-چە قىلىپ ئېيتقاندا، شىردەك بولۇپ كەتكەن جەۋات بەگ:
— خانىم، بۇياققا تۇر دەۋاتىمەن! — دەپ ھۆركىرىدى.
ئۇ خوتۇنىنى بىر تەرەپكە ئىتتىرىۋېتىپ ئىشىكنى ئاچقاندىن كېيىن، بوسۇغىدا تىكىلىپ تۇرغان دوختۇردىن مەسخىرە قىلغان-دەك ئاھاڭدا سورىدى:
— كىمنى ئىزدەيسىز، ئەپەندى؟
نەسرىن خانىم زوكامداپ قالغان ئادەمنىڭ ئاۋازىدەك ئاۋاز بىلەن ئېيتتى:
— ھە، ئۆيىمىزگە خۇشاللىق، بالىلار، داداڭلار ئەقلىدىن ئازدى.
بالىلار نېمە دېيىشىنى، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇلار كىشىنى چۆچۈتكۈدەك تېزلىكتە سادىر بولغان بۇ ۋەقەنىڭ تېگىگە ئويلاپ يېتەلمەيتتى. ھاڭ - تاڭلىق ئىچىدە قالغان بالىلار-

نىڭ كۆزلىرى بىر دەم ئاتا ـ ئانىسىغا، بىر دەم قولىدا سومكا تۇتقان ھالدا ھاسىراپ ـ ھۆمىدەپ تۇرغان دوختۇر تەھسىن رىفات بەگكە قادىلاتتى. دوختۇر بەگ قولىدىكى سومكىسىنى قويماستىنلا، جەۋات بەگنىڭ: «كىمنى ئىزدەيسىز ئەپەندى؟» دەپ سورىغان سوئالىنىمۇ چۈشەنمەيلا:

— قانداق، ئۆلگۈرۈپ كەلدىممۇ؟ — دەپ نەسرىن خانىمنىڭ ئالدىغا بارماقچى بولدى.

جەۋات بەگنىڭ: «نېمىگە ئۆلگۈرمەكچىدىڭىز، ئەپەندى؟» دەپ بۇرۇنقىدىنمۇ بەتتەر مەسخىرە ئاۋاز بىلەن سوغۇق مۇئامىلە قىلغانلىقىدىن ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قالغان دوختۇر ئۆزىگە جىددىي تېلېفون بېرىپ چاقىرتقان نەسرىن خانىمغا بىر ئاز نارازىلىقى باردەك قىياپەتتە تىكىلىپ سورىدى:

— چاقچاقمۇ بۇ؟

بۇنداق چاقچاق ھەققەتەن كىشىگە ئېغىر كېلەتتى.

— قويۇۋېتىڭ، كىرسۇن! — دېدى ئايال ئېرىگە، — كېلىڭ، دوختۇر، مەرھەمەت!

جەۋات بەگ دوختۇرنىڭ ئالدىنى ئىتتىك توسىدى:

— بولمايدۇ.

دوختۇر ھەيران بولغان ھالدا ئۆز ـ ئۆزىگە بىر نېمىلەرنى دېگەندى، بۇلاردىن ھەممەيلەنگە ئېنىقراق ئاڭلانغىنى: «ھېچ چۈشىنەلمىدىم!» دېگەن سۆز بولدى.

جەۋات بەگ ئەمدى ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراشقا باشلىدى:

— بۇ ماڭا دادامدىن قالغان ئۆي، ھېچكىمنى كىرگۈزمەيمەن، كىرگۈزمەيمەن دېدىم كىرگۈزمەيمەن! كەچۈرسىز، ئەپەندى، دوختۇرلارنىڭ داۋالاش پۇلىنىڭ پۇرىقىنى سېزە ـ سەزمەيلا ماشكىدەك پۇراپ كېلىدىغىنىنى ھەممىمىز بىلىمىز!

خوتۇنىنىڭ «جەۋات» دېگىنىچە ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇنۇشىمۇ، گۈلچىنىنىڭ «جېنىم دادا!» دېيىشىمۇ ئۇنىڭ زۇۋانىنى باسالمىدى:

— يالغانمۇ ئەمىسە؟ ئىككى يۈز لىرانى سۇغۇرماي تۇرۇپ دادىڭىزنىڭ تومۇرىنىمۇ تۇتمايسىز ياكى ئاغزىنى ئاچقۇزۇپ، تىلىغا قاراپمۇ باقمايسىز! ھەتتا بىر تال دورىمۇ يېزىپ بەرمەيسىز، بىرەر تال ئوكۇلمۇ سالمايسىز!

نەسرىن خانىم نومۇستىن قوللىرى بىلەن يۈزىنى يېپىۋالدى. ئۇنىڭ ئۇچۇن يەرگە كىرىپ كەتكەنىنىڭ ئۆزى ياخشىراق ئىدى:

— بولدى، سەتچىلىككە قالىمىز!

دوختۇرغا يەر قاتتىق، ئاسمان ئېگىز كەلدى. ئۇ ئاچچىقى بىلەن چېچىلىپ كېكەچلەشكە باشلىدى:

— نېمە، نېمە دەيسىز؟ كىمنى ... مېنى دەۋاتامسىز؟

— ھەئە، — دېدى جەۋات بەگ، — شۇنداق، سىزنى، ئەلۋەتتە، سىزنى!

— بىراق ... چۇ ... چۈشىنەلمەيۋاتىمەن.

— چۈشىنەلمىگۈدەك نېمىسى بار ئىكەن؟ — دېدى جەۋات بەگ ئەيمەنمەستىن، — شۇنچە يىللىق دوختۇرىمىزسىز، بۈگۈنگىچە پۇلسىز بىرەر كېسەلىمىزنى كۆردىڭىزمۇ؟ بىرەرىمىزنىڭ قان بېسىمىمىزنى ئۆلچىدىڭىزمۇ؟ بىرەرىمىزگە رېتسېپ يازدىڭىزمۇ؟

بۇ گەپلەرگە دوختۇرلا ئەمەس، باشقىلارمۇ ھەيران قالدى. سەلىم ساپاغا چۆكۈپلا كەتكەنىدى. جەۋات بەگ ھۇجۇم قىلىۋاتقانىدى، دوختۇر قەدەملەپ كەينىگە داجىيتتى. دوختۇرنىڭ كۆزى نەسرىن خانىمنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچراشقاندا، نەسرىن خانىم ئېرىنىڭ كەينىدە تۇرۇپ «ئەقلىدىن ئازدى» دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلدى. دوختۇر ئەھۋالنى ئەمدى چۈشىنىپ:

— ھە ... ماقۇل ... — دېگىنىچە سومكىسىنى ئېچىشقا تەمشەلدى، — توختاڭ، ئەپەندى، سىزگە بىر ئاز تىنچلاندۇرغۇچ دورا بېرەي ...

جەۋات بەگ كۈتۈلمىگەن چاققانلىق بىلەن دوختۇرنىڭ ئاچماقچى بولغان سومكىسىنى كۈچ بىلەن يېپىپ تۇرۇپ:

— كېرىكى يوق، بۇرادەر، ئۇ دورىنى ئۆزىڭىز ئىشلە-

تىڭ! — دېدى.

— چۈشىنەلمىدىم.

— مېنى ئۆزۈم ئەمەس، خۇدا سۆزلىتىۋاتىدۇ! — دېدى جەۋات بەگ، — بۇنىڭدا چۈشەنمەيدىغان بىر نەرسە يوق. ئۈچ يىلدا ئىككى بىنا سالدىڭىز، شۇ سىزگە يەتمەمدۇ دېمەكچىمەن!

جەۋات بەگ شۇ ئەسنادا دوختۇرنىڭ يۈزىنى ئىشىككە قاردىتىپ، ئۇنى كەينىدىن ئىتتىرىپ ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق قوغلىدى:

— خەير، بۇرادەر، يولىڭىز بولسۇن!

نەسرىن خانىم ئالدىغا ئېتىلدى:

— هوي، نېمە قىلىۋاتىسىز، قىرىق يىللىق ئائىلە دوختۇرىمىز ئەمەسمۇ بۇ!

— ئاز ئالداپ كەلدىمۇ بىزنى؟ — دېدى جەۋات بەگ، — بىر چاغدا دادامنىڭ بېشى ئاغرىپ قالغاندا، مېنىڭ پۇلۇم يوقلۇقىنى بىلىپ، شۇنچە چاقىرساق كەلدىمۇ؟ قېنى، بۇرادەر، قايتىڭ دېدىم، قايتىڭ!

نەسرىن خانىم قوللىرىنى يەنە يۈزىگە توسۇپ ۋايسىدى:

— ۋاي خۇدايىمەي، ئۆلدۇق، تۈگەشتۇق!

دوختۇر بېشىنى سىلكىگىنىچە دەرۋازىنى ئېچىپ ئىتتىك چىقىپ كەتتى. ئۇ ئاران قۇتۇلۇپ چىققىنىغا خۇش بولدى. ئۇنى: «بۇلارغا نېمە بولغاندۇ؟ — دېگەن ئوي چىرمىۋالغانىدى، — ئادەتتە گەپ قىلمايدىغان بۇ ئادەمگە نېمە بولغاندۇ؟ بۇ خېلى هۆرمەت، ئابرۇيى بار ئادەم ئىدىغۇ. ئەگەر ئەقلىدىن ئازغان بولسا بەك يامان بوپتۇ!»

گۈلچىن ياغلىقىنىڭ ئۇچىنى چىشلىگىنىچە ئىچى تىت ـ تىت بولۇۋاتاتتى.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ دوختۇرمۇ كەتتى. ئۇ دېگەن قىرىق يىللىق ئائىلە دوختۇرىمىز ئىدى ـ دە!

— قىرىق يىللىق دېيىلگىنى بىلەن، ئەسلىدە قىرىق ئىككى يىللىق! — دەپ تۈزەتتى نەسرىن خانىم، — ئۇ بىزنىمۇ، سىلەر-

نىمۇ داۋالىغان، ھەممىمىزنى داۋالىغان.
— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن ئۇلەر ھالەتتە ئەمەسمىز، — دېدى جەۋات بەگ، — ئۇنىڭ بىلىدىغانلىرىنىڭ ھەممىسى مېنىڭ يانچۇ-قۇمدا! — ئۇ ئۇنىڭ يانچۇقىنى كۆرسەتتى، — ئازراق كىتاب ئاختۇرىدىغان بولسام، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق بىلىمەن.
ئاندىن ئۇ ئوغلىغا قاراپ:
— بالام، سەن دەرھال يۈگۈر! — دەپ بۇيرۇدى.
— نەگە يۈگۈرىمەن، دادا؟
— دورىخانىغا.
— نېمە قىلىمەن؟
— دورىخانىدىن ئادەمنىڭ ئىچىنى تازىلايدىغان سۈرگە دورى-سى ئېلىپ كەل.
— دورىگەر ئۇنداق دورىنى نەدىن تاپسۇن، جېنىم دادا؟ — دېدى ئوغلى.
جەۋات بەگ پەرۋا قىلمىغان ئاھاڭدا دېدى:
— دورىخانا بولغاندىكىن تېپىلىدۇ، ئوغلۇم.
— دادا، ئىشىنىڭ، تېپىلمايدۇ!
— گېپىمىزنى ئاڭلىغان بولسىڭىز، دوختۇر ئىچكىرىگە كى-رىپ بىزنى تەكشۈرۈپ، كېسەلنى ئېنىقلىغان بولسا تېپىلاتتى، ئۇ چاغدا سىزمۇ تاكاللىشىپ تۇرمىغان بولاتتىڭىز، — دېدى نەسرىن خانىم، — توۋا قىلدىم، توۋا!
ئۇ ئىككى قولىنى بېلىگە تىرىگەن ھالدا: «ھەي خوتۇن، دوختۇرۇڭدىن گەپ باشلاۋاتىسەنغۇ يەنە!» دەۋاتقان ئېرىگە قاراپ ماڭدى:
— يالغان دېدىمۇ يا؟
ئۇ توغرا دەۋاتاتتى.
جەۋات بەگ بىر ئاز يۇمشىدى:
— ئوغلۇم، سەن كىشىنى جورىتىپ ھاردۇرىدىغان ئاپاڭغا قارىماي يولۇڭغا ماڭ!

— خوپ، بىراق ... — دېدى مەتىن.
— ئابدىمىلىك يىغى ئېلىشنى ئۇنتۇما!
— خوپ، بىراق ... — دېدى يەنە مەتىن.
— نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟ ماڭمامسەن!
— جېنىم دادا، پۇلنى ئۇنۇتتىڭىز، دورىگەر ئابدىمىلىك يىغىنى بىكارغا بېرەمدۇ؟
— ھە راست، — جەۋات بەگ ۋە قوينىدىن ھەمىيىنىنى چىقىرىپ ئاچتى ۋە ئوغلىغا پۇل ئۇزاتتى، — مە بۇنى!
مەتىن پۇلنى قولىغا ئېلىپ قارىدى:
— بەش يۈز لىرا!
ئۇ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى، پۇل بېرىۋاتقان كىم؟ دادىسىمۇ؟ بىر دەمنىڭ ئىچىدە بەش يۈز لىرا - ھە. ئون لىرانىڭمۇ ھېسابىنى سورايدىغان بۇ پىخسىق ئادەم شۇنچە پۇلنى قانداقلارچە بەرگەندۇ؟ ھەمىيىنىدا پارچە پۇلى يوقمىدۇ ياكى قېرى مېكىيان ۋەقەسىدىن كېيىن خۇي - مىجەزى ئۆزگەردىمۇ؟ ئەگەر قېرى توخۇ سەۋەبىدىن بولسا ...
— توخۇنىڭ ھەيكىلىنى تىكلىسەك بولغۇدەك! — دېدى مەتىن پۇلنى ئېڭىكىگە سۈرتۈپ يانچۇقىغا سېلىپ، — ئارتۇقى بىزنىڭ! قانچە شىشە ئەپكېلىمەن؟
جەۋات بەگ ساناشقا باشلىدى:
— چوڭ ئاپاڭ، مەن، ئەخمەت ئاشىق بەگ، كۈيئوغۇل، ھەدەڭ، كالتە پاچاق ۋە سەن ... بىز يەتتە كىشى، ھە، دېمەك ھەر بىرىمىزگە ئىككى شىشىدىن ئالساڭ، جەمئىي ئون تۆت شىشە!
يىراقتىن سىگناللىرىنى چىرقىرىتىپ كېلىۋاتقان بىر قۇتقۇزۇش ماشىنىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.
— ئون تۆت شىشە ئاز، جېنىم دادا. ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا دورىخانىغا بېرىپ ئەكېلەي، ئەكەلگەندىكىن يېتەرلىك ئەكېلەي! — مەتىننىڭ سۆزى ماشىنىنىڭ يېقىنلاپ كەلگەن سىگنالىغا

ئۆلىنىپ كەتتى.
— يەنە ئاغزىمنى غىرىچلاۋاتىسەنغۇ؟
مەتىن ئالدىغا دېۋەيلەپ كېلىۋاتقان دادىسىدىن قېچىپ كوچىغا چىققاندا، جانغا راھەت كېچىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ، ئەنسىز سىگناللىرىنى چىرقىرىتىپ كەلگەن قۇتقۇزۇش ماشىنىسى گۈلنەپە-شە كوچىسىدىكى ئۈچ قەۋەتلىك «شېرىن» داچىسىنىڭ ئالدىدا توختىغانىدى.
گۈلچىن بالىلارچە بىر ئاۋاز بىلەن دېدى:
— ئانا، قۇتقۇزۇش ماشىنىسى!
«ئانا» دېگەن سۆز قاراڭغۇدا يولدىن ئاداشقان بىر بالىنىڭ يىلىنغان ئاۋازىدەك ئاڭلاندى.
— بىز بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟ — دېدى دادىسى.
— ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟ — دەپ ئەسكەرتتى ئېرىگە نەسرىن خانىم، — بىزنىڭ دەرۋازىنىڭ ئالدىدا توختاپتۇ.
— جېنىم، بىزنىڭ قۇتقۇزۇش ماشىنىسى بىلەن نېمە مۇنا-سىۋىتىمىز بار؟ توختىغان بولسا ماشىنا بۇزۇلغاندۇ، يا خاتا توخ-تىغاندۇ؟
— مەن ئېچكىرىگە قاچاي، — دېدى گۈلچىن دالانىڭ ئوك تەرىپىدىكى ئىشىكلەرنىڭ بىرىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ.
— مەنمۇ، — دەپ قىزىنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى ئاپىسى.
سىرتتىن ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى:
— خۇرشىت، مۇشۇ ئادرېسمۇ، قارىغىنا!
— قارىدىم، ئاكا، گۈلنەپشە كوچىسى 8 - نومۇرلۇق ئۆي، توغرا، مۇشۇ!
— دەرۋازا قوڭغۇرىقىنى چال!
تاق - تۇق قىلغان ئاياغ ئاۋازىدىن كېيىن قوڭغۇراق توختى-ماي چېلىندى.
دۇرۇس، خوتۇنى بىلەن قىزىنىڭ ھۆكۈمى توغرا چىققانىدى. قۇتقۇزۇش ماشىنىسى دەل مۇشۇ دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلگەنىدى.

لېكىن، ئۇ نېمە ئۈچۈن كەلدى؟ كىم ئەۋەتتى؟ قوڭغۇراق چالغىنى يەتمىگەندەك، ئەمدى دەرۋازا ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. بۇنى ئاز دېگەندەك: «دەرۋازىنى ئېچىڭلار!» دېگەن ۋارقىراشلار ئاڭلاندى.

— قاراڭلار بۇ ئىشنى! قانداق قىلىش كېرەك ئەمدى؟

جەۋات بەگنىڭ قېنى قىزىدى. دېمىسىمۇ، باسقۇنچىلارمۇ بۇنداق باستۇرۇپ كىرمەيدۇ - دە. ئوڭ، سول ۋە ئالدى تەرەپتىكى قوشنىلارمۇ ئەندىشىگە چۈشتى. «بىمەھەل ۋاقىتتا كىمنىڭ ئىشىدۇ بۇ؟» ئېچىلغان دېرىزىلەردىن ئەندىشىلىك چىرايلار كۆرۈنەتتى. بەكرەك ئەندىشە قىلغانلار بالكونلارغا چىقىشقانىدى. ھەركىم ئۆز ئالدىغا بىر نېمە دەيتتى. ئۇ بالكوندىكىلەر بىلەن بۇ بالكوندىكىلەر ئۆزئارا سۆزلىشەتتى، پەرەز ۋە ھۆكۈم قىلىپ ئېيتىلغان سۆزلەر ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— داچىدا بىرەر ھادىسە بولغاندىمۇ؟

— گاز تۇڭى پارتلىدىمۇ يا؟

— مەن يېرىم سائەتنىڭ ئالدىدا تاراق - تۇرۇق ئاۋازنى ئاڭلىغانىدىم.

— تاماق ئېتىدىغان ئۆيدىن ئاڭلانغاندەك قىلدى.

— ياق، ياق، تاماق يەيدىغان ئۆيدىن ئاڭلاندى. ئورۇندۇقلارنىڭ ئۆرۈلگىنىمۇ ئاڭلاندى.

— سىزنىڭ قۇلىقىڭىز بەك ئۆتكۈر ئىكەن تۇغقىنىم.

— ئۆتكۈر بولمامدىغان، ئۆتكۈر!

— بايا كوچىغا قارىسام، دەرۋازا ئالدىدا دوختۇر تەھسىن رىفات بەگنىڭ قارىسى كۆرۈندى.

— كۆزىڭىز ئۆتكۈر ئىكەن، مەن بولسام كۆرەلمەيتتىم.

— بۇ ئۇلارنىڭ ئائىلە دوختۇرى.

— ئەنە قاراڭ، جەۋات بەگ چىقتى!

راستتىنلا جەۋات بەگ دەرۋازا ئالدىغا چىققانىدى.

قوشنىلارنىڭ داچىدىكىلەرگە بولغان ئەندىشىسى سەل بوشاپ، ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالدى. قوشنىلار ئۇلارنى ئوچۇق كۆرەلمىسە-

مۇ، گەپلىرىنى ئاڭلىيالايتتى.

— كىمنىڭ ئۆيىنى ئىزدەيسىلەر، ئوغلۇم؟ — دەپ سورىدى جەۋات بەگ.

قۇتقۇزۇش ماشىنىسىدىكى سانىتار — قۇتقۇزۇش خادىمى خۇرشىت جەۋات بەگنىڭ توسىقىنىغا قارىماي ئىچكىرىگە كىرىپ دەرۋازىنى تاقىدى. ئۇ بايا دەرۋازىنىڭ دەرھال ئېچىلمىغىنىغا قاراپ ئىچكىرى كىرگەن ۋە ھەر ئېھتىمالنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەكلىكىنى ئويلىغانىدى.

بۇ ئىشتىن قوشنا - قولۇملارنىڭ ئىچى تىت - تىت بولدى. ئەمدى ئۇلارنىڭ بىر نەرسە ئاڭلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

خۇرشىت يوغان، قاۋۇل ئادەم. ئۇ دالاندا بىردەم قولىدىكى قەغەزگە، بىردەم ئەتراپىدا ئۆزىگە دىققەت قىلىۋاتقانلارغا ۋە جەۋات بەگكە قارايتتى. ئۇ مەلۇم بىر ئوي بىلەن، بويى ئانچە پاكار بولمىغان بۇ ھۆرمەتلىك ئائىلە باشلىقىنى سىرتىدىن كۆزىتەتتى. ئۇ بۇلارنى چۆچۈتۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ يۈگۈرتۈپ:

— دوختۇرخانىدا ئانچە ياخشى چۈشىنەلمىگەنىدىم، بەگ ئاتا، — دەپ سۆز باشلىدى، — بىزنىڭ ئىشلىرىمىز جىددىي، دوختۇرلىرىمىزمۇ بىكار ئەمەس. بۇ يەردە بىر ئائىلە زەھەرلىنىپ قالغانمۇ ياكى بىرەرى ئايىنىپ قالغانمۇ، شۇنى ئالغىلى كەلگەندۇق.

جەۋات بەگ چېچىلدى:

— بۇ يەردە ئايىنىپ قالغان ئادەممۇ يوق، زەھەرلىنىپ قالغان ئادەممۇ يوق. سىزگە خەۋەر يەتكۈزگۈچى قالايمىقان گەپ قىپتۇ...

سانىتار خۇرشىت قولىدىكى قەغەزگە يەنە بىر قاراپ قويدى:

— گۈلنەپشە كوچىسى 8 - نومۇرلۇق ئۆي مۇشۇدۇ؟

— شۇنداق، 8 - نومۇرلۇق بولسا نېمە بوپتۇ؟

بەستلىك ئادەم قولىدىكى قەغەزگە يەنە بىر قاراپ قويدى -

دە، گەجگىسىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— ئادرىس توغرا، بەگ ئاتا، — دېدى ئىشەنچلىك ئاۋاز بىلەن.

جەۋات بەگ: «مېنى ئالدايمەن دېمەڭلار، مېنى ئازدۇرالماي-سىلەر» دېگەندەك قىلىپ مۇرىلىرىنى كۆتۈرۈپ:

— ئۇ يېرىدىن خەۋىرىم يوق، — دېدى.

— سىز بىلمىسىڭىز، كىم بىلىدۇ؟

— مەن نېمە بىلەي! — دېدى جەۋات بەگ.

— توۋا، خۇدايىم! — دېدى خۇرشىت چېچىلىپ، — ئۇنداقتا بىز بىكارغا كەپتۇق ـ دە؟

— مەن نېمە بىلەي!

— بىكارغا كەلمىدۇق، بىرىنى ئېلىپ كەتكىلى كەلدۇق.

گۇلچىن بىلەن مەتنىنىڭ دادىسى، مۇساۋەت خانىمنىڭ يالغۇز ئوغلى، نەسرىن خانىمنىڭ ئايرىلماس ئېرى جەۋات بەگ سانتار خۇرشىتقا كەينىدىن قاراپ قويدى:

— بۇ ئۆيدە سىلەر ئەپكېتىدىغان ھېچكىم يوق، ھېچكىمنى مەجبۇرىي ئەپكېتەلمەيسەن. مەن بۇ ئائىلىنىڭ باشلىقىمەن، ئاڭ-لىدىڭلارمۇ ـ ھە؟

— ئۇنداق قىلماڭ، بەگ ئاتا! — دېدى خۇرشىت نېمە قىلىد-شىنى بىلمەي، — قۇرۇق قايتىدىغان بولساق نۆۋەتچى دوختۇر بىزگە كايىدۇ، ئادرېسنى بىزگە ئۇ بەرگەن.

— ئۇ بەرگەن بولسا نېمە بوپتۇ؟

خۇرشىت ئەپكېتىدىغان ئادەمنى تاپالمايۋاتقانلىقىدىن ئۇمىد-سىزلىنىپ:

— بۇ ئۆيدىن قانداقلا بولسۇن بىرىڭلارنى ئېلىپ كېتىشىمىز كېرەك، — دېدى.

— مەجبۇرمۇ، ئوغلۇم، مەجبۇرىي ئەپكېتەمسەن؟

— ياق، مەجبۇرىي ئەمەس، لېكىن ...

ئويلىنىشقا باشلىدى خۇرشىت. ئۇ ئادىتى بويىچە گەجگىسىنى

سىلاپ بىر هازا جەۋات بەگكە سەپسالدى: «بۇ قانداق ئادەمدۇ؟ ياخشى ئادەممىدۇ، يامان ئادەممىدۇ؟ بۇ ئىشقا ياردەمدە بولمامدۇ نېمە؟» ئۇ ئۆيدىكى باشقا كىشىلەرگە قارىدى: «بۇكىچىك بالا ئوغلى بولسا كېرەك، يەنە بىرى چوڭ، تاقىر باش بىر ياش… بۇلارنىڭ بىرەرىنىڭ بولسىمۇ دەردى باردۇ؟ دەردى بولسا ئۇن-تىنسىز ئولتۇرماس ئىدى…» ئۇنىڭ كۆزى مېھمانخانىدەك ياسال-غان دالاننىڭ ئوڭ - سول تەرىپىدىكى ئىشىكلەرگە چۈشتى:

— هە، — دېدى ئۇ، — ئەمىسە بۇياققا قاراڭ، بەگ ئاتا! ماڭا ئىسسىقمۇ ئەمەس، سوغۇقمۇ ئەمەس. ئىسمىم خۇرشىت، ماڭا هېچ گەپ كەلمەيدۇ. سىزگە بولسا، بۇ ئىشىكلەرنىڭ كەينىگە بىرىنى يوشۇرۇپ قويىدى، دېگەندەك گەپ كېلىدۇ. مېنىڭ گېپىمە-گە كىرسىڭىز، ئاغرىقنى يوشۇرماي چىقىرىپ بېرىڭ. ئەگەر زە-هەرلەنگەن بولسا، داۋالاپ قۇتقۇزايلى، ئەگەر ئەقلىدىن ئازغان بولسا، ئېلىپ كېتەيلى، سىزمۇ قۇتۇلۇڭ!

— يېڭىلىشىۋاتىسىز، — جەۋات بەگ ئۇياق - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى، ئۇ گەپ يېمەيدىغان بىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى بىلىپ، قايتا تېرىكىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشتى. دېمە-سىمۇ خۇرشىت كاللىسى تاشتەك بىر ئادەم ئىدى، — يېڭىلىشىۋاتىسىز، شۇ دوختۇرنىڭ خۇدا جازاسىنى بەرسۇن! ياخ-شى ئاڭلا، ئوغلۇم، بۇ ئۆيدە يا زەهەرلەنگەن، يا ئەقلىدىن ئازغان ئادەم يوق.

— يوق، دەپ قول قويامسىز؟ — دەپ سورىدى خۇرشىت.

— هەي ئاللا، هەي ئاللا! — جەۋات بەگ قوللىرىنى دۇئا قىلغاندەك يۇقىرى كۆتۈردى.

بۇ ئادەمنىڭ ئۇنى چىرايلىق گەپلەر بىلەن قايتۇرماقچى بولۇ-ۋاتقانلىقىنى شۇنچە ئۇزۇن يىللىق سانىتار — قۇتقۇزۇش خادىمى بىلمەي قالسۇنمۇ؟ ئۇ بۇرۇتلىرى تېگىدىن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ قوشۇمچە قىلدى:

— زادى قول قويامسىز - قويمامسىز، شۇنىلا ئېيتىڭ، بەگ

ئاتا!

— جېنىم ئەپەندى ... — جەۋات بەگ بۇ قىيىن ـ قىستاقتىن ئەمدى قېچىپ قۇتۇلالمايتتى، ئۇ دىمىغىدا سۆزلەيتتى، — بۇ قول قويۇش ـ قويماسلىق مەسىلىسىمۇ ياكى سوراقخانىدا سوراق قىلىشمۇ؟ بۇ ئۇسۇل سوراقخانىدىكىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى. ئۇ بۇرۇن بولغان ئىش ئىدى.

— نېمە دېسىڭىز دەڭ، مېنىڭ گۇمانىم بار. ئىچىمگە يەنە بىر گۇمان كىرىۋالدى، بەگ ئاتا.

ۋاقىتنىڭ ئۈزۈلۈپ كېتىۋاتقىنىنى سەزگەن شوپۇر سىگنال بەرگىلى تۇردى. خۇرشىت تەقەززالىق بىلەن ئېيتتى:

— قاراڭ، شوپۇر: چاپسان بول، قولىنى تېز تۇت، خۇرشىت! دەۋاتىدۇ. بىزنى ئاۋارە قىلماڭ، ئىشىمىزنى پۈتتۈرەيلى.

تەمتىرەپ ئوڭ تەرەپتىكى ئىشىكلەردىن بىرىگە قاراپ ماڭغان ئۆي ئىگىسى — مۇئاۋىن باش مۇدىر جەۋات بەگ ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ:

— بىر قەدەم بېرى كەلگۈدەك بولساڭ ساقچىنى چاقىرىمەن! — دېدى.

خۇرشىت ئورنىدا تۇرۇپلا قالدى.

— ساقچى چاقىرامسىز تېخى؟ بىز ۋەزىپىمىزنى ئورۇندايلى، دېگەنىدۇق، — ئۇنىڭ چىرايىدا ئۈمىدسىزلىك كۆرۈندى، — ھەممىمىزگە ئۆلۈم بارغۇ! بۇ دۇنيادا مۇسۇلمان مۇسۇلمانغا زادى ياردەم قىلمامدۇ؟

جەۋات بەگ قولىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويۇۋېدى، ئۇ گويا تېگىلگان قولىنى ئېسىۋالغان ئادەمگە ئوخشاپ قالدى.

— چۈشەندىم، بالام، چۈشىنىۋاتىمەن، بالام، چۈشىنىۋاتىمەن. لېكىن، قولۇمدىن ساڭا ياردىمى تەگكۈدەك بىر ئىش كەلمەيدۇ.

— خالىسىڭىز ياردەم قىلىشلا ئەمەس، ئۇھ ... ئۇنىڭ نېرىسىدىكىنىمۇ قىلالايسىز.

جەۋات بەگ «خالىسامىمۇ قىلالمايمەن» دېيىشى بىلەن، خۇر-شىتنىڭ قاناتلانغان ئۇمىدلىرى ئۈزۈلدى.

— ئاڭلا، مېنىڭ بىر ئوغلۇم بار، خۇدا ئۇنى يامان كۆزدىن ساقلىسۇن، چۈشىنىۋاتامسەن؟

— سەل چۈشىنىۋاتىمەن، — دېدى قۇتقۇزۇش خادىمى، — نېمىسىنى چۈشەندىڭ دېسىڭىز، ئۇنداق ئوغۇل مەندىمۇ بار. ئاند-سىنىڭ قورسىقىدىن: «دادا، پۇل بەر» دەپ چۈشىدۇ، كەچكىچە: «دادا، پۇل، دادا، پۇل» دەپلا تۇرىدۇ. مەن: تايچاق ئوغلۇم، بىز پۇل چىقىرىدىغان زاۋۇتنىڭ باشلىقىمۇ ياكى دوختۇرخانىنىڭ سانىتارىمۇ؟ پۇل قەيەردە، بىز قەيەردە، دەيمەن.

— ھە شۇنداق، ئىسمىڭ نېمە ئىدى؟

— خۇرشىت.

— ئوغلۇم خۇرشىت ئەپەندى، سەن بىلەن كېلىشەلەيمىز، ئاڭلا!

دالاندىكى تام سائىتىنىڭ سائەت توققۇز يېرىمغا بەرگەن «تاق» قىلغان ئاۋازى بىلەن سىرتتىكى قۇتقۇزۇش ماشىنىسىنىڭ سىگنالى قوشۇلۇپ كەتتى.

— ئالدىرىما! — دېدى جەۋات بەگ، — ئۇ ئادەم ئالدىراۋاتامدۇ نېمە؟

خۇرشىت بېشى بىلەن تەستىقلىدى:

— ئالدىراۋاتىدۇ، دېمىسىمۇ بۇ جىددىي ئىش، بەگ ئاتا.

شۇ چاغدا سىرتتا شوپۇرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— خۇرشىت ...

— ئالدىرىما! — جاۋاب بەردى جەۋات بەگ.

— بىردەم تۇرۇپتۇر، ھازىر چىقىمەن، ئاكا! — ئىچكىرىدىن ۋارقىرىدى خۇرشىت.

جەۋات بەگ ئىچىدىكىنى تۆكۈۋاتاتتى، چوڭلار گەپ قىلغاندا، كىچىكلەر قۇلاق سېلىشى كېرەك ـ دە، قانداقمۇ چوڭلارنىڭ سۆزىنى بۆلگىلى بولسۇن؟

— مېنىڭ بىر خوتۇنۇم بار، ئوغلۇم خۇرشىت، — دەيتتى ئۇ، — ھەر كۇنى ئارامچىلىق بەرمەيدۇ، ھېساب ـ كىتاب دېگەننى بىلمەيدۇ، چۇشىنىشلىك بولدىمۇ؟ مېنىڭ بىر ئانامنۇ بار، ھە، ئۇ ئالجىپ قالاي دېدى. توۋا، توۋا، تېخى دۇنىيـاغا تۇۋرۇك بولىمەن، دەيدۇ. ماقۇل ئەمـدىسـە، قېنى ئەمىسە، ئارسلانىم، خەير ـ خوش!

نەسرىن خانىم بىلەن گۇلچىن ئىشكتىن باشلىرىنى كىرگۇ-زۇشتى، ئۇلار دالاندىكى بۇ بەستلىك ئادەمنى كۆرۈپ ئەيمىنىشكەن ھالدا قوللىرى بىلەن ئاغزىنى ئېتىـۋېلىپ دەرھـال كـەينىگە داجىشتى:

شۇ ئەسنادا جەۋات بەگنىڭ قولىدىن تۇتقان خۇرشىت:

— يۇرۇڭ، بەگ ئاتا، كەلگەنىكەنمىز، سىزنى بولسىمۇ ئېـ-لىپ كېتەيلى. دەردىڭىزنى دوختۇرخانىدا ئاڭلىتارسىز، — دېدى.

جەۋات بەگ ھىجىيىپ تۇرۇپ:

— دوختۇرخانىدىكىلەرنىڭ دەردى مېنىڭكىدىن ئاز بولسا با-راي، ئوغلۇم، — دېدى، — سىنىڭ دەردىڭ مېنىڭكىدىن ئازمۇ؟ خۇرشىت «ئاز بولامدۇ؟» دېگەندەك كۇلۇمسىرەپ قويدى.

— ئۇنداق بولسا تارت قولۇڭنى!

خۇرشىت قولىنى قويۇۋەتتى ۋە نەپسىنى ئىچىگە يۇتتى:

— مەن ... مەن بىلەن بۇگۇنگىچە ھېچكىم سىزگە ئوخشاش گەپلەشمىگەنلىكى ۋە سىزگە ئوخشاش ئالدىمغا كېلىپ دەردىنى تۆكمىگەنلىكى ئۇچۇن بىر نەرسە دېمەكچى ئىدىم ...

جەۋات بەگمۇ ئۇنىڭغا قاراپ ئۆزىنى خېلىلا بېسىۋالدى. ئۇلار ۋاقىتنىڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىغا ھەسرەت قىلىشتى.

— مەنمۇ گەپ قىلماقچى، بىرىگە ھال ئېيتماقچى ئەمەس ئىدىم. ھەرقانداق ئىشنى ئۆز ئىچىمدە بىلەتتىم، لېكىن بۇ ئاخشام ئەھۋال باشقىچە بولدى. كۆڭلۇمگە كەلگەنلەرنى ئېيتىپ، ئىچىمنى بوشىتىدىغانغا بىرىنى ئىزدەپ يۇرەتتىم، بىلگەندەك سەن دۇچ

كېلىپ قالدىڭ. دوختۇرخانا خىزمەتچىسى خۇرشىت ئەپەندى، بىز بىر قېرى مېكىميانىنىڭ ئويۇنىغا دۇچ كەلدۇق، ئۇنىمۇ يوشۇرمايمەن، ئايالىم قورقۇپ كېتىپ دوختۇر چاقىرىپتۇ. دوختۇرنى ئۆيگە كىرگۈزمەي دەرۋازىدىن قوغلاپ چىقارغانىدىم. ئۇ، نېمىلەر بولۇپ كېتەر، دەپ ئويلاپ، سىلەرنىڭ دوختۇرخانىغا تېلېفون بېرىپ قۇتقۇزۇش ماشىنىسى ئەۋەتىپتۇ، — شوپۇر يەنە ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سىگنال بەردى، — ئۇ يەنە ئالدىراۋاتىدۇ - ھە، نېمە دېيىشىم كېرەك؟

— شۇنداق دېيىشىڭىز كېرەككى، بەگ ئاتا، قانداقلا بولسۇن خاپا بولماي بۇ قەغەزگە قول قويۇۋېتىڭ - دە، بىز كېتەيلى.

— نېمە قەغەز ئىكەن بۇ؟

— ھېچقانداق پىكرىمىز يوق، ئۆيىمىزدە كېسەل ياكى ئەقلىدىن ئازغان ئادەممۇ يوق. بۇ بىر ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ، دەپ قول قويىسىز.

— بولىدۇ، قول قويۇپ بېرەي، — دېدى جەۋات بەگ. ئۇ قەغەزگە بىر نېمىلەر يېزىپ قول قويغاچ دېدى، — ئېھتىمال، يولدا كېلىۋېتىپ قانچە مۇشۇك، قانچە ئىتنىڭ جېنىغا زامىنمۇ بولغانسىلەر؟

ئۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىغان بۇ مەسىلە يەنە خۇرشىتنى گەپ قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇ ئاچچىقى يانغان ھالدا:

— ياق، بەگ ئاتا، — دېدى، — بۇ قېتىم يا ھايۋان، يا ئادەم دەسسەتمىدۇق، تېز كەلدۇق، لېكىن تىنچ كەلدۇق.

جەۋات بەگ ئۇنىڭ مۇرىسىگە ئۇرۇپ:

— تېز ۋە بىخەتەر كەپسىلەر - دە، ياخشىغۇ! — دېگەچ دەرۋازىنى ئاچتى.

— خەير - خوش، بەگ ئاتا، رازى بولۇڭ!

جەۋات بەگ بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلمىدى. كېيىن شوپۇرنىڭ: «نېمە بولدى، خۇرشىت، قېنى كېسەللىرىڭ؟» دې-

گەن ئاۋازى ۋە خۇرشىتنىڭ: «كېسەل يوق ئىكەن، ئاكا، ھەممىسى سەن بىلەن مەندەك ساغلام ئىكەن. ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ.» دېگەن جاۋابى ئاڭلاندى. ئۇنىڭدىن كېيىن قۇتقۇزۇش ماشىنىسىنىڭ گۇرۇلدەپ ماڭغان ئاۋازى چىقتى. جەۋات بەگ ئەڭ ئاخىرىدا ئايالىنىڭ «ئاچچىقىم كېلىپ ئۆلەي دېدىم!» دېگىنىنى ئاڭلاپ چىرايىنى پۈرۈشتۈردى:

— ئەجەب ئۆلمەپسەنغۇ!

ئەمدى جەۋات بەگنىڭ يا ئايالى، يا ئاپىسىنىڭ كەينىدىن: «خۇيادا شۈكۈر، كېتىپتىغۇ!» دەپ كىرىپ كەلگەن قىزى كۆزىگە كۆرۈنمىدى، يات بىر ئادەم، يەنى دوختۇرخانا خىزمەتچىسى بىلەن پاراڭلىشىش ئارقىلىق يانغان ئاچچىقى يەنە كەلدى.

— داداڭدىن بىر نەرسە سورىما ۋە گەپ قىلما، قىزىم! — دېدى نەسرىن خانىم.

— نېمە ئۈچۈن؟

— «ھېلىقى جاللاتقا ئوخشاش ئادەمنى كۆرۈپ ئاچچىقىم كېلىپ، ئۆلەي دېدىم» دېسەم، ئەجەب ئۆلمەپسەنغۇ دېگىنىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ!

— نەگە يوقالدى ھېلىقى بالا؟ — دەپ غودۇڭشىدى جەۋات بەگ، — دورىخانا جەھەننەمنىڭ تېگىدە بولسىمۇ بۇ چاغقىچە كەلمەمدۇ، ھالبۇكى، ئۇ يەر مۇشۇ يېقىندىلا تۇرسا، تېخىچە كەلمەيدىغۇ!

گۈلچىن ئورۇنلۇق گەپ قىلدى:

— بۇ چاغ بولدى، دۇكانلار تاقىلىپ كەتمەي تۇرامدۇ، نۆۋەتچىنى تاپىدىغان ئىش.

— بۇمۇ توغرا!

جەۋات بەگ ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭغىلى تۇردى. ئارىلاپ - ئارىلاپ قورسىقىنى تۇتۇپ قوياتتى، چۈنكى قورسىقى ئاغرىغاندەك قىلاتتى، سانجىقمىكىن دېسە، ئۇنىڭغىمۇ ئوخشىمايتتى.

— مەن باياتىن بېرى چوڭ ئاپامدىن ئەنسىرەۋاتىمەن! —

گۈلچىن ئاشخانىنىڭ ئىشىكىنى ئىچىپ توۋلىدى، — تونتۇنۇم!
ئۇ ئاۋازىنى ئاڭلىتالمىغانلىقتىن تېخىمۇ ئۈنلۈكرەك توۋ-لىدى:
— تونتۇنۇم، ئۇ يەردە يالغۇز نېمە قىلىۋاتىسىز؟ بۇ يەرگە چىقسىڭىزچۇ!
— تاماقنى ئەمدى يەپ بولدۇم، چىقىمەن، — دېدى مۇساۋەت خانىم.
ئۇنىڭ كېيىنىنى نەسرىن خانىم قىزىدىن سورىدى:
— تويۇپتىمۇ؟
گۈلچىن ئاپىسىغا يوشۇرۇن نارازىلىق بىلەن قارىدى:
— ئاپا!
— كۆز تەگمىسۇن، ئەتىدىن - كەچكىچە ئاغزى بېسىلماي يەپلا يۈرىدۇ، شۇڭا ...
— ئاپا، ساڭا بىر تەلىپىم بار!
تىزلىرىنى تۇتقىنىچە كىرىپ كەلگەن مۇساۋەت خانىم ئۇياق - بۇياقىقا مىڭىشىپ يۈرگەنلەرنى كۆرۈپ ئەجەبلىنىپ سورىدى:
— بۇ نېمە ئىش، بالام! سىلەرگە بىر ئىش بولدىمۇ نېمە؟
ئوغلى جەۋاتمۇ ئۇنىڭدىن سورىدى:
— سىز ھېچ نەرسە بولمىدىڭىزمۇ؟
— ياق، — دېدى ياشانغان ئانا، — نېمە بولماقچىدىم؟
— قورسىقىڭىز ياكى باشقا يېرىڭىز ئاغرامدۇ؟
— ياق، — دېدى مۇساۋەت خانىم يەنە، — سىلەرنىڭ قورسى-قىڭلار ئاغرىۋاتامدۇ؟
— ھەئە ... — دەپ جاۋاب بەردى جەۋات بەگ.
نەسرىن خانىممۇ:
— بىر ئاز، — دەپ غودۇڭشىپ قويدى.
— توۋا، — دەپ ئۇچۇقلا ئېيتتى گۈلچىن، — مۇشۇ چوڭ ئانام، ئەزبىرايى خۇدا، تازا غەمسىز بىر ئايال جۇمۇ.

ئەخمەت ئاشىق بەگ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

داچىدا تېخىچە بىكار يۈرگەن سەلىم ئارىغا چۈشتى.

— مۈشۈنداق بولغانمۇ ياخشى، «ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسە تېگىدە يېتىپ مانتا يەيدۇ» دېگەن شۇ - دە.

مۇساۋەت خانىم يەنە تىزلىرىغا تايىنىپ يېقىن كېلىپ، بىر تاپچانكا كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ: «مەن تاماق يەۋاتاتتىم، قارىسام كۆرۈنمىدىڭلار» دېدى ۋە ياشىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن داستىخاندىن تۇرۇشمۇ تەس كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ۋايساپ قويدى. ئەخمەت ئاشىق بەگنىڭ يېمەك - ئىچمەكتىن ئانچە كۆڭلى خۇش بولۇپ كەتمەيتتى. ئۇنىڭغا بىر - ئىككى كاپام تاماق بولسىلا يېتەتتى. شۇنداق قىلىپ، مۇساۋەت خانىم ئوغلى، كېلىنى، نەۋرىسى، كۈيئوغلى، كالتە پاچاق ئەرمىش ۋە ئەخمەت ئاشىق بەگلەرنىڭ دەل ئەكسى بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار: «توخۇنىڭ دۈمبە سۆڭىكى...» دېيىشسە، ئۇ قولىنى قۇلىقىغا دالدا قىلىپ: «هە، قانداق؟» دەپ سورايتتى. شۇنداق قىلىپ، خان ئانىغا ئەھۋالنى ئۇقتۇرماق خۇد- دى تۆگىنى خەندەكتىن ئاتلاتماقتىنمۇ تەس بولدى.

— قۇلىقى ئېغىر تۇرسا قانداق قىلسۇن؟ — بۇ گۈلچىننىڭ قارىشى ئىدى.

نەسرىن خانىمنىڭ ئۇنىڭغا قارىشى كېلىنلەرگە خاس بىر خىل قاراش ئىدى. شۇڭا، ئۇ، مۇساۋەت خانىم ئۆتكەن ئىشلارنى ئۆزد- نىڭ «تەتۈرلۈكىدىن» ئۇقمايدۇ، ئۆزىگە پايدىلىق بولسا ئۇقىدۇ، پايدىلىق بولمىسا قۇلاق سالمايدۇ، دەپ قارايتتى.

ئائىلىدە مۇساۋەت خانىم ھەققىدە پات - پات ئىختىلاپ پىكىر- لەرمۇ بولۇپ تۇراتتى.

— گەپنى ئۇزارتما، خانىم، ئۇزارتما!

— ھېچنېمە دېگىنىم يوق.

— ئانام يەتمىش ئۈچ ياشقا كىردى. سەنمۇ شۇنچىگە كىرگەند- دە كۆرەرمىز! — دېدى جەۋات بەگ ئايالىغا تىكىلىپ قاراپ، ئۇنىڭغا بىرمۇنچە گەپ قىلماقچى ئىدى، لېكىن ۋاز كەچكەندەك

قولىنى سىلكىدى، — ھەي، ئەللىككە كەلمەي تۇرۇپ مانا مەن دېگەنلەردىن تالاينى كۆردۇققۇ!

— بۇ گەپنىمۇ ماڭا قارىتىپ ئېيتىۋاتامسىز؟

— قانداق چۈشەنگەن بولساڭ شۇ.

— رەھمەت سىزگە، جەۋات بەگ، — نەسرىن خانىمنىڭ چىرايى ئىنتايىن سۆرۈنلىشىپ كەتتى.

— ئاچچىقىڭىزنىڭ يامانلىقىغا نېمە دېسەم بولار، نەسرىن خانىم؟ ئۆزۈڭىزنى تۇتۇۋالساڭ بولارمىكىن. بۇرۇلكامىنىڭ دەزمالدا سارغىيىپ، تۇتا - تۇتمايلا قـەغـەزدەك يىرتىلىپ كەتكىنى ئېسىڭىزدە باردۇر.

— ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسىلا قىرىق يىلنىڭ ئالدىدىكى ئىش پېشانەمدىن كەتمەيدۇ!

جەۋات بەگ دەۋاگەر قىياپىتىدە ئاپىسىغا، ئەخمەت ئاشىق بەگكە، كۇيئوغلىغا ۋە قىزىغا ئايالىنى كۆرسىتىپ:

— قىرىق يىلنىڭ ئالدىدا دېگىنىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ — ئۇ ئۆزىنى تۇتالماي ۋارقىرىۋەتتى، — شاراباراچىغا ئادىشىپ بېرىۋەتكەن غاچ - غاچ شىبلىتلار، پىتىر[1]كونۋېرتىغا ئەس - ھوشىنى بىلمەي ئارتۇق سېلىۋەتكەن بەش يۈز لىرا تېخى ئېسىدە يوق، يەنە قىرىق يىلنىڭ ئالدىدىكى ئىش دەيدۇ!

دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن نەسرىن خانىم:

— ۋارقىراۋەرمەڭ. نېمىگە ۋارقىرايسىز، بۇ يەردە گاس يوققۇ! — دېدى ئاغزى ئېچىلىپ، — بازاردىكى ئېلىم - بېرىم ماڭا قاراشلىق، قاچا - قۇچا يۇيۇشمۇ ماڭا قاراشلىق، كىر - قات، ياماق - پاماقمۇ ماڭا قاراشلىق تۇرسا! ئۇستۇمدىكى يۈك شۇنداق ئېغىر بولسىمۇ، ئۇنۇمنى چىقارماي ئېشەكتەك ئىشلەپ كەلدىم. سىز پۇلنى خالىغانچە خـەجلـەيسىز، بىزگە بولسا: «ئاللا - توۋا، شاراباراچىغا ئاياغلارنى بېرىۋەتتىڭ، پىتىر - سەدىقىگە بەش يۈز لىرانى ئارتۇق بېرىۋەتتىڭ!» دەيسىز، سىز

---

① پىتىر — روزا ھېيتىدا بېرىلىدىغان بەلگىلىك مىقداردىكى سەدىقە.

دائىم ھەممىسىنى ماڭا يۈكلەپ قويۇپ، كەينىدىن مېنى ئۇنداق قىلمىدىڭ، مۇنداق قىلمىدىڭ، دەيسىز. بۇلار ئەس ـ ھوشۇمنى بىلمىگەنلىكتىن بولغان ئىش ئەمەس، جەۋات بەگ، چارچىغانلىقىمدىن، بەك چارچىغانلىقىمدىن بولغان ... بەزى كۆڭلىرى ئۆرە تۇرۇپلا مۇگدەپ قالىمەن. قورۇق گەپنى قويۇپ، داچىغا بىر ياردەمچى خىزمەتچى تېپىپ، ئاندىن گېپىڭىزنى قىلىڭ.

— قانچە قېتىملاپ سىنىدىم. قانچە قېتىملاپ...

جەۋات بەگ «ۋاي غوجام، ھېچ خەۋىرىم يوق، قايسى سىنىقىدىن ئۆتەلمىدىم؟» دەپ تەنە قىلىۋاتقان خوتۇنىغا قورسىقىنى تۇتقان ھالدا ئۇياق ـ بۇياققا ماڭغاچ ئەسكەرتتى:

— ئالتە يىلنىڭ ئالدىدا داچىغا ھاماڭنىڭ قىزىنى ئۆي ئىشلىرىغا قاراشسا، ئاز ـ تولا پۇلمۇ بېرەرمىز، دەپ ئالمىدۇقمۇ؟

نەسرىن خانىمنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاققىلى تۇردى. يىغلاپ ئىچ ـ قارنىنى بوشىتىۋالالمىغان بولسىمۇ، ئېسەدىگەن ھالدا:

— ھە، جەۋات بەگ، — دېدى، — سىز مېنىڭ تونۇش ـ بىلىشلىرىمنى خىزمەتچى دەۋاتىسىزغۇ تېخى! بولدى، بولدى، بۇنىڭدىن كېيىن دەردىمنى ئۆزۈملا بىلەي!

بۇ ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىدىغان ئىشلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ئىنتايىن يوقسۇل بىر ئائىلىدىن كەلگەنلىكىنى ئېسىگە سالىدىغان ھەرقانداق نەرسىگە چىدىمايتتى.

بۇنى بىلىدىغان جەۋات بەگ بەك تەگەپمۇ كەتمىدى.

— ھە، ماقۇل، گۈلچىن ئۆيدىن چىقىپ كەتسە يالغۇزلۇق قىلىمەن، دەپ، قوشنىلار ئارقىلىق ئەكىلىپ نەچچە ئاي بۇ يەردە ساقلىغان خوتۇنغا نېمە دەيسەن؟

نەسرىن خانىم ئېرىگە ئەلەملىك كۆزلىرى بىلەن قارىدى:

— سوپى ۋەلىنىڭ خوتۇنى خەيرىيە خانىمنى دەۋاتامسىز؟ ئۇنى خىزمەتچى دېيىشكە بولامدۇ. ئەسلىدە مەن ئۇنىڭغا خىزمەت قىلدىم، ئاخىردا چىدىماي چىقىرىۋەتتىم.

— ھە، ياخشىغۇ، ھەممە نەرسىگە بىر باھانە تەييار.
نەسرىن خانىم ۋارقىرىدى:
— ھەر نەرسىگە باھانە تېپىش، ئۆزرە ئىزدەش سىزنىڭ ئىشىڭىزمۇ، مېنىڭمۇ؟
جەۋات بەگ ئايالىدىنمۇ بەكرەك ۋارقىرىدى:
— مېنىڭ ئىشىم، مېنىڭ ئىشىم!
خان ئانا بىر ئوغلىغا، بىر كېلىنىگە قاراپ ئارىغا كىردى:
— نېمىگە تاكاللىشىپ ۋارقىرىشىسىلەر؟ سىلەرگە زادى نېمە بولدى؟ گۈلچىن «دۇمبە سۆڭىكى» دەپ مېنى مەسخىرە قىلدى، سىلەرگە نېمە يوق؟ سوئالىمغا جاۋاب بېرىڭلارچۇ!
گۈلچىن يۈگۈرۈپ كېلىپ خان ئانىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلدى ۋە قۇلىقىنىڭ كەينىگە بىرنى سۆيۈپ قويۇپ دېدى:
— ۋىيەي، تونتۇنۇم، مەن سىزنى مەسخىرە قىلمىدىم، قەسەم قىلىپ بېرەي، بايا يېپىلگەن قېرى مېكىيانىنىڭ دۇمبە سۆڭىكى توغرىسىدا گەپ قىلدىم.
— بۇ قانداق نەرسە؟ — ياشانغان ئايال ئەيمىنىپ سورىدى.
نەۋرىسى «ئىشەنمەيسىز، تونتۇنۇم...» دېگەندە، خان ئانا دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئوغلىغا قارىدى:
— جەۋات، سەنمۇ ئاڭلاپ قوي! كېلىن بۇياقتا قېلىپ، بىز ئەمدى نەۋرىلىرىمىزنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىپ، مەسخىرىسىگە قېلىۋاتىمىز.
گۈلچىن: «ئۇنداق دېمەڭ، تونتۇنۇم...» دەپ قايتا ئېسىلىپ سۆيۈشىگە، مۇساۋەت خانىم بېشىنى قاچۇرۇپ، خاپا ھالدا ئوغلىغا قارىدى.
— ئۇنىڭ دېگىنى توغرا، ئاپا، مېكىيانىنىڭ دۇمبە سۆڭىكى گەپ قىلدى، داستىخاندا تۇرۇپ ھەممىمىزگە شۇنداق بىر گەپ قىلىپ كەتتىكى، ئەييۇھەنناس!
خان ئانىنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كەلدى:
— مەسخىرە قىلساڭلار قىلىۋېرىڭلار، زىيىنى يوق، دېمەك،

مۇشۇ ياشقا كەلگەندە بۇلارنىمۇ كۆرىدىكەنمىز. بالام ئەخمەت ئاشىق بەگ، قېنى ھەقىقەتنى سەن ئېيتقىنا!

ئەخمەت ئاشىق بەگ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ:

— ھۆرمەتلىك خانىم، ئەپسۇسكى، نەۋرىڭىز ۋە ئوغلىڭىز توغرا ئېيتىدۇ، — دېدى، — پېقىرنى بىلىسىز، كۆپ بىر نەرسە يېمەيمەن، لېكىن مېكىيان ئۆزىنى يېگەنلەرنى ھەددىدىن زىيادە پاجىئەگە ئۇچراتتى، ھەيران بولدۇق، يەنە بىر تەرەپتىن قورقتۇق. قالغىنىنى كىچىك كۈيئوغلىڭىزدىن ئاڭلاڭ!

سەلىم ئاغزىنى ئاچماسلىققا تىرىشىپ، ئەخمەت ئاشىق بەگنىڭ گېپىنى تەستىقلىغان ھالدا بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

جەۋات بەگ گاس ئاپىسىنىڭ كىشىلەرنى يالغانچىغا چىقارغىنىغا بەكمۇ بىئارام بولدى، بىراق ئاپىسىنى خاپا قىلىشنىمۇ خالىمايتتى. ئەھۋالنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش مەقسىتىدە:

— قاراڭ، ئاپا، — دەپ تاپچانىكا كارىۋات ئۈستىگە چىقتى ئۇ، — ئەمىسە مەن دەي، توخۇنىڭ دۇمبە سۆڭىكى...

ياشانغان ئايال چوپچوك ئىككى بالىغا ئاتا بولغان ئوغلىنىڭ يېنىكلىكىگە ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قاراپ قالدى.

— ئاڭلاڭ، گېپىمنى باشلىدىم: «ھەي، مېنى كاتتىكىمدە قىزىل تاجلىق خورىزىم بىلەن بىللە قويۇپ بەرمىگەن ئادەم ئىسىملىك ھايۋانلار! نەپسى يامانلار! ئۆزۈڭلارغا ئۆزۈڭلار قىلدىڭلار، قارنىڭلارغا چىدىغۇسىز ئاغرىق كىرىپ ئازابلىنىسىلەر، ھەرقانچە قېرى بىر مېكىيان بولساممۇ...»

گۈلچىن ھاياجاندىن ئۆزىنى باسالماي، بىر ئورۇندۇق ئۈستىگە چىقىپ، دادىسىغا قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئايىغىنى چۇشۇرۇشكە ياردەملەشتى:

— «توخۇلۇقۇمنى قىلاي!»

شۇ چاغدا گۈلچىننىڭ مەيدىسىدە سانجىق پەيدا بولۇپ، گېپى ئۈزۈلۈپ قالدى. ئاخىرىنى دادىسى داۋاملاشتۇردى:

— «ھالبۇكى، سىلەرگە بېرىدىغان جازايىم زەھەرلىنىشتىن-مۇ ئېغىر، چۈنكى مەن ئۇچەيلىرىڭلاردىن چىقىپ كەتكۈچە ھەممىڭلار...»

قورسىقىدا تۇرۇۋالغان سانجىق ئۇنىمۇ جىم قىلىپ قويدى. گەپنىڭ ئاخىرىنى يەنە گۈلچىن چۈشۈردى:

— «... ھەممىڭلار راستىنىڭلارنى ئېيتىڭلار! توغرىسىنى سۆزلەيسىلەر! بۇمۇ سىلەرگە يېتىپ ئاشار!»

گۈلچىن ئورۇندۇقتىن چۈشتى. جەۋات بەگمۇ قورسىقىنى تۇتۇپ كارىۋاتتىن چۈشتى.

— بۇ تېتىقسىز گەپلەرنى كىم دېدى؟

نەسرىن خانىم قېينانىسىغا يېقىنلىشىپ ئۇنىڭ بارچە ۋارقىرىدى:

— توخۇ دېدى، توخۇ!

مۇساۋەت خانىم ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ قاراپمۇ قويمىدى. چۈنكى، دىققىتى ئوغلىدا ئىدى، ئاچچىقلانغانلىقىدىنمۇ، ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىدىنمۇ، گەپ قىلغاندا لەۋلىرى تىترەيتتى.

— مانا بۇ نەۋرەم — تۇنۇگۇنكى بالا، بۇ خانىم بولسا كېلىنىم ... كېلىن بىلەن قېينانىنىڭ چىقىشالمايدىغىنىنى ھەممە بىلىدۇ. سەنمۇ كىچىك بالا ئەمەسسەن، جەۋات، ئاناڭ بىلەن چېقىشىشتىن ئىزا تارتامسەن؟ — خان ئانا تىزلىرىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇردى، — ئەخمەت ئاشىق بەگ، راستىنى ئېيتسام، سىزگىمۇ بىر ئاز ئاچچىقىم بار. ئېھ، قانداق قىلىمىز، ئامان بولايلى، ئەيىبكە بۇيرۇماڭ، مەن چىقىپ ياتاي.

— كەتمەڭ، تونتۇنۇم، — دېدى گۈلچىن، — مەتىن ھازىر ھەممىمىزگە سۇرگە دورىسى ئېلىپ كېلىدۇ.

— سۇرگە دورىسىنى مەن نېمە قىلاتتىم؟ — دەپ پەرۋاسىزلىق بىلەن مۇرىسىنى چىقاردى مۇساۋەت خانىم.

— سىز ھېلىقى توخۇ گۆشىنى يېمىگەنمىدىڭىز؟ — دېدى كېلىنى دەررۇلا.

— بىر پارچە يېگەن، ماڭا قانتنى توغرا كەپتىكەن.
نەسرىن خانىم قوللىرىنى يانپىشىغا ئۇرۇپ دېدى:
— ھەي، راستتىنگىزنى ئېيتسىڭىزچۇ، توخۇنىڭ يانپىشىنى تەخسىڭىزگە مەن ئۆز قولۇم بىلەن سېلىپ بەردىمغۇ.
جەۋات بەگ كۆڭۈل بۆلۈپ سورىدى:
— ئاشقازىنىڭىزدا ئاغرىق، سانجىق دېگەن بىر نەرسىلەر يوقتۇ، ئاپا؟
مۇساۋەت خـانىم قـورسىقىدىـنى سىلاپ قويۇپ بېشىنى لىڭ-شىتتى:
— يوق.
— غولدۇرلاشچۇ؟
مۇساۋەت خانىمنىڭ جاۋابى ئۆزگەرمىدى:
— يوق.
راستتىنلا ئۇنىڭدا ئازراقمۇ بىئاراملىق سېزىلمەيتتى.
— ماشائاللا، — دېدى بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن كېلىنى، — ئۇنىڭ ئاشقازىنى ئاشقازان ئەمەس، باشقا بىر نەرسە ئوخشايدۇ.
جەۋات بەگ خوتۇنىنى سىلكىدى:
— ئاغزىڭنى يۇم، خانىم!
— قېرى مېكىيان ئۇنىڭغا قانچىلىك نېمە؟ تاشنىمۇ ھەزىم قىلىۋېتىدۇ.
— ئاغزىڭنى يۇم، دەۋاتىمەن!
ئېرىنىڭ بىر تەرەپلىمە ھالدا داۋاملىق ئاپىسى تەرەپ بولۇشى نەسرىن خانىمغا ھەقىقەتەنمۇ بەك ئېغىر كەلدى. ئۇنىڭ كۆز ئالاي-تىشىمۇ ئاپىسىغا بولۇشقانلىقى ئىدى.
— جىم تۇرمايمەن ئەمدى! سەۋر قىلا ـ قىلا مۇشۇ يەرگە كەلدىم، چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، ئەمدى كۆتۈرمەيمەن! يوغان بىر يانپاشنى ئالدىغا قويدۇمغۇ، قەدرىنى بىلمەيدىغان خوتۇنىنىڭ كۆزى گۆرگە كىرگەندە تويىدۇ. ماڭا قانتنى توغرا كەلدى، دېگى-نىنى قاراڭلار، قانتنى توغرا كەپتىمىش تېخى...

نەسرىن خانىم مۇرىلىرى سىلكىنگەن ھالدا ئېسەپ يىغلاشقا باشلىدى.

— ماڭا قارا، ئاغزىڭنىڭ يۇم، ئەقلىڭنى يىغ - ھە، سەندىزە ...— دەپ خوتۇنىنى دىغا كۆز ئالايتتى جەۋات بەگ.

ئۇ مۇساۋەت خانىمنىمۇ سىلكىشتۇرۇپ ئورنىغا ئولتۇرغۇزماق بولدى.

— سىزمۇ مەرھەمەت قىلىپ ئولتۇرۇڭ، ئاپا! گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار. ئەخمەت ئاشىق بەگ ئۆز ئادەم، كالتە پاچاقمۇ شۇنداق، ھەممىمىز بىر ئائىلە كىشىلىرى تۇرۇپ، نېمىشقا بىر كېچىنى بىللە چىرايلىق ئۆتكۈزمەيمىز؟ تالاش - تارتىشنى قويايلى، بۇ زامان ئىتتىپاقلىق زامانى، كۆڭلىمىزدە نېمە بولسا شۇنى ئوتتۇرىغا تۆكۈش ۋاقتى ئەمەس، تىلىمىزنى تۇتىدىغان زامان. مەن بايا بىرمۇنچە گەپنى ئالدىراپ دەپ قويدۇم، شۇنىڭغا لايىق ئازارمۇ يېدىم. ھەممىمىز تاكاللىشىشنى قويايلى، ئائىلىمىز بۇنداق بىر بالا - قازادىن پەقەت تىلىنى تارتىشى بىلەن قۇتۇلىدۇ، — جەۋات بەگ سىرلىق بىر تۇس ئالدى، باشقا بىرىنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلغاندەك، ئاۋازىنى پەسەيتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — قېنى، گەپكە قۇلاق سېلىڭلار، ئەۋلىيا - ئەنبىيالار، مالائىكلار، جىن - پەرىلەر بىزنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ ئۇلار بېشىمىزغا بۇ چوڭ بالانى تېرىدى. بىزنى مۇشۇ يول بىلەن سىناۋاتىدۇ. ھەرگىز بوشاڭلىق قىلىپ ئۆزىمىزنى تۇتۇپ بەرمەيلى. ئۇلار بىزنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىمىزنى — بىر - بىرىمىز بىلەن چىقىشماي ۋاتامدۇق ياكى بۇرۇنقىدەك ئائىلە ئىچىدە بىر - بىرىمىزنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ ئۆتۈۋاتامدۇق، مانا شۇلارنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ.

گۈلچىن دادىسىنى قۇۋۋەتلىدى:

— توغرا، دادا، راست ئېيتىسىز، — ئۇ يېڭى نىكاھلانغان ئېرىگە قاراپ دېدى، — دادامنىڭ ئېيتقانلىرى توغرا، شۇنداقمۇ، سەلىم؟

سەلىم بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى:
— مىڭ مەتىۋە توغرا.
— قانداقلا بولسۇن، بېشىمىزغا بىر تەتۈرلۈك كېلىۋا-
تىدۇ، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى جەۋات بەگ، — بۇنداق
سۆزلەيدىغان مېكىياننىڭ بولغانلىقىنى ئاڭلاپمۇ باقماپتىكەنمىز.
قېرى مېكىيان زۇۋانغا كەلدى دېسەك، بىزگە كىم ئىشىنىدۇ؟
شۇنداق، ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا قالدۇقكى، يا ئۆلىمىز، يا
قۇتۇلىمىز، شۇنداقمۇ؟ ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ ئادەم يالغان گەپ
قىلىشتىن قورقمىسا، ئائىلىمىزنىڭ كىچىككىنە خۇشاللىقىنىمۇ
كۆرۈپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەر خۇداغا: «بۇ بەندىلىرىڭ سېنى ئالدا-
ۋاتىدۇ» دېمەمدۇ.
خان ئانا كېكىرىپ تۇرۇپ دېدى:
— توۋا قىلدىم، توۋا!
جەۋات بەگمۇ ئاپىسىنى دورىدى بولغاي، كېكىرىپ قويدى ۋە
كوچىلاپ سوراشنى داۋام قىلدى:
— ئاپا، بايا قېرى مېكىياننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىمىدىڭىز،
شۇنداقمۇ؟ يا ئايالنىڭ، يا ئەرنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىمايدىغان بوغۇق
ئاۋاز بىلەن سۆزلىدى. ئەجەبا، هازىر مەن ناهايىتى پەس بىر ئاۋاز
بىلەن سۆزلىسەم، قانداق قىلىپ گېپىمنى ئېنىق ئاڭلىيالىدىڭىز؟
— مەنمۇ؟ — ئالدىراپ سۆزلەپ قاقىلىپ كەتتى مۇساۋەت
خانىم.
— هەئە، سىز! — دېدى جەۋات بەگ ئۇلاپلا.
ئوغلىنىڭ زېرەكلىكىگە زوقى كەلگەن خانا ئانا كۆلۈمسىرى-
گەن هالدا:
— يائاللا، ئوغلۇم! — دېدى، — سېنى مۇشۇنچىلىك چوڭ
قىلىپ قويغان مەن. مېكىيانلىرىڭنىڭكىنى ئاڭلىغىنىم يوق، ئاڭ-
لىيالماپتىمەن. ئاھ، قانداق قىلاي، قېرىلىق، ئاجىزلىق، لېكىن
بوۋاقلىقىڭدىن شۇ كەمگىچە ئالدىمدا بولغىنىڭ ئۈچۈن، قىلغان
سۆزلىرىڭنى دەل ئاڭلىيالمىسامۇ، نېمە دەۋاتقىنىڭنى، نېمە دې-

مەكچى بولغانلىقىڭنى دەرھال چۈشىنىمەن. ئانلىق دېگەن شۇ، بۇ ئاسان ئەمەس!
گۈلچىن ئورنىدىن تۇرۇپ مومىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلدى:
— مۇشۇ مومامنى ھېچكىمگە ئوخشاتمايمەن، يېگانىلا.
نەسرىن خانىم قاپىقىنى تۈرۈپ قوشۇمچە قىلدى:
— دەھشەت، دەھشەت!
— بولدى، ئاپا، يەنە باشلىما.
— ئۆزىگە پايدىلىق بولغاننى ئاڭلايدۇ، پايدىلىق بولمىغاننى ئاڭلىسىمۇ ئاڭلىماسقا سالىدۇ، دېمىدىمۇ؟
— بولدى، جېنىم ئاپا!
— بىلمەيسەن، قىزىم، سەن ئۇنى بىلمەيسەن، بىرەر تونۇش ياكى قوشنا بىلەن ئەھۋاللاشسام، خۇددى ئاڭلىمىغاندەك بولۇۋې-لىپ، ھەممىنى ئاڭلىۋالىدۇ، ئاندىن ئېقىتماي - تېمىتماي داداڭغا يەتكۈزىدۇ. سەن بۇنى بىلمەيسەن. مانا ئۆزى تۇرۇپتۇ. يالغان ئېيتقان بولسام داداڭدىن سوراپ باق. بۇ ئادەم بۇ گەپلەرنى كىم-دىن ئاڭلىغاندۇ، نەدىن سۈرۈشتۈرگەندۇ، دەپ ھەيران بولاتتىم، ئەمدى بىلدىم، بىر ئىشپىيون بىلەن بىر ئۆيدە ياشاشنىڭ تەسلىك-نى بىلمەيسەن. ئاھ، بۇ نەسرىن قېيناناڭ دەستىدىن نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدى!
— بولدى، خانىم، — دېدى جەۋات بەگ، — يۈرىكىمنى ئەزمە!
ھازىر بۇ ئىشنى ئاستا بېسىقتۇرۇۋېلىشتىن باشقا يول يوق ئىدى.
بىر چەتتە گۈلچىن ئېرىگە ھال ئېيتىۋاتاتتى:
— ئەتە يەكشەنبە، ھەممىمىز خالىغان ۋاقتىمىزدا ئورنىمىز-دىن تۇرساق، بىرلىكتە باغچە كىنوخانىسىغا بارساق نېمىدېگەن ياخشى، دېيىشكەنىدۇققۇ؟ گېزىتتىن ئېلانلارنى ئوقۇغانىدىم، بىر - بىرىدىن ياخشى ئىككى فىلىمنى بىرلىكتە كۆرەتتۇق. قاراپ تۇرۇپ ھەممە ئىش سۇغا چىلاشتى، ھەممە نەرسە بىردەمدە زەھەر-

گە ئايلاندى، پاسكىنا مېكىيان!

گۈلچىن بىردىن قولى بىلەن ئاغزىنى تۇتۇۋېلىپ كەچۈرۈم سورىدى. بۇ كەچۈرۈمنى ئېرىدىن ياكى «پاسكىنا مېكىيان» دىن سورىغانلىقى ئېنىق ئەمەس ئىدى.

دەرۋازا قوڭغۇرىقىنىڭ تۇيۇقسىز چېلىنىشى ئۇلارنى چۆچۈتىۋەتتى.

— دەرۋازا! — دېدى نەسرىن خانىم.

— ئاچ، ئىنىڭدۇر بەلكىم! — دېدى جەۋات بەگ قىزىغا، ئارقىدىن قوشۇپ قويدى، — توختا، ئاچماي تۇر! بېشىمىزغا يەنە بىر بالا كەلمىسۇن، ئاۋۋال كىملىكىنى سوراپ باق.

گۈلچىن دەرۋازىنىڭ يېنىغا بېرىپ دادىسىنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇندىدى:

— دادام كىمكىن دەيدۇ، كىمسىز؟

— مەن، مەن، — دەپ ئۆزىنى مەلۇم قىلدى مەتىن. ئۇ ئون تۆت شىشە ئابدىملىك يېغى ئەكەلگەن چوڭ قۇتۇلدۇرغۇچى ئىدى.

— تېز ئاچ، بىزنىڭ قارام ئوغلىمىزكەن!

گۈلچىن ئىشىكنى ئاچتى. ئىنىسى بىر قۇچاق شىشىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

ئاپىسى، دادىسى، ھەدىسى ۋە ھەدىسىنىڭ ئېرى تەڭلا ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. ئالدىغا بارماي يىراق تۇرغانلار بولسا، ئەرمىش بىلەن خان ئانا ۋە ئەخمەت ئاشىق بەگ ئىدى. توخۇ گۆشىگە شۇنچە ئامراق ئەرمىش مېكىيانغا قول تەگكۈزمىگەنىدى، دادىسىنىڭ تۇتۇپ كېتىلىشى ئۇنىڭ گېلىدىن ھېچ نەرسە ئۆتكۈزمىگەنىدى.

ئەخمەت ئاشىق بەگ بولسا توخۇ گۆشى تېخى كەلمىگەندە بىرقانچە قوشۇق توخۇ شورپىسى ئىچكەن ۋە ئۇنىڭغا ياشانغان ئادەملەرنىڭ ئادىتى بويىچە ئېغىز تېگىپلا قويغانىدى.

خان ئانا يا توخۇ گۆشىگە، يا ئۇنىڭ گەپ قىلغىنىغا دىققەت قىلمىغانىدى.

— ئەكەل، بالام! — دەپ شىشىلەردىن بىرىنى ئالدى نەسرىن خانىم.

— ئەكە، ئارسلان ئوغلۇم، مەنمۇ بىرنى ئىچىۋېتەي. ئەتە باش مۇدىر بىزگە مېھمانلاپ كەلمەكچى، ئىچىمدىكى توخۇ گۆشىنى دەرھال چىقىرىۋەتمىسەم بولمايدۇ، — دېدى جەۋات بەگ.

— قېنى مېنىڭكى، مەتىن؟

— بىزمۇ قالمايلى، ئۇكام، — سەلىم شىشىلەرگە ئىككى قولىنى تەڭ ئۇزاتتى.

مەتىن تالاش - تارتىشتا قالغان شىشىلەرنى سۇندۇرۇپ قويماي، تارقىتىپ بېرىشكە تىرىشاتتى:

— توختاڭلار، شىشىلەرنى سۇندۇرۇپ قويماڭلار.

شىشىلەر جەۋات بەگنىڭ كۆزىگە ئازدەك كۆرۈندى:

— يەتكۈدەك ئالمىغان ئوخشىمامسەن؟

— ئالدىم، — دېدى مەتىن.

— مەن بىر ئادەمگە ئىككى شىشىدىن بولسۇن، دېمىگەنمىدىم؟

مەتىن شىشىلەرنى ئۈستەلگە بىر - بىرلەپ تىزدى:

— جېنىم دادا، بۇلار نېمە، كۆرمەيۋاتامسىز؟ ئوڭدىن ساندىسىڭىزمۇ ئون تۆت شىشە، سولدىن سانىسىڭىزمۇ ئون تۆت شىشە! ھۆرمەتلىك خانىملار، بەگلەر، ئازابتىن قۇتۇلماقچى بولساڭلار، پىقىرنى قويۇۋېتىپ، شىپا بولسۇن دەپ ئىچىشنىڭلارنى بىلمەمسىلەر! مەن بۇلارنى دورىخانىمۇ - دورىخانا ئارىلاپ يۈرۈپ ئاران تاپتىم. ماشىنىنى ھەيدەپ چىققان بولساق بىرمۇنچە پۇلنى تاكسىغا تۆلىمىگەن بولاتتۇق، — ئۇ شىشىلەردىن بىرىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئېگىز كۆتۈردى، — قېنى ئەمىسە، ھەممىڭىزگە شىپا بولسۇن!

ئۈستەلنى قورشىۋالغانلار ئۆزىگە تېگىشلىك ئىككىدىن شىشىنى ئېلىپ مېڭىشتى. ھەممەيلەن بىر - بىرلەپ ئېلىپ كېتىشكەندىن كېيىن، گۈلچىن ھەدە:

— كالتە پاچاق، كەل، ئۆزۈڭگە تېگىشلىكنى ئال! — دەپ

چاقىردى.
— مەن توخۇ گـۆشى يېـمىدىم، — ئـەرمـىش لەۋلىرىنى يۇمدى.
— زادى يېمىدىڭمۇ؟
— زادى يېمىدىم.
نۆۋەت ئەخمەت ئاشىق بەگكە كەلگەندى.
— ئۆزلىرى مەرھەمەت قىلىمامدىلا، ھۆرمەتلىك مېھمان؟!
بوۋاي ئورنىدىن تۇردى:
— ئۆزىڭىزدىن كەلسۇن، ئېلىڭ، قىزىم، مەن توخۇنىڭ شورپىسىنىلا ئىچكەنىدىم.
— سىلى ياشىنىپ قالغان ئادەم، بەلكىم شورپىمۇ زىيان قىلار.
— شۇنداق، — دېدى بۇ ئادەم، — زىيان قىلىشى مۇمكىن. لېكىن، كەچۈرسىز، مەن ئۆزۈمگە تېگىشلىكىنى ئالغاچ كېتىپ، ئۆيدە ئىچەي، بۇ يەردە ھـەر قـايسىڭـلارنى بىسەرەمجان قىلىپ قويىمەن.
ئۇنى قايتماڭ دەپ ئارتۇقچە تۇتۇشمىدى، بەلكى ئۇلار بىر ئاز-دىن كېيىن تەرەتخانىغا قاترىشى مۇمكىنلىكىنى ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن.
— يەنە كېلەرمەن، ئەپەندى، ئاۋارە قىلدىم، — دەپ چىقىپ كەتتى ئەخمەت ئاشىق بەگ.
مۇساۋەت خانىم ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قېلىپ:
— بۇ ئادەمنىڭ ئالدىدا سەت بولدى ...— دېدى.
جەۋات بەگ شېشىنى قولىدا تۇتۇپ ئاپىسىنىڭ ئالدىغا باردى:
— ئەپسۇسلانماڭ، ئۆز ئادەم، بېشىمىزغا بۇ ئىشلارنىڭ كې-لىدىغىنىنى نەدىن بىلەيلى؟
دورىنى ئالدى بىلەن گۈلچىن ئىچتى.
— پاھ، نېمىدېگەن قېرىق. ئۆمرۈمدە بۇنداق قېرىق نەرسى-نى ئىچىپ باقماپتىكەنمەن، — دېدى ئۇ ۋە ئىنىسىدىن

سورىدى، — ئابدىمىلىك يېغى مۇشۇمۇ؟
مەتىن ئىشەندۇرۇپ دېدى:
— دەل ئۆزى!
كېيىن نەسرىن خانىم ئىچكەندى، يۈز - كۆزىنى پۇ-رۇشتۇرۇپ:
— ۋاي خۇدايىمەي! — دېدى، — بىر ئاز تۇزغا چىلانغان قىزىلچا، شاكىلاتتەك نەرسىلەر بولسىچۇ!
شۇ ئارىدا مەتىن ئىككى قولىغا ئىككى شىشە ئېلىپ مومىسى-نىڭ ئالدىغا باردى:
— تاتلىق ئالجىغىنىم، بۇ سېنىڭ نېسىۋەڭ، مە، ئىچكىن!
مۇساۋەت خانىم ئۇنىڭ قولىنى ئىتتىرىپ:
— ئىچمەيمەن، ياتىمەن، سىلەر خۇداغا ئامانەت، — دېدى.
نەۋرىسى قوبۇل قىلىنمىغان شىشىلەرنى ئەپكېلىپ ئۈستەلگە قويدى:
— سەنمۇ خۇداغا ئامانەت!
خان ئانا بوسۇغىدا توختاپ ئۇلارغا قاراپ قويۇپ دېدى:
— سىلەرنى خۇدا ئامان قىلسۇن، يەنە ئېلىشىپ قېلىشىشلار-دىن ساقلىسۇن!
ئاپىسى چىقىپ كېتىشتىن ئىلگىرى شىشىلەردىن بىرىنى بۇل-دۇقلىتىپ ئىچىپ ئۆزىنى تىڭشاپ ياتقان جەۋات بەگ ئۇمىدسىز-لىك بىلەن:
— قېنى، يەنە بۇرۇنقىدەكلا تۇرىمەنغۇ، ھېچ ئۆزگىرىش يوقتۇ! — دېدى.
— ھۆرمەتلىك ئەپەندى، بۇ نېمىدېگەن سەۋرسىزلىك؟ — دەپ تەنە قىلدى نەسرىن خانىم.
— بېگىم، دورا دېگەن بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن تەسىر قىلىدۇ، — دېدى ئوغلى.
— دورىگەردىن ئەڭ ياخشى تەسىر قىلىدىغىنى قايسى، دەپ ئوبدانراق سورىمىدىڭمۇ؟

— ئەڭ تېز تەسىر قىلىدىغىنى، كۆچلۈكى مۇشۇ ئىكەن، ئۇ تەرەپتىن ئەندىشە قىلماڭ. ئەگەر ئىككى شىشىنى بىر ۋاقىتتا ئىچىۋەتسىڭىز، بىراقلا بالىنىتىسىغا كىرىدىكەنسىز، — دېدى.

— بوپتۇ، ئاشقان پۇل قېنى؟

— ئاشقان پۇلمۇ؟ ۋاي دادا، — دېدى مەتىن، — ئاشقان پۇلغا بىر ئىستاكان سۇمۇ كەلمەيدۇ، تاكسىدىن ـ تاكسىغا يۈتكىلىپ، ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، شوپۇرلارغىلا ئۈچ يۈز يەتمىش لىرا كەتتى، دورىلار بىر يۈز سەكسەن لىراغا كەلدى.

— دېمەك، ھېساب بويىچە مەن ساڭا قەرزدار بولۇپ قاپتىمەن ـ دە!

— شۇنداقتەك تۇرىدۇ.

— ساڭا يەنە چۇشۇپ قالغان پۇل يوق، يالغانچى كاززاپ! — دەپ ئەيىبلىدى ئوغلىنى جەۋات بەگ، — تاكسىلارغا ئۈچ يۈز يەتمىش لىرا تۆلىدىم دېسەڭ كىم ئىشىنىدۇ؟

— خۇدانىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولىسىز، جېنىم دادا.

— ئاغزىڭنى يۇم، كاززاپ!

مەتىن جىم بولدى.

جەۋات بەگ ئوغلىنىڭ سۆزلىرى بىلەن ئانچە ھەپىلەشمەي، ئۆزىنى تىڭشاشقا باشلىدى.

— بېرىپ ياتاي، — دېدى ئۇ ئەسنەك ئارىلاش، — ئاخىرى قانداق بولۇشىنى يېتىپ كۈتسەممۇ بولار، قانداق دەيسىلەر؟

جەۋات بەگ پەلەمپەيلەرنى ئاستا ـ ئاستا دەسسەپ ھۇجرىسىغا چىقىشقا باشلىدى. مەتىن ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرۇپ ئاپىسىغا يېقىنلاشتى:

— ئاپا، دادام بىر نەرسىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقاندەك قىلىدىغۇ، ئارىلاشما ـ ھە!

— نېمىدىن قاچۇرىدۇ؟

— ئۇنىسىنى بىلمەيمەن.

جەۋات بەگ پەلەمپەيلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ ھەممەيلەنگە

خەيرلىك كېچىلەر تىلەپ: «ئۇخلىيالىساڭلار ياخشى چۈش كۆرۈڭ-لار» دېدى ۋە ئىككىنچى قەۋەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھۇجرىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ خوتۇنىغا: «نەسرىن، بىز بۇ كېچە ئايرىم - ئايرىم ياتايلى!» دېدى.

نەسرىن خانىم بېشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ: «نېمە ئۇچۇن؟» دېگەندەك قىلىپ ئېرىگە قارىدى. ئۇ مەتىن دېگەندەك ئۆزىنى بىر نەرسىدىن قاچۇرۇۋاتامدىكىنا؟

جەۋات بەگ ئۆزرە ئېيتتى:

— خوتۇن، بىرمۇنچە دورا ئىچىۋەتتۇق، كېچىچە كەينى - كەينىدىن سىرتقا قاترايمىز، بىر - بىرىمىزنى بىئارام قىلمايلى، بۇ مېنىڭ يالغۇز ئۆز راھىتىمنى ئويلىغىنىم ئەمەس، ئەلۋەتتە، سېنىمۇ كۆزدە تۇتۇۋاتىمەن. شۇنداق قىلىلى، كېچىلەر خەيرلىك بولسۇن.

ئۇ ھۇجرىغا كىرىپ ئىشىكنى تاقىدى.

## 7

چوڭ شېشىدە لىق دورىنى لىغىرلىتىپ تىكلەپ قويغان گۈل-چىننىڭ بىئارامىلىقى سەلىمىنىڭ بىئارامىلىقىدىنمۇ ئېشىپ چۈشەتتى.

ئۇلار ئۇن - تىن چىقارماي بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. نېمىشقىدۇر جاۋابىدىن ئۆزلىرىنى قاچۇرغاندەك، بىر - بىرىگە سوئالمۇ قويۇشمايتتى.

لېكىن، نەسرىن خانىمنىڭ ئىچى تىت - تىت ئىدى، چۈنكى بۇ كېچە ئۇلارنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ كۆڭۈلسىز كېچە ئىدى.

— ھە، ئەرمىش، سەنمۇ ياتىقىڭغا كىرگىن! — دېدى گۈل-چىن جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

— خوپ، گۈلچىن ھەدە، سىز ياتامسىز؟

— بىزگە قارىما، بىز بىر ئاز ئولتۇرىمىز.

— ئۇنداق بولسا، كىچەڭلار خەيرلىك بولسۇن!
— ساڭىمۇ...
ئەرمىشنىڭ خۇددى يىراق بىر يەرگە كېتىدىغاندەك ئۇلارنىڭ قوللىرىنى ئايرىم - ئايرىم سۆيۈپ خوشلىشىشى ئۇلارنى ھەيران قالدۇردى. چۈنكى، ئۇ بۇنىڭدىن ئىلگىرى زادى بۇنداق قىلىپ باقمىغانىدى.
مەتىن ئۇنىڭغا چاقچاق قىلدى:
— نېمە بولدى، كالتە پاچاق؟ يىراق يەرگە كېتەمسەن نېمە؟
ئەرمىشنىڭ چىرايىدا يېقىملىق بىر تەبەسسۇم پەيدا بولدى:
— مەن كەتمەيمەن، مەتىن ئاكا، لېكىن سىزنى كېتەمدىكىن دەپ ئويلىدىم...
— بۇ گېپىڭنىڭ باشقىچە بىر مەنىسى بارمۇ نېمە؟
— يوق، مەتىن ئاكا.
— ئۇنداق بولسا؟
— خېلى بولدى سىلەرگە قاراپ تۇرىمەن، گويا ھېچقايسىڭلار مېنى تونۇمايدىغان، بىلمەيدىغاندەك بولۇپ قالدىڭلار، سىلەر مەن-دىن يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك، ياتلىشىپ كېتىۋاتقاندەك قىلىسى-لەر، ئەمما سىلەرنىڭ مەندىن يىراقلاپ كېتىشىڭلارنى خالى-مايمەن.
— ھە، ئەمدى نېمە دەيسەن، مەتىن — دېدى گۈلچىن، — ئوغۇل بالا بولساڭ ئەرمىشكە جاۋاب بەرگىنە قېنى!
— ئەرمىشنىڭ بىلمەيدىغىنى يوق، ئۇنىڭغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ، — دېدى مەتىن كۈلكىسىنى بېسىۋېلىپ، كېيىن جىددىي قىلىپ دېدى، — ماڭ بول، كالتە پاچاق، ھېلى تۇتۇۋې-لىپ ئابدىمىلىك يېغىنى ئېچكۈزۈۋېتىدىغان بولسام كۆرگۈلۈكۈڭ-نى كۆرىسەن!
— ھاماچا، بىردەم تۇرۇپ ئۇستۇمگە يېپىنچا تاشلاپ قويارسىز!
— ھاۋا ئىسسىق، لېكىن يېپىپ قوي دېسەڭ يېپىپ

قويايمۇ، — دېدى نەسرىن خانىم.

— مۇزلاپ قالماي.

ئەرمىش چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى قانداق بولىدىغانلىقى ناتايىن، لېكىن ئۇلار كېچىنى، ھېچبولمىغاندا بۈگۈنكى كېچىنى تىنچ - ئامان ئۆتكۈزۈۋالسا بولاتتى.

گۇلچىنىنىڭ ئەڭ چوڭ ئەندىشىسى مەتنىنىدە ئىدى، ئۇ مىجەزى ئىتتىك بالا، چاقچاق قىلدىم، دەپ ئىشنى بۇزىدۇ. چاپىنىنى ئالىمەن، دەپ كۆزىنى قارىغۇ قىلىپ قويىدۇ.

مەتىن ئەمدى كۇيئوغۇل بىلەن ئېتىشقىلى تۇردى:

— ئەنىشتە، ھارغىن كۆرۈنىسىزغۇ.

— شۇنداق، — دېدى سەلىم، — چارچىدىم، بۈگۈن كۆپ ئىشلەپ كەتتىم.

— قانداق ئىشلىدىڭىز، نېمىلەرنى قىلدىڭىز، دەپ بېقىڭا؟

— ئەتىگەن داچىدىن چىقىپ ئۇدۇل ئۇسكۇدارغا...

— ئۇسكۇداردا نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟

— بىر قانچە دۇكانغا كىرىپ چىقتىم.

— نېمە دۇكانلار ئۇ؟

— زەرگەرچىلىك دۇكانلىرى.

— سىزمۇ زەرگەرچىغۇ، قېنى، سۆزىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇڭ.

— ئۇسكۇداردىن قاباتاشقا، قاباتاشتىن قارا كۆيگە، قارا كۆيدىن قاپالى چارشىغا...

— تاكسىلارغا ئولتۇرغانسىز؟

— ھەئە، بىر نەچچە تاكسى ئالماشتۇردۇم.

— قاپالى چارشىدىكى ئېلىش - بېرىشلىرىڭىز قانداق بولدى؟

— ھەي، ئىشقىلىپ يامان ئەمەس.

— كەچقۇرۇنلۇقى داچىغا يەنە شۇ يوللار بىلەن قايتتىڭىزمۇ؟

— ياق، قاراكۆيدىن خادىكويغا كەلدىم.

— ئادەتتە كەچلىك تاماقلارغا كەلمەيتتىڭىزغۇ.

— ھەدەڭ ماڭا دەپ قويغان. خان ئاناڭلار كەچلىك تاماقتا مېنىڭمۇ بولۇشۇمنى تەلەپ قىپتىكەن، تاماقتىن كېيىن باغچە كىنوخانىسىغا بارماقچىدۇق.

— شۇنداق، — دېدى گۇلچىن، — لېكىن ئۇنداق بولماي قالدى. بەك كۆڭلۈم يېرىم، داچىنى قارا باسقاندەك بىر ئىش بولدى.

— ھەقىقەتەن كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان بىر ئىش، — دەپ غودۇڭشىدى سەلىم، — كىشىنىڭ ئەقلىگە سىغمايدۇ، مەن زەگەرچى بولسام، سىلەرمۇ غەلىتە ئادەملەر، سۆزگە سۆز توغرا كېلىپ قېلىپ دېدىم، ئەرمىشمۇ ئىنتايىن غەلىتە بىر بالا.

— ئۇنى قويۇپ تۇرايلى، سەلىم.

گۇلچىننى يېڭى ئۆيگە ئېلىپ كېتەلمىگىنىگە نارازى بولغان سەلىم چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىپ ئىچىنى بوشىتىۋالدى:

— ئەمدى يوشۇرالمايمەن، ئۇنى كۆرسەملا ئاچچىقىم كېلىدۇ، بۇ بالا زادى بوش بالا ئەمەستەك كۆرۈنىدۇ.

— باش قاتۇرماڭ، ئەنىشتە! — مەتىنىنىڭ ئاۋازى باشقا ئادەمنىڭ ئاۋازىدەك ئاڭلاندى. كېيىن ئۇ ھەيران بولغان ھالدا دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ جىم بولۇپ قالدى.

قالغانلارمۇ غەيرىيلىك ھېس قىلىشىپ بىر - بىرىگە قاراپ قويدى. شۇنداق بولسىمۇ، مەتىنىنىڭ ھەيرانلىقى ئۇلارنىڭكىدىن ئارتۇق ئىدى. ئۇ كىمگە يالغۇزۇشىنى بىلەلمەي بىر دەقىقە ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى، كېيىن ئاپىسىغا بۇرۇلۇپ دېدى:

— ئاپا، مەن بىر قىسما بولۇۋاتىمەن.

— قانداق بولۇۋاتىسەن؟

— قورسىقىمدا ھازىرچە بىر نەرسە سەزمىدىم، لېكىن بۇ يېرىمدە، كۆكسۈمنىڭ ئۈستىدە بىر نەرسە بېسىۋاتقاندەك، خۇددى بىرى بېسىپ ئولتۇرۇۋالغاندەك قىلىدۇ.

— دوختۇر چاقىرايلىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئاپىسى.

مەتىن دالاندا ئۇياقتىن ـ بۇياققا بارغانسېرى ئىتتىكلەپ مې-
ڭىشقا باشلىدى. ئۇ ئۇستەلدىن ئايلىنىپ ئۆتمەن، دەپ قوللىرى-
نى ئۇرۇۋېلىپ، شېشىلەرنى ئۆرۈۋەتتى. ھېلىمۇ ياخشى، شېشى-
لەر يۇمشاق يەرگە، گىلەمنىڭ ئۇستىگە چۈشتى، ئاغزى چىڭ
ئېتىلگەچكە تۆكۈلمىدى، مەتىن ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ ئېلىپ
ئۇستەلگە تىزىپ قويدى. پېشانىسىدىكى تەرلەرنى قولىنىڭ كەينى
بىلەن سۈرتۈپ:
— ئۆتۈپ كەتتى، ئۆتۈپ كەتتى، — دەپ غودۇڭشىغىنىچە
ساپالارنىڭ بىرىگە تاشلاندى، — قورقتۇڭلارمۇ؟
— بىر ئاز.
— چاتاق يوق، تۇزىلىپ قالدىم.
خېلى ۋاقىت ئۆتتى، مەتىنمۇ بۇرۇنقى ھەددىدىن زىيادە خۇش-
خۇيلۇقى بىلەن بىغەملىكىگە قايتقاندەك بولدى.
كۈيئوغۇل قويۇق قاشلىرىنىڭ تېگىدىن ئۇنى تېخىمۇ سەپسې-
لىپ كۆزىتىۋاتاتتى، گويا مەتىننى نازارەت ئاستىغا ئالغاندەك،
ئۇنىڭ يۈرەكزادە قىلىۋاتقان ھەركەتلىرىنى كۆزىدىن نېرى
قىلمايتتى.
نېمىشقىدۇر گۈلچىنىنىڭ سۆز قىستۇرغۇسى كەلدى:
— ئۆيۈڭ كەلگەن بولسا ياتقىن، سەلىم.
بۈگۈن سەلىم ھەقىقەتەن ھارغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ
تەكلىپىنى قوبۇل قىلمىدى.
— ھەممەيلەن دەرقەمتە ئولتۇرساق ياخشى ئەمەسمۇ، تاڭ
ئاتسۇن، بۇ كېچە ئۆتۈپ كەتسۇن، قېنى سەھەرگىچە نېمە بولىدى-
كىن؟
ئۇنىڭ نىيىتى ئۆزى كۈيئوغۇل بولۇپ قېتىلغان بۇ داچا
ئەھلىنىڭ بۇ ۋەقە مۇناسىۋىتى بىلەن ئاشكارىلىنىدىغان ئىچكى
سىرىنى ياخشى بىلىۋېلىپ، «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» قى-
لىش ئىدى. لېكىن، ئۇ مۇمكىنقەدەر ئاغزىنى چىڭ تۇتتى. مەتىن
گويا ئۇنىڭ خىيالىدىن ئۆتكەنلەرنى سېزىۋالغاندەك مۇنداق دېدى:

— بىر ـ بىرىمىزنى سوراققا تارتمايمىز، ئۆزئارا ھۇجۇم قىلىشمايمىز، قانداق دېدىم، ئەنىشتە، قانداق دېدىم، ھەدە، قانداق دېدىم، ئاپا؟

ئۇ ھەرخىل مەنىنى ئىپادە قىلغان قىياپەتتە بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇ پۇرسەت كۈتۈۋاتقانلىقىنى ۋە مۇناسىۋەتسىز سوئاللارغا دۇچ كېلىپ، مەخپىي ئوي ـ خىياللىرىنى ئاشكارىلاپ قويۇشتىن قورققانلىقىنى يوشۇرماقچى بولۇپ شۇنداق قىلغان بولسا كېرەك. ئۇنىڭ باش لىڭشىتىشلىرىنى ھېچكىم چۈشىنەلمىدى.

— بىراق، — دېدى مەتىن يەنە، — دادىمىز دورىنى ئىچە ـ ئىچمەيلا نېمىگە قاچتى؟ مەن ئۇنىڭدا بىر گەپ بار، دەپ ئويلايمەن.

— ئۇنىڭ ساڭا ھېچ مۇناسىۋىتى يوق، مەتىن، — دېدى ھەدىسى قاپاقلىرىنى تۈرۈپ.

— ئەلۋەتتە مەندىن ئاۋۋال ئاپام بىلەن مۇناسىۋەتلىك! — دېدى يىگىت پىشقان كاللىدەك ھېجىيىپ، — بۇنىڭ سەۋەبىنى ئاپام سورىشى كېرەك.

نەسرىن خانىم مەسخىرە قىلىۋاتقان ئوغلىغا تەتۈر قاراپ دېدى:

— ئەقىل ئۆگەتمە ماڭا! داداڭدىن نېمە سورايدىغانلىقىمنى ئۆزۈم بىلىمەن. ياتقاندا چىراغنى ئۆچۈرۈپ يېتىڭلار، ھەر ئايدا توكقا ئائىلەمنىڭ پۇلى كېتىۋاتىدۇ.

— ماقۇل، ئانىجان، چىچىلما، ئەتە سەھەردە ئامان ـ ئېسەن كۆرۈشكىلى خۇدا نېسىپ قىلسۇن، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، دادىمىزدىن ئالدى بىلەن بانكىدىكى ھېسابنى سوراپ باقساڭ!

— ئارىلاشما دېدىمغۇ، مەتىن!

گۈلچىن ئىنىسىنىڭ ئىچتقۇلۇقىغا قارشى ئىدى.

مەتىن باشقىدىن ھىجايدى.

— بىرىمىزنىڭ دەردى ھەممىمىزنىڭ دەردى، ھەدە. «ئائىلىنىڭ ھېيلىسى ئەرنى ئازدۇرىدۇ» دېگەن گەپ بار. مانا ھازىر دەل ئائىلىنىڭ ھېيلىسىنى كۆرسىتىدىغان پەيت.

ئوغلىنىڭ تولا گەپ قىلىشىغا چىدىيالمىغان نەسرىن خانىم غودۇڭشىغىنىچە ئېرىنىڭ يېنىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ يەردە ھېچبول-مىسا سوزۇلۇپ يېتىپ مېڭىسىنى دەم ئالدۇرالايتتى.

ھەدىسى بىلەن كۆيئوغلىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە قاراتقان مەتىن نېمىشقىدۇر جىم تۇرالمايتتى. ئۇ ئەمدى تېلېفوننىڭ ئالدىغا بې-رىپ، نومۇرلىرىنى بۇراپ، مۇناسىۋىتى بار قىز بىلەن سۆزلەش-كىلى تۇردى. ئۇ قىز بىلەن شۇنداق قىزغىن سۆزلەشتىكى، سەلىم بىلەن گۈلچىن ئۇنىڭ تېلېفوننى قويماي شۇنچە ۋاقىت سۆزلەشكەنلىكىگە تېرىكىپ جانلىرى چىققۇدەك بولدى. مەتىن ھېلىقى قىزغا بىردەم نەدىكى سوئاللارنى قويۇپ، ئۇي بەش پۇلغا ئەرزىمەس قىلاتتى، بىردەم كۆڭۈل ياساپ ئەپۇ سورايتتى:

— بۇ ھادىسە ماڭا بىر قېرى مېكىياندىن كەلدى، گۈزىلىم. كەچكى تاماقتا بىر قېرى مېكىيان يېگەندۇق، ھەدەم بىلەن ئەنىش-تەم «دۇمبە سۆڭىكى» ئوينىۋاتقاندا بۇ دۇمبە سۆڭەك زوۋانغا كەلمەسمۇ ... نېمە، يالغان دەۋاتامسىز؟ مانا ئىككىسى بۇ يەردە، چاقىرايمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن ئاڭلاپ باقامسىز؟ ئەقىلىسىز مېكى-يان جانابلىرى بىزنى جازالىدى. بۇنىڭغا ئىشىنىڭ، ئۇ ئۇچەيلىرى-مىزدىن چىقىپ كەتكۇچە ھەممە ئىشنىڭ راستىنى ئېيتىشقا مەج-بۇرمىز. شۇ سەۋەبتىن، دادام ئۇزۇن يىللىق ئائىلە دوختۇرىمىز-نى دەرۋازىدىن قوغلىۋەتتى. شۇ سەۋەبتىن، دادام بىلەن ئاپام، ئاپام بىلەن خان ئانام بىر - بىرى بىلەن قېيىدىشىپ قالدى، بىز بۇ يەردە قىيىن ئەھۋالدا قالدۇق، كۆرۈپ تۇرۇپسىز، مەنمۇ ئاران تۇرىمەن. يەنە شۇ سەۋەبتىن ھەر بىرىمىز بىر شىشىدىن ئابدىمىد-لىك يېغى ئىچتۇق، لازىم تېپىلسا يەنە بىرەر شىشىدىن ئىچىشىمىز مۇمكىن ...

ئۇ تۇرۇپكىنى ئورنىغا قويۇپ:

— بەتۇل تېلېفوننى قويىۋەتتى، — دەپ ئاغرىندى.

ھەدىسى بارمىقىنى شىلتىدى:

— بۇ ئىشنى ھەممە كىشى ئۇقۇپ كەتسە سەن قانداق باش

كۆتۈرۈپ يۈرسەن؟
— ئەتە ـ ئۆگۈن مېكىياننىڭ تەسرى تۈگىسە، ئۇنىڭ كۆڭ-لىنى ئېلىش ئۈچۈن يالغان گەپلەرنى سۆزلەيمەن، ئۇ مېنى كەچۈ-رىدۇ! كېلىڭلار، قارتىلار بۇ يەردە، ئۈچىمىز بىر دەم قارتا ئويناپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزەيلى.
— مەن قارتا بىلمەيمەن، — دېدى كۈيئوغۇل.
— زادى بىلمەمسىز؟
— بىلمەيمەن.
— نېمىشقا، نېمە ئۈچۈن؟
سەلىم ئورنىدىن تۇردى، قوللىرىنى يانچۇقىغا سالغان هالدا ئۇن ـ تىنسىز ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى.
— مەنمۇ سەندىن بىر نەرسە سوراپ باقاي، — دېدى ئۇ، — سەن نېمىشقا ئويۇنغا بۇنچىۋالا هېرىسسەن؟
— بۇنىڭ ئىككى سەۋەبى بار، ئەنىشتە، بىرىنچىسى، بۇنىڭ بىلەن مەلىكە بولىمەن. ئىككىنچىسى، ئۇتىمەن.
— پۇتۇنلەي سەن ئۇتامسەن؟
— شۇنداق.
— هەممە ئويۇندىمۇ؟
— شۇنداق.
— ئۇنداقتا هىيلە ئىشلىتىدىكەنسەن.
مەتىن راستىنى يوشۇرمىدى:
— رەقىبىمنىڭ كۆزىنى بويالسام ئۇنىمۇ قىلىمەن، ئەنىشتە.
ئۇ بۇ گەپنى بىكار دېگەنلىكىنى هېس قىلدى. ئەمدى قولى بىلەن ئاغزىنى ئېتىۋالسىمۇ كېچىككەنىدى.
سەلىم بىلەن گۈلچىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇلار گويا هېچ تۇتقاندەك تېلىقىپ ـ تېلىقىپ كۈلۈشتى.
ئۇلارنىڭ كۈلكىسىگە قاراپ ئاچچىقلانغان مەتىن:
— بولغۇلۇق بولدى، قالغىنىنىمۇ ئېيتىۋېرەي، —

دېدى، — مېنى سىنىپتىن كۆچتى، دەپ ئويلىشىدۇ. لېكىن، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدىم، كۆچۈرۈپ تۇتۇلۇپ قالدىم. ئىمتىھاندا كۆچۈرۈش مېنىڭ ئادىتىم. بەتۇل ياخشى ۋە ساددا قىز. مەن ئۇنى يالغان گەپلەر بىلەن ئىشەندۈرۈپ ئايلاندۇرۇپ يۈرىمەن. دادامغا بەش يۈز لىرانىڭ ھېسابىنى بېرىشتە يالغان ئېيتتىم. يەنە ئاڭلىماسىلەر، ئېيتىپ بېرەيمۇ؟

— بولدى، يېتەر ئەمدى! بۇ مېكىيانىنىڭ خۇدا جازاسىنى بەرسۇن، — دېدى ھەدىسى، — ئەكەلگەن دورائمۇ تازا دورا ئىكەن، نەدىن تاپقان دورا بۇ؟ ئاشقازىنىمنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتى. قاڭسىق دېسە قاڭسىق ئەمەس، مايلىق دېسە مايلىق ئەمەس ياكى ئاچچىق دېسە ئاچچىق ئەمەس، تاتلىق دېسە تاتلىق ئەمەس، خۇدا ئۇرغان غەلىتە بىر نەرسىغۇ بۇ؟

مەتىن مېڭىپ يۈرگەن كۈيئوغۇلغا نەزەر تاشلىغان ھالدا تاپچانكا كارىۋاتلاردىن بىرىگە سوزۇلۇپ:

— ئۇ دېگەن ئاتلانتىك ئوكيان ئاراللىرىدىكى قومۇشلارنىڭ ئالاھىدە سۈيى، ئاشقازاننى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىش ئۇنىڭ خۇيى، — دەپ بېيىت توقۇدى، — بىپەرۋالىق قىلماي، ماڭا ئوخشاش شىپالىق كۈتۈپ، كارىۋاتتا سوزۇلۇپ يېتىڭلار!

—ھە، ھە! — دېدى سەلىم بىردىن ئۈمىدلىنىپ.

— نېمە بولدى، ئەنىشتە؟

— نېمە بولدى، سەلىم؟ — دېيىشتى ئۇلار دەرھال ئالدىغا بېرىپ.

— سانجىق.

— يولنى بىلىسىز، ئەنىشتە، مېڭىڭ، ئالغا مېڭىڭ.

سەلىم ماڭغان بولسىمۇ، يېرىم يولدىن كەينىگە ياندى.

— ئۇنداق ئەمەسكەن، خاتالىشىپتىمەن.

مەتىن ئۇنىڭغا:

— ماڭا ئوخشاش كارىۋاتقا سوزۇلۇپ ئولتۇرۇڭ، ئۇزۇنراق ئولتۇرۇڭ، دورا تۆۋەن چۈشسۇن، — دېدى.

لېكىن، ئەنىشتە ئۆرە تۇرۇشنى ئەۋزەل كۆردى، ئۇنىڭ بىر تەلۋە بالىنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىشقا كۆڭلى ئۇنىمىدى.

— ئەمدى بۇ ئىش ئىنتايىن تېتىقسىزلاشتى، — دەپ قويدى ئۆز - ئۆزىگە مەتىن، — مەلۇم بولدىكى، مېكىيان جانابلىرى بىزنى ئاسانلىقچە قويۇپ بەرمىدىغاندەك، ئۆز يولىغا راۋان بولىدىغاندەك ئەمەس. مەندىن ھالىڭ نېچۇك، دەپ سورىماڭلار، مەن ئۆزلۈكۈمدىن تۈگىشىشكە باشلىدىم، سىلەرگە نۆۋەت كەلگەندە قانداق قىلىسىلەر؟ ۋاقتىدا ئالدىنى ئېلىشىڭلار كېرەك.

گۈلچىن سورۇشتۇردى:

— ئالدىنى قانداق ئالسا بولىدۇ؟

— دەسلەپ ئالدىنى ئالىدىغان نەرسە شۇ بولسا كېرەك، ھەدە، ھۇجراڭغا كىرىپ ئىشىكنى ئىچىدىن ئېلىپ، مېكىياندىن قۇتۇلغۇچە سىرتقا چىقما.

— چىقمىدۇق، ماقۇل، — دېدى ھەدىسى كۆزىنى يەردىكى گىلەمنىڭ گۈللىرىگە تىكىپ، — ئويلىماي گەپ قىلىۋاتىسەن، باشقىلار ئىشىكنى قاقسىچۇ؟ ئۇلار گەپ سورىسا قانداق قىلغۇلۇق، ئاغزىمنى يەملەپ قويىمەنمۇ؟

مەتىن يەنە بىر بېيىت كەلتۈردى:

— جېنىم ھەدە، چاپسان يۇگۈر، تۇتۇش قىل، تۇتقۇزىدۇ ئابدىمىلىك يېغى، بىل.

— چاقچاق قىلما!

— راست، سەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنغۇ، جېنىم ھەدە؟

— ھازىر بۇ سوئالنى سوراشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

— ھاجىتى بار، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە «رىۋايەتنامە» دەيدىغان گرېك ياكى رىملىقلارنىڭ چۆچەكلىرىنى ئوقۇمىغانمۇ؟

— بىر ئاز ئوقۇغاندەك قىلىمەن، لېكىن ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — دەپ جاۋاب قايتۇردى ھەدىسى.

مەتىن يۆتىلىپ قويدى:

— ئۆھو، ئۆھو ... ئۇنتۇغان بولساق باشقا گەپ، ئەگەر ئۇنتۇمىغان بولساق، ئىنتايىن سېھىرگەر ۋە قابىل ئۇلىكسىپىنىڭ دوستلىرىنى ۋە ئۆزىنى ئادەم يەيدىغان سىرەنلەرنىڭ ئازدۇرغۇچ ئاۋازىدىن قانداق قۇتقۇزغانلىقىنى بىلگەن بولاتتىڭ.

— قانداق قۇتقۇزۇپتىكەن؟

— ناھايىتى ئاسان، شۇنداق ئاسانكى، كىشىنىڭ ئەقلى ھەي-ران قالىدۇ.

— گەپنى ئۇزارتماي دېگىنە!

— ئۇلىكسىپس ئويلىنىپ تۇرمىغان، — دەپ سۆزلەشكە باش-لىدى مەتىن كارىۋاتتا قوللىرىنى بېشىنىڭ ئاستىغا قويۇپ ياتقان ھالدا، — جەلپ قىلغۇچى ناخشىلارغا مەپتۇن بولماسلىقى ۋە ئۇپۇل - توپۇل ئاۋازغا قاراپ يۈگۈرمەسلىكى ئۈچۈن، ئادەملىرى-نىڭ قۇلاقلىرىغا بالدۇرلا موم قاپلىۋەتكەن، ئۆزىنى بولسا يەلكەن مومىسىغا باغلاتقان ... مانا شۇنداق ئاسان قۇتقۇزغان.

گۈلچىن ئاشۇ چۆچەكنىڭ قەھرىمانىدىن قېلىشمايدىغان قۇۋ ھەم ھىيلىگەر ئىنىسىغا بىزار بولغان ھالدا قاراپ دېدى:

— خوپ، ماقۇل، لېكىن مومنى نەدىن تاپىدىغان گەپ؟

— كۆزلىرىڭدىن ئۆرگىلەي، جېنىم ھەدە، كاللاڭنى ئىشقا سالساڭچۇ؟ — دېدى ئىنىسى، — موم بولمىسا پاختا بارغۇ.

گۈلچىن ئوڭ - سولغا قاراپ قويۇپ ئاغرىنغان ھالدا دېدى:

— دورىخانىدىن كېلىشىڭدە پاختا ئالغاچ كەلسەڭمۇ بوپتىكەن.

مەتىن ئۇلارنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇردى، يەنى ھەدىسى بىلەن «ئەنشتە» سىگە ئەقىل ئۆگەتتى:

— سېنىڭ كاللاڭ ھەقىقەتەن ئىشلىمەس بولۇپ قاپتۇ، تاتلىق ھەدە، قولۇڭغا بىر تال بىرنىتۋا ئېلىپ كۆرپىلەرنى كەسمەمسەن، پاختا كەممۇ!

گۈلچىن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئۇكىسىنى «ۋاي مېنىڭ ئەقىللىق ئۇكام!» دەپ بويىنىدىن قۇچاقلىماقچى بولغانىدى، شۇ

ئەسنادا جەۋات بەگ ھۇجرىسىدىن كۆڭلەكچان يۈگۈرۈپ چىقىپ ۋارقىرغىلى تۇردى:

— ئادەم بارمۇ؟ مېنى بۇ جادۇگەرنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىر ئىنسان بارمۇ؟ — ئۇ پەلەمپەيدىن تاقىلداپ چۈشۈۋېتىپ تۆۋەندىكىلەرگە يالۋۇرغىلى تۇردى، — قىزىم، ئوغلۇم، قەدىرلىك كۈيئوغلۇم، مېنى قۇتۇلدۇرۇڭلار!

چاچلىرى چۇۋۇلۇپ ئالۋاستىلارغا ئوخشاپ قالغان نەسرىن خانىم ۋارقىراپ - جارقىرىغىنىچە ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ چۈشۈۋاتاتتى.

— نەگە قاچىسىز، غوجام، نەگە؟ سىزنى تۇتالمامدىمەن؟

ئورنىدىن چاچراپ تۇرغان گۈلچىن دادىسىغا بۇركۈتتەك ئېتىلىشقا تەمشەلگەن ئاپىسىنى توسۇۋېلىشقا تىرىشتى ۋە نېمە بولغانلىقىنى ئۇقماقچى بولدى:

— خۇدا ھەققىدە، نېمە بولدى سىلەرگە؟

نەسرىن خانىم ۋارقىرىغىنىچە ئۇنىڭ بىلەن ھەپىلىشەتتى.

—ۋاي قويۇۋەت، نېرى تۇر، ئارىلاشما بۇ ئىشقا! — ئۇ دېۋەيلەپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى، — قارا بۇنى، خەپ توختا!

— خۇدا ھەققى كۈچۈم يەتمىدى، ئاپامنى تۇت، مەتىن!

مەتىن ئاپىسىنىڭ بېلىدىن قۇچاقلىۋالدى:

— مانا تۇتتۇم!

نەسرىن خانىم تېخىچە «قويۇۋەت مېنى!» دەپ تېپىچەكلەيتتى.

— قويۇۋەتسەم ئۆلتۈرۈۋەتمەكچىمۇ سەن بۇ بىچارىنى؟

— ساق قويمايمەن، بوغىمەن، چاچ - ساقاللىرىنى يۇلۇۋالىمەن، كۆزلىرىنى ئويىمەن!

نەسرىن خانىمنىڭ ھەدېگەندە قىلغان سۆزلىرى شۇ بولدى. ئۇ «ئۇنداق قىلما، ئاپا، بۇنداق، قىلما ئاپا!» دېگەننى ئاڭلىمايتتى، كۆزلىرى بولسا بىر قىسما بولۇپ كەتكەندى. ئوغلىنىڭ بېلىنى قاماللاپ تۇتۇۋالغان قوللىرىدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى

يەتكەن نەسرىن خانىم بىر ئاز بوشىشىپ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، نېمىشقا ئاچچىقلانغانلىقىنى مۇنداق چۈشەندۈردى:

— ھەر كۈنى ئۇ يېڭى دەزماللانغان كاستۇم - بۇرۇلكىنى ۋە كىراخماللاپ دەزماللانغان كۆڭلەكلەرنى ئالماشتۇرۇپ، ساقال - بۇرۇتىنى ئەينەكتەك پارقىرىتىپ قىرىپ: «خانىم، مەجلىسكە بارىمەن، ئىش ئىگىلىرى بىلەن سۆزلىشىمەن، ئۈستۈبېشىم پاكىز بولۇشى كېرەك ...» دەپ چىقىپ كەتسە، كېچىك بالىدەك ئىشىنىپ يۈرۈپتىمەن، «ئىشتىن كەچ قالدىم، خانىم ...» دەپ بۆكۈمگە جىگدە سالسا مەيلى دەپتىمەن. بايا ئۇ كۆزۈمنى بوياپ يۈرۈپتىكەن. ئەمدى ئەھۋالنى ئېيتىپ باقسۇن، بەگ ئەپەندى، نېمىشقا شۇنداق؟

— ئۆزۈڭ سورىغانسەن، ئاپا، — دېدى مەتىن.

— سورايمەن، ئەلۋەتتە! — دېدى قايتىدىن دەرغەزەپكە كېلىپ نەسرىن خانىم، — شۇنداق ئەمەسمۇ، بۇ كېچە سوئال - سوراق قىلىدىغان كېچە، سورايمەن، ئەلۋەتتە! قېرىغىنىنى تۇيماي ئۇنىڭ بۇنچىۋالا ياسىنىپ كېتىشلىرى پۇتۇنلەي ھېلىقى خۇسۇسىي كاتىپىم دەپ يۈرگەن بۇزۇق قىز ئۇچۇن ئىكەن ئەمەسمۇ، — ئۇ يەنە دېۋەيلىگەن ھالدا تېپىچەكلىدى، — مەتىن، قويىۋەت مېنى!

جەۋات بەگ يالۋۇردى:

— يۈز - كۆزۈمگە چاڭ سالدىڭ، ھەرگىز قويىۋەتمە، ئوغلۇم!

— بۇ نەس باسقان دۇنيادا مۇشۇنداقمۇ ئالەمنى مالەم قىلىپ ئولتۇرىدىغان ئىش بارمۇ؟ سادىغاڭ كېتەي، ئاپا، بىر - بىرىڭلارنى چۈشەنسەڭلار بولمامدۇ! — دېدى مەتىن.

«ھىم، ھىم ...» دېگەندەك غەلىتە چۈشىنىكسىز ئاۋازلارنى چىقىراتتى جەۋات بەگ چىرايىدا ئۈمىدسىزلىكنىڭ قارا بۇلۇتلىرى پەيدا بولۇپ. ئوغلىنىڭ ئانىسىنى قويىۋېتىشى، خۇدا ئوڭشاپ خوتۇنىنىڭ ئۆزلۈكىدىن چەتكە چىقىشىمۇ بۇ بۇلۇتلارنىڭ كۆلەڭگىسىنى تارقىتالمىدى.

نەسرىن خانىم ئىككى ـ ئۈچ قەدەم نېرىغا بېرىپ دېدى:
— سىلەر يەنە ئۇنى دادا دەيسىلەر تېخى! سىلەر دادا دەپ قولىنى سۆيىدىغان بۇ ئادەمنىڭ پۈتۈن كارامىتى ئاشكارا بولدى! ئېڭەككە تاقاشقان بالىلىرىدىنمۇ نومۇس قىلمىغان قاقۋاش! — ئەمدى ئۇ كۆچىنىڭ بـارىچـە ئـۆزىنى كاچاتلاپ يىغلىغىلى تۇردى، — مەن بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمايمەن. بۇ ئۆيدىن يا ئۇ چىقسۇن، يا مەن چىقاي!
— ئاپامنىڭ دېگـەنلىرى تـوغرىمۇ، دادا؟ — دەپ سـوراشتىـى بالىلىرى.
جەۋات بەگنىڭ ئاۋازىمۇ چىرايىدەك ئۇمىدسىز ئىدى:
— ھەي، ھەي، ئوغلۇم، قىزىم ··· ئاغزىمدىن چىقتى، ساقىلىمغا ياماشتى.
نەسرىن خانىم تېخىمۇ ھازازۇللۇق بىلەن سۆزلەپ كەتتى:
— بۇ كور بولىدىغاننىڭ گېپىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ، بالىلار؟ ئاغزىدىن چىقىپ كېتىپتۇمىش! ئاغزىدىن چىقمىغان بولسا، مەن يەنە بىلمەي قۇل ـ چاكىرى بولۇپ يۈرۈۋېرەتتىم، ئۇنىڭ راھىتى ئۈچۈن چېچىمنى سۈپۈرگە، قولۇمنى كۆسەي قىلىۋېرەتتىم.
نەسرىن خانىم ئوغلىنىڭ قولىدىن بوشىنىپ:
— قېچىپ باققىنا! — دېدى ئېرىگە، — ئەمدى قىزىڭنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋال، قورقۇنچاق! زادى قولۇمغا چۈشمەسسەنمۇ؟
مەتىن جىددىي قىلىپ ئېيتتى:
— بىز بار ئىكەنمىز، چۈشمەيدۇ، ئاپا.
— ھېلىقى مېكىيان جانىۋار بولمىغان بولسا، قارىغۇ ئادەمدەك، قاراڭغۇچىلىقتا قالغاندەك، ھېچ نەرسىدىن خەۋىرىم بولماي يۈرۈۋېرىدىكەنمەن.
— ھە شۇنداق، — دېدى مەتىن، — ئەتە مېكىياننىڭ سۆڭەكلىرىنى ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ كۆمىمىز.
— خان ئانام ئۇلارنى ئىتقا بېرىۋەتتىغۇ دەيمەن، — دېدى گۈلچىن.

نەسرىن خانىم ئوغلىغا ئالايدى:

— ماڭا قارىغىنا، سەن ھېچ ئەيمەنمەستىن ئالدانغان، دەردلىك ئاناڭنى مازاق قىلىۋاتىسەنغۇ تېخى!

مەتىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ دېدى:

— ئۇنداق ئەمەس، جېنىم ئاپا، نېمە دېگىنىڭ بۇ! — يەنە بىر ئۇھ تارتىپ قويدى ئۇ، — مەن ئويلايمەنكى، بىز يېگەن ئۇ نەرسە توخۇ بولمىسا كېرەك، ئۇنداق بولسا نېمە ئىدى، دېيىشىڭلار مۇمكىن، مېنىڭچە، ئۇ ئىگىسىدىن بەك بىزار بولغان ياكى بولمىسا ئىگىسىنى تازا بىزار قىلىپ، بوينى ئىتتىك پىچاق بىلەن بوغۇزلانغان تۇتى قۇشمىكىن دەيمەن. ئۇ جانىۋار بىزنىڭ داستىخاننى ئىگىسىنىڭ داستىخىنى دەپ قالسا كېرەك. «ئەۋلىيا چەلەبى» دىمۇ، ئەيتاۋۇر بىر كىتابتا ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ۋەقە بايان قىلىنىدۇ. بىز ئۇنىڭغا نېمە قىلدۇق؟ قولىمىزغا بوغۇزلاقلىق كەلدى. بىزنىڭ پەقەتلا ئۇنى پىشۇرۇپ يېگەنلا گۇناھىمىز بار، بولمىسا، بېشىمىزغا بۇ پېشكەللىك نەدىن كەلسۇن؟

چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايتتى، ئۇلار قانداق قىلىش، نېمە قارارغا كېلىش لازىملىقىنى جەزم قىلالمايتتى. راست، ئائىلىنى قۇرۇش ئاتىنىڭ قولىدىن ئوغلىنىڭ قولىغا ئۆتكەن. ئۇلارنى مانا شۇ ئوغۇل ئايلاندۇرۇپ يۇرگەندەك قىلاتتى. ئۇ ئاپىسىغا: «ئولتۇر، ئاپا!» دېۋىدى، نەسرىن خانىم غىڭ قىلمايلا ئولتۇردى. ئاندىن ئۇ گۇلچىنگە: «ھەدە، دادامنى يۇقىرىغا ئاچىقىپ كەت!» دېگەنىدى، گۇلچىن دادىسىنى قولتۇقلىدى، جەۋات بەگمۇ دېكىلداپ ماڭدى:

— مەن چىقىپ كېتەي، لېكىن بۇ خوتۇن يېنىمغا كەلمىسۇن! — دېدى شەرت قويۇپ ئۇ.

ئەسلىدە «ۋاي، ئۇ ئىشنى قاراڭلار...» دېيىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، باشقا كەلگەننى تارتماي ئامال قانچە؟ خوپ، لېكىن قانچىلىك تارتىش كېرەك؟

ئاپىسىنىڭ قايتىدىن ئاغزى ئېچىلدى:

— ئاڭلاپ قويۇڭلار، باللار، ئېسىڭلاردا بولسۇن، مەن ئەمدى بۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيدە تۇرالمايمەن، كۇدە - كۆرپەمنى كۆتۈرۈپ كېتىمەن.
— بۇ پەقەت يايمىچى خوتۇنلارنىڭ دەيدىغان گېپى، جېنىم ئاپا، سەن يايمىچى خوتۇنمىدىڭ؟ — دېدى مەتىن.
— شۇ تاپتا نېمە دېسەڭ مەيلى، نېمە بولسام بولدۇم.
گۇلچىن ئارىغا كىردى:
— سەن كەتسەڭ بىز قانداق قىلىمىز، ئاپا؟
— يېڭى بىر ئاپئاق ئاپاڭلار كېلىدۇ. كۆنۈپ قالىسىلەر.
— يوقىلاڭ گەپنى قىلما، — دېدى مەتىن، — ئاغزىڭنى يۇم، تاڭ ئاتسۇن.
— تاڭ ئاتسا نېمە بوپتۇ، باشقا بىر ئۆزگىرىش بولماقچىمۇ؟
مەتىن كۆڭلى يېرىم بولۇۋاتسىمۇ، ھەر قاچانقىدەك چاقچاق قىلىشقا ئۇرۇنۇپ مۇنداق دېدى:
— ھەممە نەرسە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، پەيلاسوپلار نېمە دېگەن: «چاپسان بول، تېز يۈگۈر، تۇتۇش قىل، قۇتقۇزىدۇ ئابدىمىلىك يېغى، بىل!»
ئۇ بۇ بېيىتنى ئېيتقاندا، جەۋات بەگ قىزىنىڭ ھۇجرىسىدىن چىقىپ، ئىككىنچى قەۋەتتىكى سۇپىنىڭ ۋادىكىگە كەلگەنىدى، ئۇ قۇللىرىنى شىلتىپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:
— زېرىكىپ تويدۇم، تويدۇم، تويدۇم!
ئۆزىنى بېسىۋالغان مەتىنىنىڭ ئوڭ قېشى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.
— دادام كاككۇك سائەتكە ئوخشاپ قالدىغۇ!
گۇلچىن يېڭى بىر ۋەقە يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن پەلەمپەيىنىڭ بېشىغا يۈگۈردى:
— ئۆتۈنۈپ قالاي، ئۆيگە كىرىپ كېتىڭ، دادا!
كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتكەن خوتۇنىنى كۆرگەن جەۋات بەگ بۇ گەپنى ئاڭلاپ قىزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

— كاككۇك سائەت ئۇچىنچى سايرىدى. سائەت قانچە بولغاندۇ؟ — مەتىن بىلىكىدىكى سائەتكە قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويىدى، — بۇ ئادەمنىڭ بىزگە شۇنداق ئاچچىقى باركى، تۇرالمايۋاتىدۇ، ئەتىنى كۈتكۈدەكمۇ تاقىتى يوق.

ئەمدى نەسرىن خانىم قايىنغىلى تۇردى:

— سەن زېرىكىپ، مەن زېرىكمەيتىكەنمەن - دە، ھىم، بۇ گەپلەرگە ئۆلەيمۇ، كۈلەيمۇ! ئاڭلىدىڭلارمۇ، خالايىق، بەگ ئەپەندى زېرىكىپتىمىش!

ئەمدى نۆۋەت كىشىلەرگە بېشىدىن تاپىنىغىچە سىنچىلاپ باھا بېرەلەيدىغان مەتىنگە كەلدى:

— نېمىگە خاپا بولىسەن، جېنىم ئاپا؟ ئائىلە قىزىقچىلىقى دېگەن مۇشۇ، كىشىلىك تۇرمۇش دېگەن مۇشۇ! بىر - بىردىن بۇرۇنلا زېرىككەن، بىزار بولغان ئەر - خوتۇنلارنىڭ بىر ئۆيدە تۇرۇشى، ئەرلەرنىڭ پۇل تېپىشى، ئاياللارنىڭ خەجلىشى، ۋىت - ۋىت قىلىشى، بالىلارنىڭ تۇغۇلۇشى، ئەر - خوتۇننىڭ بۇنىڭدىن خۇشال بولۇشى، بالىلىرىنىڭمۇ ۋاقىتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىرەر يارامىلىق ئادەم بولۇشىنىڭ ئۆزى تۇرمۇش! قانداقتۇر بىر پەيلاسوپ مۇنداق دەپتىكەن...

— ھە، مەتىن! — دېدى ھەدىسى، — توخۇ بوغۇزلاشنى ئەتىگە قالدۇرۇپ، ئالدى بىلەن سېنىڭ ئاشۇ پەيلاسوپۇڭنى بوغۇزلاش كېرەك ئىدى ئەسلى.

بوغۇزلاشتىن گەپ ئېچىلىۋىدى، نەسرىن خانىم سەكرەپ كەتتى:

— توخۇ - تۇماننى قوي، پەيلاسوپمۇ تۇرۇپ تۇرسۇن، ئالدى بىلەن داداڭلارنى، ئەتىۋار داداڭلارنى... ئىتتىك پىچاق بىلەن شارتتىدە! مەن ئىچىمدە، بۇ ئادەم كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆيىنىڭ خىراجىتىنى نېمە ئۈچۈن قىسىۋېتىدىغان بولۇپ قالدى؟ ھازىر ھەممە نەرسىنىڭ باھاسى ئۆرلەپ كەتكەن تۇرسا، پۇلنى نېمىشقا بۇرۇنقىدىنمۇ ئاز بېرىدىغاندۇ؟ دەپ ھەيران بولاتتىم. خەيرىيە

خانىم بىلەن بازارغا چىققاندا، قوشنىمىزنى — ھېلىقى مالىيە ئىدارىسىدە ئىشلەيدىغان رەمزى بەگنى كۆردۇم. ئۇ ئادەمنىڭ ھالى بوش، ياكى بىر نەرسە سېتىۋالغىنى يوق، ئۇ دۇكاندىن ـ بۇ دۇكانغا كىرىپ يۈرەتتى. «ۋايجان، بۇ نېمە ئىش؟ بازاردا لەيلەـسىنى ئىزدەپ يۈرگەن مەجنۇندەك نېمە ئىزدەپ يۈرىدىغاندۇ؟» دېسەم، خەيرىيە: «ئەرزان باھالىق نەرسىلەرنى ئىزدەپ يۈرىدۇ، خانىم، باھا كاپىيەنلىرىگە قاراپ يۈرىدۇ!» دېگەنىدى. زامان مانا شۇنداق تارلىشىپ كېتىۋاتسا، ئۆي راسخوتىنى قىسىپ قويسا بولاـمدۇ؟ بۇنداق قىسىپ قويۇشىدا چوقۇم بىر گەپ بار. ئەمەلىيەتتىمۇ مەن ئويلىغاندەك بولۇپ چىقتى!

مەتىن بۇ ھەقتە ئاپىسىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ داچىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە بىردىن قىرىنچە، يېنىچە تېگىپ چىقتى.

— بىردەم ئۇنداق، بىردەم بۇنداق دەيسەن، سېنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىڭنى ھېچ چۈشىنەلمىدىم، — ھەدىسى ئۇنىڭغا تەگدى.

— توينى كۆرمەي تۇرۇپ داپ چالغىلى تۇردى، — دېدى مەتىن، — بىزگە تېپىپ بەرگەن شان ـ شەرىپى مانا شۇ! ئەمدى دادىمىزنى خۇش قىلايلى، ئازار بەرمەيلى، كىچىك ئىشلىرىغا كۆز يۇمايلى. تۇگمەننىڭ سۈيى توختاپ قالسا، چاقى چۆرگىلىمەيدۇ!

— خۇدايا شۈكۈر، ھېلىمۇ تېجەشلىك خوتۇن بوپقاپتىمەن، — دەيتتى نەسرىن خانىم، — بۇرۇندىن ئاز ـ ئازدىن تىقىپ قويۇپ توپلىغان پۇللىرىمنى قوشۇمچە قىلىپ كېلىۋاتىمەن، بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا… سىلەر نېمىدەپ ئويلاۋاتىسىلەركىن؟ ھېلىقى قىزنى مەندىن چىرايلىق، ياش دەپ خاپا بولۇۋاتقىنىم يوق.

نەسرىن خانىم بۇ جەھەتتە بالىلىرىنىڭ قوللىشىغا ئىگە ئىدى.

— شۇنداق، ئاپا، — دېيىشتى مەتىن بىلەن گۈلچىن

تەڭلا، — سەن دېگەن چىرايلىق، مېھرىك ئىسسىق ئايالسەن، دادامنىڭ تېتىقسىزلىقىنى قاراڭلار! ئۇ قىزنى بىز كۆرگىنىمىز يوق. شۇنداقتىمۇ، ئۇ سېنىڭ ئېلىۋېتكەن تىرنىقىڭچىلىكمۇ بولال-مايدۇ.

— لېكىن ئۇ ئايالىق غۇرۇرۇمغا تەگدى، غۇرۇرۇم ئاياغ - ئاستى قىلىندى. بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق خورلۇق بولام-دۇ؟ — دەپ قايىنايتتى نەسرىن خانىم، — يۇقىرىغا چىقىپ ئۇنىڭ يۈز - كۆزىنى قىيما - چىيما قىلسام، شىركەتكە بېرىپ ھېلىقى بۇزۇق قىزنى پارە - پارە قىلىۋەتسەم نېمە بوپتۇ؟

توغرا سۆزلەۋاتقان رادىئو كانىيىغا ھېسداشلىق قىلغاندەك كۆرۈنگەن ئوغلى:

— جېنىم ئاپا، غۇرۇرۇڭغا تەگدىلا، تۇرالماي كېتىد-سەن، — دېدى، — كۆزۈڭگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدۇ. بۇنداق دېيىش بىلەن دادىمىز قەستەن شۇنداق قىلغان دېمەكچى ئەمەس-مەن. ئۇنىڭ بەلكىم سېنىڭ بۇ كېچىدىكى ھەسەلدىن تاتلىق ئاچ-چىقىڭنى كۆرگۈسى كېلىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى بەزى ئاياللار ئاچچىقلانغانسېرى ئەرلەرنى تېخىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ ئەمەسمۇ؟!

— ئۇھ، ماشائاللا! — دېدى ھەممىسى، — كىچىك بېگى-مىزمۇ بۇ كېچە گۈلىنى گۈلگە كەلتۈردى، گۆھەردەك گەپ قىلدى!

— كۆرۈۋاتىمىزكى، تەبىئەت قانۇنلىرى بۇ كېچە ئاستىن - ئۈستۈن بولدى، — دەپ مۇداپىئەگە ئۆتتى مەتىن، — مەسىلەن، قېرى مېكىيان بىلەن «دۇمبە سۆڭىكى» زۇۋانغا كەلدى. مەن بىر خوراز بولۇپ گۆھەر تۇغۇپتىمەنمىش، شۇنداقمۇ؟ ھىندى توخۇسى بىلەن تۇتى قۇشنى سۆزلەشتۈرگەن نەسرىدىن ئەپەندىم بازاردا نېمە دېگەن؟ «ئۇ گەپ قىلسا، بۇمۇ ئويلاۋاتىدۇ!» دېمىگەنمۇ؟ قېرىند-دىشىڭلار، ئوغلۇڭلار مەتىن مانا شۇنداق ئويلاۋاتىدۇ ھەم سۆزلەۋا-تىدۇ! ئويلىغانلىرىنى چۈشەندۈرسە، «گۆھەر تۇغدى» دەپ قارىلىد-

ۋاتىدۇ.
ئۇ قىز دوستى بەتۇلغا تېلېفوندا گەپ قىلىشتىن ئىلگىرىكى-
دەك قولىرىنى قاشلاپ تۇرۇپ:
— باشقا گەپنى قويۇپ ئۆزىمىزنىڭ ئەسلىي ئىشمىزغا كېلەي-
لى، — دېيىشىگە، ھەدىسى گەپنى تارتىۋالدى:
— ئەسلىي ئىشىڭلار نېمە ئىدى؟
— سەن بىلەن ئالاقىسى يوق ... — تۇيۇقسىز قورسىقىنى
تۇتتى مەتىن، — چىرايلىق ئاپام، ئاچچىقى يامان ئاپام، ئېيتقىنا
ماڭا، دادامدىن ئالغان خىراجەت پۇللىرىنى نەگە تىقىپ
قويدىغانسەن؟
نەسرىن خانىمۇ قورسىقىنى تۇتۇپ تولغانغان ھالدا:
— ئارسىز، دۇمۇسسىزنىڭ پەيشەنبىلىكنى سوراۋاتام-
سەن؟ — دېدى.
— ئىزدەپ، ئاختۇرۇپ تاپالمىدىم. بىزنىڭ ئېرىقىدىكىمۇ
سۇيى ئۈزۈلۈپ قالدى - دە، ئاپا، شۇنىڭ ئۈچۈن سوراۋاتىمەن.
نەسرىن خانىمغا گەپ خۇشياقمىسىمۇ، تىلىنى تۇتالمىدى.
— ھە ... ھىم ... ئاشخانىدا.
— ئاشخانىنىڭ قەيېرىدە؟
— جاۋاننىڭ ئىككىنچى كۆزىدىكى ئەينەك قاچىدا قورۇما
تۇرامدۇ؟
— ھەئە.
— شۇ قورۇمىنى موماڭنىڭ يەيدىغىنىنى بىلىدىغانسەن؟
مەتىن كۆزلىرىنى ئاپىسىنىڭ لەۋلىرىدىن ئۈزمەيتتى:
— ئارىلاپ - ئارىلاپ يەيدۇ - ھە!
نەسرىن خانىم كۆز قارىچۇقىدەك ساقلاپ كېلىۋاتقان پۇللىرى-
نىڭ ئورنىنى ناھايىتى ئېنىق ئېيتىپ بەردى:
— پۇلنى شۇنىڭ تېگىگە قوياتتىم، ئوغلۇم، ھەممە پۇل شۇ
ئەينەك قاچىنىڭ تېگىدە!
سوئالىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك داۋاملاشتۇرۇۋاتقان مەتىن: «يا-

شاپ كەت، جېنىم ئاپا!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە سول تەرەپتىكى ئىشىككە قاراپ ئېتىلدى، — يارايدۇ بۇ قېرى مېكيان، ئەزىبرايى، يارايدۇ.

نېمىشقىدۇر كېيىنرەك ئەقلىگە كەلگەن نەسرىن خانىم بىر-دىنلا ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ، خۇددى بىر يېرى چىمدىپ يۇلۇن-غاندەك قاتتىق قىيا - چىيا كۆتۈرۈپ، بىر - ئىككى سائەتتىن بېرى تىمتاس بولۇپ قالغان داچىنىڭ ئىچىنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتتى:

— دادىسى پاسكىنا شاللاق، ئوغلى پاسكىنا بىكار تەلەپ، بۇلاڭچى! مەن قايسىبىرىڭنىڭ دەردىنى تارتىمەن؟ توختا دېدىم، توختا! بىر نەرسە ئالغان بولساڭ هارام بولسۇن، قولىرىڭ سۇن-سۇن! توختا، بۇنىڭدىن كېيىن سەن بىلەن كارىم يوق.

ئاپىسى ئوغلىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يېتىشەلمىدى ۋە قورسى-قىغا سانجىق قادىلىپ ئاغرىپ كەينىگە ياندى.

ئۇ دالانغا كىرىپ قولىرىغا ئەتىر سۈركىگەچ سەلىمگە دېدى:

— ئەهۋال مانا شۇ، سەللا چېچىلسام ئۆزۈمنى تۇتالمايمەن. بۇ نومۇسسىز هەممە پۇلنى ئېلىپ قاچتى. ئۇ بۈگۈن كېچە كەلمەي-دۇ. سىز هەممىنى كۆردىڭىز، بىلدىڭىز، زۆرۈر تېپىلسا سوتتا گۇۋاهچى بولارسىز!

— ئوغلىڭىزنى سوتقا ئاپىرامسىز، ئاپا؟ — دەپ سورىدى سەلىم كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ. ئۇ ئۆز قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قالغاندى.

— نېمىشقا ئاپارمايدىكەنمەن؟ — دېدى نەسرىن خانىم.

— لېكىن ئۇ سىزنىڭ ئوغلىڭىز، ئالغان پۇلمۇ دادىسىنىڭ پۇلىغۇ؟

— بىلىمەن، بىراق ئوغرىلىق دېگەن ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق دېگەن بۇلاڭچىلىق. ئۇقتۇرماي ئالغان بولسا ئوغرىلىق بولاتتى، كۆرسىتىپ تۇرۇپ زورلۇق بىلەن ئالغاندىن كېيىن بۇلاڭچىلىق بولىدۇ - دە. مېنىڭچە، جازالانماي قالمايدۇ ئۇ.

— مېنىڭچە، سوت ئۇنى يا كەچۈرۈم قىلىدۇ، يا تۇتۇپ

قالىدۇ.

نەسرىن خانىم قوللىرىنى ساغرىسىغا قويۇپ، تىك تۇرغان هالدا دېدى:

— مەنمۇ، سۆيۈملۈك ئوغلۇم، گۇناهىنى كەچۈرۈم قىلىدىغان سوتنى كەچۈرمەيمەن. هەر كىم ئۆزىگە تېگىشلىك جازاسىنى ئۆزى تارتىشى كېرەك!

## 8

شەنبە ئاخشىمىنىڭ پەردىسى ئەنە شۇنداق يېپىلدى.

يەكشەنبە، ئەتىگەن سائەت توققۇز.

ئۆزئارا دەتالاشلاردىن چارچاپ، گەپتىن توختىغان جەۋات بەگ تېخى ئۇيقۇدا ئىدى.

دالاننىڭ لامپۇچكىلىرى دېرىزىلەردىن چۈشكەن كۈن يورۇقىدا خىرە يېنىپ تۇراتتى. هەممە نەرسە بۇرۇنقىدەك، تۇرغىنى تۇرغان يەردە ئىدى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان ئۈستەل ئۈستىدىكى ئابدىمىلىك يېغى شېشىلىرىنىڭ يېرىمى قۇرۇقدالغان، قالغانلىرى يېرىمدىلىپ قالغان، سول ياندىكى تەرەتخانىغا چىقىدىغان ئىشىكنىڭ يېنىدىكى تومپۇچكىغا چوڭ بىر قۇتا ئەتىر قويۇپ قويۇلغانىدى.

ئوڭ تەرەپتىكى پەلەمپەي بېشىغا قويۇلغان ئېگىز ئۈچ پۇتلۇق ئۈستەلدىكى تېلېفون جىرىڭلاشقا باشلىدى.

جەۋات بەگ كۆڭلەكچان هالدا قىزىنىڭ هۇجرىسىدىن يۈگۈرۈپ چىققان پېتى تۆۋەن چۈشتى، ئۇ گويا جىرىڭلاۋاتقان تېلېفون بىلەن كارى يوقتەك، قورسىقىنى تۇتقان هالدا تەرەتخانىغا چىقىدىغان ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

يەنە شۇ چاغدا، ئۇ كىرگەن ئىشىكلەرنىڭ بىرىدىن خان ئانا دالانغا چىقىپ ئەتراپقا سەپسالدى ـ دە، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ هەددىدىن زىيادە ياسىنىپ، بېشىغا پەرەڭدەك بىر

قىزىل تاۋار لېنتا تاقىۋالغانىدى.

— چۈش بولاي دېدى، بۇلار ھېچ ئورنىدىن تۇرۇشمايدۇ، ئۆلدىمۇ نېمە؟ — دېگەچ كىيىم ئاسقۇچ يېنىدىكى تىكلىمە ئەينەك-كە قاراپ ئۆزىگە ئۆزى باھا بېرىشكە باشلىدى ئۇ، — ياشلىقىمدا كېلىشكەن خوتۇن ئىدىم، مۇساۋەت ...

كېيىن ئۇ تېلېفون جىرىڭلىغىنىنى ئاڭلاپ قالدى، ئىچىدە: «بۇمۇ جىرىڭلاۋېتىپتۇ» دېگىنىچە تۇرۇپكىنى قولىغا ئېلىپ سورىدى:

— ئالو، كىممى ئىزدەيسىز؟ بۇ، خەيرى پاشا داچىسى، بۇ داچىدا ھازىر جەۋات بەگلەر ئولتۇرىدۇ. مەن ئايپىسى مۇساۋەت، ھە، ئايپىسى بولىمەن. خوپ، سىز كىم؟ قاتتىق، قاتتىقراق گەپ قىلىڭ، ئاڭلىيالمايۋاتىمەن، تېخىمۇ قاتتىقراق سۆزلەڭ! — كېيىن ئۇ تۇرۇپكىنى قولىقىدىن يىراقلاشتۇردى، — بولدى، ئۇنچىۋالا قاتتىق ۋارقىراپ كەتمەڭ. بۇ يەردە پاك ئادەم يوق! — ئۇ چېقىشىپ قويۇپ يەنە ئاڭلاشنى داۋاملاشتۇردى، — ئاڭلىمىدىم، زادى ئاڭلىيالمايۋاتىمەن. ھازىر ھەممىسى ئۇخلاۋاتىدۇ. ھە، ئورنىدىن تۇرمىدى، سىز ئەڭ ياخشىسى، بىر ئازدىن كېيىن تېلېفون بېرىڭ، — ئۇ تۇرۇپكىنى ئورنىغا قويۇپ قايىدى، — كالۋا، تېلېفوندا سۆزلىشىشنىمۇ بىلمەيدىكەن.

مۇساۋەت خانىم كېيىن يەنە ئەينەككە قاراپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى:

— ياشلىقىمدا خېلى چىرايلىق ئايال ئىدىم. خۇما كۆز، قەددى - قامەتلىك، نازۇك بەل ... ھازىرمۇ ئۆزۈمنى بىر ئاز تۈزەشتۇرسەم ئەسلىمگە كېلىمەن. ۋاي مۇساۋەت، ساڭا قىرىلىقمۇ يارىشىدۇ. قارا، چىرايىڭ ۋە قاراشلىرىڭ بۇرۇنقىدىنمۇ مەنىلىك، لېكىن بۇ، ئەلۋەتتە چۈشىنىدىغانلار ئۈچۈن شۇنداق ...

سول تەرەپتىكى ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەن جەۋات بەگ ئالدىقىنىغا ئەتىر قۇيۇپ پۈركىدى، ئىككىنچى قېتىم يەنە قولىغا بىر ئاز ئەتىر قۇيۇپ چاچلىرىنى سىلىغاچ ئايپىسىغا دېدى:

— ئەينەككە قاراۋېتىپسىز ـ دە، ئەتىگەنلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن، مۇساۋەت خانىم!

ياشانغان ئايال ئۇنىڭ بۇ چاقچىقىغا:

— سېنىڭمۇ چۈشلۈكۈڭ خەيرلىك بولسۇن. خوتۇنىنىڭ گېپىدىن چىقمايدىغان بىتەلەي ئوغلۇم جەۋات بەگ! — دەپ جاۋاب قايتۇردى، — ئاخشامقى ئىش قانداق ئاياغلاشتى؟

— بۇنى سورىمايىلا قويۇڭ، تونتۇنۇم، — دېدى جەۋات بەگ، — تاڭ ئاتقۇچە كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى. باشقىلارنىڭمۇ شۇنداق. ھەممەيلەن ئۆرە ئولتۇردۇق، تاڭ سۇزۇلگەندە ئىچىم سۇرۇپ ھالىمدىن كېتىپتىمەن، تېلېفون بەرگەن كىم ئىكەن؟

— بەھجەت دېدىمۇ، بەھىچ دېدىمۇ، ئاڭلىيالماي تۇرۇپكىنى قويۇۋەتتىم، كېيىن يەنە تېلېفون بەرمەكچى بولدى.

جەۋات بەگ ئاپىسىنىڭ بۇ سۆزى بىلەن: «ئاپلا، ئىش چاتاق بولدى!» دېگىنىچە قاتتىق قايغۇغا چۈشتى:

— جەزمەن شۇ باش مۇدىر، ئۇنى بۈگۈن چۈشلۈك تاماققا چاقىرىپ قويغانىدىم، — جەۋات بەگ ئاپىسىدىن سورۇشتۇرۇشكە باشلىدى، — نېمە دېدىڭىز؟ مەرھەمەت، كۈتىمىز دېدىڭىزمۇ؟ زادى نېمە دېدىڭىز؟ ئۇياق نېمە دېدى؟ بارالمايمەن دېدىمۇ، بارىدىمەن دېدىمۇ، زادى نېمە دېدى؟

مۇساۋەت خانىم ئوغلىغا خاپا بولۇپ ئېيتتى:

— باش مۇدىرنىڭ تېلېفوندا سۆزلىشىشنى بىلمەيدىكەن، نېمە دېگىنىنى ئاڭلىيالمىدىم. ھەممەيلەن ئۇخلاۋاتىدۇ. تېخى ئورنىدىن تۇرمىدى، كېيىنرەك تېلېفون بېرەرسىز، دەپ تۇرۇپكىنى قويۇۋەتتىم. نېمە بوپتۇ، يەنە تېلېفون بەرسە قىيامەت قايىم بولۇپ كەتمەس!

— سىزگە تېلېفون بەرگەن بىزنىڭ باش مۇدىرىمىز دەۋاتىدىمەن، ئاپا!

— ھە؟ — دېدى مۇساۋەت خانىم بىر ئاز ئوڭايسىزلىنىپ، — ياق، ئۇنداق ئەمەس! ئۇ ئەمەس، ئۇياق سۆزلىشىشنىمۇ

بىلمەيدىكەن.

— ئۇ باش مۇدىر، ئاپا، باش مۇدىر! باش مۇدىر دېگەن قانداق بولىدۇ، بىلمەمسىز؟ شۇنىمۇ بىلمىسىڭىز، نېمىنى بىلىسىز؟ بۇنىڭدىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى تەقدىرىمىز شۇنىڭ قولىدا، ئۇنىڭ ئاغزىدا.

مۇساۋەت خانىم ئانچە پىسەنت قىلماستىن، ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى تىنچىتىش ئۈچۈن، «سەنمۇ ئادەممۇ ...» دېگىنىدە، جەۋات بەگ ئورنىدا تۇرالماي قالدى:

— سىز ئادەم، باشقىلار ئادەم ئەمەسكەن ـ دە؟ ئۇنداق دېمەڭ، بۇنداق دېسىڭىز بولماس، ئاپا، دادىمىزدىن بۇ داچىدىن باشقا مىراسمۇ قالغانمۇ؟ باشقا بىر كىرىمىمىزمۇ بارمۇ؟ نېمە بىلەن قانداق كۈن كەچۈرۈۋاتىمىز؟ مېنىڭ ئالىدىغان ئايلىقىم بىلەن جان بېقىۋاتىمىزغۇ، — جەۋات بەگ ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ سۆزلەۋاتاتتى، شۇڭا ئۇ بۇ گەپلەرنى باشقىلارمۇ ئاڭلاپ قالسۇن، دېگەندەك قىلىپ يۇقىرىغا قاراپ قويدى، — ماڭا بۇ ئايلىقنى بەرگۈزۈۋاتقان كىم؟ مېنى خالىسا ئىشقا قويۇپ، خالىسا چىقىرىۋېتىدىغان كىم؟ باش مۇدىر! قۇلىقىڭىزنى يوغان ئېچىپ ياخشى ئاڭلاڭ، چۈشىنىشلىك بولدىمۇ، چۈشەندىڭىزمۇ؟

— باش مۇدىر ئىكەن، ئاڭلىدىم، — كېسىپ ئېيتتى ئۆيىنىڭ چوڭى.

كۈيئوغۇل سەلىم بىلەن ئەرمىش ئىككىنچى قەۋەتنىڭ سۇپىسىدا تۆۋەنگە قارىشىپ، ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىۋاتاتتى.

جەۋات بەگنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى قاتتىق چىقىشقا باشلىدى:

— ئاخشامقى قالايمىقانچىلىقتا بۇ ئىش ئېسىمدە بار ئىدى. بىراق، ئېيتالمىغانىدىم. ئۇ كىشى بۈگۈن بۇ يەرگە چۈشلۈك تاماققا كەلمەكچى، مەن چاقىرىپ قويغان، ئاڭلىدىڭىزمۇ، مەن! ئۇ نېمە دېدى، ئىشىم چىقىپ قالدى، كېلەلمەيمەن، دېدىمۇ يا؟

— نېمە دېگىنىنى ئاڭلىيالمىدىم دېدىمغۇ، ئوغلۇم، كېيىن تېلېفون بېرىڭ، دەپلا تۇرۇپكىنى قويۇۋەتتىم.

جەۋات بەگ پۇتۇن ئاچچىقىنى چىقىرىۋاتاتتى، ۋارقىراش يەڭ-
گىنەك، يەرنى تېپەتتى. بۇ تۇرقىدا ئۇ سالماقلىق، ئۆزىنى
تۇختاتقان ئادەم ئەمەس، بەلكى بەش ياشلىق غەرەز ئۇقمايدىغان بىر
گۇدەك بالا ئىدى.
— چۈشىنەلمەيمەن! — دەپ تېپىچەكلەيتتى ئۇ، — بۇ يەر
يۇتىدىغان ئۆيدە غەرەز ئۇقىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق! مەن كىم؟
بۇ ئۆينىڭ يۇگۇر ـ يېتىمچىسى ۋە خەزىنىدارى، ئال، ئاپا، ئال،
خوتۇن، ئال، ئوغلۇم، ئال، قىزىم! دەپ پۇلنى چېچىپ تۇرسام-
مۇ شۇنىڭغا لايىق بىر ئىش يوق، ئاۋارە بولغىنىم بولغان، ئەھۋال
مانا شۇ، خوش ئەمىسە، مەن دەرھال كېتىپ كېتەي.
— قەيەرگە؟ — دەپ سورىدى مۇساۋەت خانىم.
— خىيالىمغا كەلگەن يەرگە! — دېدى جەۋات بەگ غودۇڭ-
شىپ، — ھادىسىگە ئۇچرىدى، دوختۇرغا ئاپىرىپ قويدۇق، دې-
سەڭلار، تۇگەيدۇ، كېتىدۇ. چىرايىڭلاردىن كۆڭۈلسىزلىك كۆ-
رۇنۇپ تۇرسۇن. مەن ھازىر نېمىدىن قېچىۋاتىمەن. ئۆزۈمنى
تۇتالماي، پاراڭلىشىش جەريانىدا دېمەيدىغان گەپلەرمۇ ئاغزىمدىن
چىقىپ كېتەرمىكىن، دەپ قورقۇۋاتىمەن. مەن بىلىدىغان، تۇتۇ-
ۋالغان بىر مۇنچە خىلاپ ئىشلار بار، ئۆزۈمنى تۇتالماي دەپ
سالسام قانداق بولىدۇ؟ «كۆتۈر قاسقىنىڭنى، ماڭ يولۇڭغا.»
دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن شىركەتتە ئىشىم تۈگەيدۇ.
ئۇ بۇنى چۈشەندۈرمەن دەپ ھەلەك بولۇۋاتسا، خان ئانا
«كاللا دېسە پاقالچاق» دەۋاتاتتى:
— ھەركىمنىڭ ئەيىبىنى يۈزىگە سېلىش شەرتمۇ، بالام؟ يەنە
شۇ ئاخشامقى كېسەلمۇ؟
— ۋاي مەن نېمە دەۋاتىمەن، سىز نېمە دەۋاتىسىز، ئاپا!
— ھېچ نەرسە دېمىدىم، ئاخشامقى ئىش بىر ئويۇن ئىدى،
تۇنۇگۇن كېچە ئويىنالدى، تۈگىدى، پۈتتى، دېمەكچىمەن.
— ھەي، بۇ ئىش ئۆتۈپ كەتسە ... قىرىق تىلەمچىگە سەدىقە
بەرمىسەم، — جەۋات بەگ بېشى بىلەن سول يېنىنى كۆرسەت-

تى، — تاڭ ئاتقۇچە ئۇ يەرگە يۇگۇرسەممۇ پۇتۇنلەي قۇتۇلۇپ كېتەلمىدىم. ئەسلىي قورقىدىغان يېرىم نېمە، بىلەمسىز؟ ھەر ھالدا توخۇ گۆشىدىن ئازراقى قورسىقىمغا كىردى. ئويلايمەنكى، ئىچىدىكىلىرىنى بىراقلا بوشاتقاق ئۆرۈشقان ئادەم بولۇپ قالدىم.

ئۇ ئاپىسىنىڭ ئۇستۈپشىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى:

— ھوي، بېشىڭىزغا قىزىل لېنتا باغلىۋالغىنىڭىز نېمىسى؟

خان ئانا لېنتىنى زوقلانغان ھالدا سىلاپ قويدى:

— ئەمدى كۆرۈۋاتامسەن؟ بۇگۇن يەكشەنبە، كېلىم - كېتىم بولىدۇ، بىر ئاز ئادەم قىياپىتىگە كىرەي دېدىم.

ئوغلى ئاپىسىغا سەپسېلىپ قـاردـغىنـىچە تېخىمۇ ھەيران بولدى.

— بېشىدا لېنتا، ياقىسىدا بۇلاپكا، لەۋلىرىدە گىرىم، كۆز- لىرىدە سۇرمە، ۋاي ئاللا، قانداق قىلاي! قېرى مېكىيان ھەممەي- لەننى ئالجىتىپتۇ، بولۇپمۇ مۇساۋەت خانىمغا باشقىچىلا تەسىر قىلىپتۇ، ئۇنى «پەردازچى» قىلىپ قويۇپتۇ.

خان ئانا ئۆزىنى داڭلىغلى تۇردى:

— ئۇنتۇما، بالام، تۇپراقىنىڭ تېشىدا ئىكەنمەن، مېنىڭ نامىم مۇساۋەت، جىنسىم ئايال، ئاپاڭنىڭ رازىيە مەينەتتەك يۇرۇ- شىنى خالامسەن؟

جەۋات بەگنىڭ ئۇنىڭ بىلەن تالىشىپ تۇرغۇدەك ۋاقتى يوق ئىدى. ئۇ: «قانداقلا بولسۇن، مەن دەرھال كىيىنىپ كېتىشىم كېرەك!» دېگىنىچە پەلەمپەيلەردىن بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ ھۇجرىسىغا كىرگەندە، ئىچكىرىدىن، «كىمسەن؟» دېگەن بىر ئاۋازنى ئاڭلىدى، كېيىن ئۇ كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىنى تۇزەشتۇرۇپ تاراقلاپ تۆۋەنگە چۇشكەن نەسرىن خانىمنى كۆردى.

ئەرمىش بىلەن كۇيئوغۇل سەلىممۇ ئەيمىنىپ، ئۆزىنى قا- چۇرغان ھالدا تۆۋەنگە چۇشۇپ بۇلۇڭغا يوشۇرۇنۇشتى.

نەسرىن خانىمنىڭ ئاغزى ئېچىلدى:

— سەن بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزگەن بىر ئايالنىڭ ياتقان ھۇج-
رىسىغا ئىشىكىنى قاقماستىن، تامدىن چۈشكەندەك كىرگىنىڭ
نېمىسى؟ بۇ نېمىدېگەن ھۆرمەتسىزلىك!
كېچىسى ھەممەيلەن دېگۈدەك ھۇجرىلىرىدىن ئادىشىپ قالغا-
نىدى. گۈلچىن چىققان ھۇجرىمۇ ئۇنىڭ ئۆز ھۇجرىسى ئەمەس
ئىدى. ئۇمۇ بۇگۈن ئەتىگەن ئۇ-ۇپا ـ ئەڭلىك سۇركەپ ياسىند-
ۋالغانىدى.
نەسرىن خانىم خان ئانىغا باش ئېگىپ سالام بەرگەندىن كېيىن
تەرەتخانىغا ئۆتتى.
گۈلچىنىنىڭ قۇلاقلىرىغا پاختا تىقىقلىق ئىدى. غەلىتە بىر
ھالەت ھۆكۈم سۈرەتتى.
— بالام، سەن بۇگۈن كېچە داداڭنىڭ ھۇجرىسىدا داداڭ
بىلەن ياتتىڭمۇ؟
گۈلچىن مومىسىنىڭ ئاغزى مىدىراۋاتقانلىقىنى كۆرسىمۇ،
نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئۇقالمىدى. ئۇ ئۇچۇق چىراي بىلەن «ئاڭلىمد-
دىم!» دېگەندەك قىلىپ يىگىتىگە كۆز تاشلىدى، ئاندىن قۇلاقلى-
رىدىكى پاختىلارنى ئېلىۋەتتى.
— ھە تونتۇنۇم، نېمە دېدىڭىز؟
— كېچە داداڭنىڭ ھۇجرىسىدا ياتتىڭمۇ، دەۋاتىمەن.
— شۇنداق، ئەسسالام.
— ئۇ قەيەردە ياتتى؟
— مېنىڭ ھۇجرامدا.
— دېمەك، داداڭ بىلەن ئاپاڭنىڭ ئارىسىغا قارا مۇشۈك
قىستۇرۇلۇۋاپتۇ ـ دە!
— توختاڭ، تونتۇنۇم!
گۈلچىن قورسىقىنى تۇتقان ھالدا سولدىكى ئىشىككە قاراپ
يۈگۈرۈۋىدى، مومىسى:
— كىرگىلى بولمايدۇ، ئاپاڭ بار! — دېدى.
گۈلچىنىنىڭ قورسىقى پىچاق سانجىغاندەك قاتتىق ئاغرىماقتا

ئىدى. ھالبۇكى، بۇ ئۇلارغا يالغان سۆزلىمەسلىك جازاسىنى بەر-
گەن قېرى مېكىياندىن قۇتۇلۇش ۋاقتى بولغانلىقىدىن خەۋەر بېرەت-
تى. شۇنداق، تەرەتخانىغا كەينى ـ كەينىدىن يۈگۈرۈش ئارقىلىق
بۇ دەردتىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئىدى. شۇ چاغدا ئۇلار يېڭىۋاشتىن
سەمىمىي، خۇشخۇي، بىر ـ بىرىنىڭ كۆڭلىنى ئايىشىدىغان بولۇ-
شاتتى.

كېچىنى سىرتتا ئۆتكۈزدى، دەپ قارالغان مەتىن يۇقىرىدىكى
ھۇجرىسىدىن ئوقتەك چۈشمەكتە. ئۇ ئۇچىسىغا تەنھەرىكەتچىلەر
پوپايكىسى كىيىۋالغان، پۇتى يالاڭ ئاياغ، كۆزلىرى چەكچەيگەن،
ئۇ ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋالغان ھالدا دەلدەڭشىپ پەسكە چۈشۈۋاتاتتى.

— سالام، تاتلىق سېرىقمېيىم، ھەسىلىم، قايمىقىم، ياخشى
تۇرۇپسىزمۇ! — دەپ خان ئانىسىغا سالام بەردى ئۇ، — سىز
بۈگۈن بۇ گۈزەللىكىڭىز بىلەن جانلارنى كۆيدۈرىسىز! ھەي،
سۆيۈملۈك كالتە پاچاق، سۆيۈملۈك ئەنىشتە، سۆيۈملۈك ھەدە...
ھەممىڭلارنىڭ سەھىرى خەيرلىك بولسۇن!

ئۇ يىراق بىر يەردىن كەلگەن ۋە يىراق بىر يەرگە كېتىدىغان-
دەك ھەممەيلەنگە بىردىن قول پۇلاڭلىتىپ سول ئىشىككە قاراپ
يۈگۈرمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، خان ئانا:

— كىرگىلى بولمايدۇ، ئۇ يەردە ئاپاڭ بار! — دېۋىدى،
گۈلچىن ھەدىسى ئوڭايسىزلىنىپ:

— نۆۋەت مېنىڭ! — دېدى.

مەتىن ئاستا: «پاھ، قاراڭلار بۇنى، تەرەتخانا ئىشغال قىلىد-
نىپ بوپتۇ» دەپ غودۇڭشىغان ھالدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا خېلى
ماڭدى، كېيىن ئوڭدىكى ئىشىكلەرنىڭ بىرىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ
كەتتى.

گۈلچىنگە ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەرمەكچى بولغان خان ئانا:

— يەر ئاستى قەۋەتتە بار، باغچىدا بار، بەك قىستاپ كەتسە
سەنمۇ شۇ يەرلەرگە يۈگۈر، قىزىم! — دېدى.

گۈلچىن بېشىنى سىلكىپ رەت قىلدى:

— ئۇ يەرلەرگە بارالمايمەن، قورقىمەن، خان ئانا!
پەلەمپەيدە كاستۇمىنى يېپىنچاقلاپ مېڭىپ يۈرگەن جەۋات بەگمۇ كۆرۈندى. ئۇنىڭ چىرايىنى غىل - پال كۆرۈپ قالغان كىشى گويا گۆر ئوغلىنى كۆرگەندەك قورقۇپ كېتەتتى. ئۇ دالان-دىكى تىكلىمە ئەينەكنىڭ ئالدىدا گالىستۇكىنى باغلاش بىلەن بو-لۇپ كېتىپ ھېچكىمنىڭ چىرايىغا قارىمىغان ۋە ھېچكىمگە سالام بەرمىگەنىدى.
— سالام، دادا! — دېدى گۈلچىن.
جەۋات بەگ ئاغزىنى مىدىرلىتىپ بىر نېمىلەرنى دېگەن بول-سىمۇ ئاڭلانمىدى.
— ئەتىگەندە نەگە جابدۇندىڭىز؟
ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ قىزىغا قاراپ غودۇڭشىپ قويدى:
— چۈشلۈك تاماققا بەھىچ قوراي بەگ كەلمەكچى ئىدى.
— باش مۇدىرمۇ؟
— شۇنداق، بۇ ئادەمگە ئۇچرىشىپ قالماي، دەپ قاچماقچىد-مەن.
— سىز قاچسىڭىز، بىز قانداق قىلىمىز، جېنىم دادا؟ ئۇياقنى كۈتۈۋالغۇدەك ھېچقانداق ھازىرلىقىمىزمۇ يوق، بارمۇ يا، خان ئانا؟
— مېنى ئارىلاشتۇرماي قانداق قىلساڭلار قىلىڭلار! — دېدى جەۋات بەگ، — بىرەر گەپ ياساپ، بەك ئېچىلىپمۇ كەتمەي، ئۇستىلىق بىلەن يولغا سېلىڭلار!
— قاملاشتۇرالايدىغىنىمىزغا كۆزۈم يەتمەيدۇ. سىز كەتمەي تۇرسىڭىز بولمامدۇ؟
تەرەتخانىدىن چىققان نەسرىن خانىم قوللىرىغا ئەتىر سۈركە-ۋېتىپ قىزىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنىلا ئاڭلاپ قالدى. ئۇ ئۆيىنى بېشىغا كىيگۇدەك ئەلپاز بىلەن:
— قويىۋەت، كەتسۇن، قىزىم، ئۇزۇنغا چىقسۇن! — دېدى، — قېنى، باش مۇدىر كەلسۇنچۇ، مېنىڭ ئۇ ئادەم بىلەن سۆزلە-

شىدىغان سۆزۈم بار!
گۇلچىن بۇنىڭغا جاۋاب بەرمەيلا تەرەتخانىغا چاپتى، دادىسىمۇ ئىشىككە قاراپ يول ئالدى.
سۆزلىشىدىغان ئادىمىنى قاچۇرۇپ قويغان نەسرىن خانىمنىڭ كۆزىگە قېينانىسى چېلىقتى. ئۇ كۆلكىسىنى بېسىۋېلىپ، بۇ ئايال-نىڭ بېشىدىن ئايغىچە قاراپ چىقتى.
— پاھ، قالتىسقۇ، — دېدى ئۇ، — بۇ قىزىل كېپىنەكنى بېشىڭىزغا كىم قوندۇرۇپ قويدى؟
— بۇ كېپىنەك ئەمەس، لېنتا، — دەپ تۇزىتىش بەردى مۇساۋەت خانىم بېشىنى سىلاپ قويۇپ، — چاچلىرىمنى تۇتۇپ تۇرىدۇ.
— بەك يارىشىپ كېتىپتىغۇ سادىغاڭ كېتەي، بەك يارىشىپ كېتىپتۇ، ئۆزىڭىز بەكمۇ...
بۇنداق تەنلىك ماختاشلار مۇساۋەت خانىمغا يېتىپ ئاشاتتى. ئۇ چۈشەندۇرگىلى تۇردى:
— ئۆزۈمنى بىر ئوڭشاي دېدىم، ھازىرقى قىز - يىگىتلەر نېمىلەر بولۇپ كەتكەن، كەينىدىن قاراپ قىز - ئوغۇللۇقنى ئايرىغىلى بولمايدۇ. بىز ئادەم سىياقىدا ئىدۇق، ئانىلىرىمىزنىڭ يۇرۇش - تۇرۇشى قانداق بولسا، بىزنىڭمۇ شۇنداق ئىدى، — ئۇ كېلىنىنىڭ كۆز يۇگۇرتۇپ چىقىپ يېڭىچە بىر گەپ قىلدى، — سىزمۇ لېنتا باغلىۋالسىڭىز، باش - كۆزىڭىزنى تۈزەشتۇرۇپ، ئەسلىي قىياپىتىڭىزگە يانسىڭىز ياخشى بولاتتى.
ئۇ چاغدا ئېرىڭىزنىڭ سىزگە يېقىشىشتىن كۆڭلى چۈشەتتى.
خان ئانا ئاق كۆڭۈل بىر ئايال ئىدى. كېلىنىنىڭ چىرايى دەرھال ئېچىلدى:
— بۇ ئىش سىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز، خانىم.
— ئۇنداق دېمەڭ، قىزىم، ئۇنداق ئەمەس، مەن بولسام قېينانىڭىز، لېكىن قەلبىم پاكىز. كىشىلەر بىلەن ئەپ بولماس-لىق ياخشى ئەمەس، ئوغلۇمنىڭ مەينەت ئاياللار بىلەن خۇشى

يوقلۇقى ماڭا مەلۇم، يالغۇز ئۇلا ئەمەس، باشقا ئەرلەرنىڭمۇ مەيـ
نەت ئاياللار بىلەن خۇشى يوق. بىز دېگەن كۆپنى كۆرگەنمىز.
— خوپ، بولىدۇ... — دېدى نەسرىن خانىم، — ساندۇقتا لېنتا بولسا مەنمۇ تاقىۋالاي.
كېلىن قېينانىسى بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇراتتى. خان ئانا بولسا ئۇنى چۈشەنمەيتتى، لېكىن ئۇ ھەر قانداق ئادەم بىلەن چىقىشالايتتى. ئۇ سىلىق ئاۋاز بىلەن:
— ناشتا قىلمامدۇق؟ — دەپ سورىدى.
نەشرىن خانىم تېرىكىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:
— ئۆزىڭىزگە مەلۇم، بىز قورسىقىمىزنى تولدۇرۇش ئەـ
مەس، بوشىتىش كويىدا. بىزدىن رۇخسەت، سىزگە مەرھەـ
مەت، — دېدى.
خان ئانا ئورنىدىن قوزغىلىۋېتىپ دېدى:
— مەن نېمە بىلەي، چاينى دەملەپ، سوۋۇپ قالمىسۇن، دەپ چەينەكنىڭ ئۇستىنى لۆڭگە بىلەن دۇملەپ، چىلاندەك قىزارغان توقاچلارنى تەييارلاپ، سىلەرنى كۇتۇپ ئولتۇرغانىدىم. بوپتۇ، ئىككى چىشلەپ بولسىمۇ ئۆزۇم يەپ قوياي، ساۋاب بولار.
قېينانىسى ئاشخانىغا ماڭغاندا، كېلىنى كەينىدىن تەنە ياغـ
دۇردى:
— قولدىن بەرمىسىلە، زىيان تارتىدىلا، ئالدىلىرىغا ئۇچرىـ
غاننى مۇشۇك بالىسىنى يېگەندەك يەپ تۇرسىلا!
سەلىم قاچىدىغان تۆشۈك ئىزدىگەندەك قىلىپ ئۇياق - بۇياققا قارايتتى. ئۇمۇ ئۆزىنى ئازاد قىلىپ، قېيناتىسىغا ئوخشاش سىرتقا تىكىۋېتىشى كېرەك ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ كېچىدىن بېرى ئۇنىڭ كاللىسى تۇڭ بولۇپ كەتتى، باشقىلاردەك تەرەتخانىـ
غىمۇ چىقالمايتتى. توخۇ ئۇنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ قالغاندەك قىلاتـ
تى. قېينانا بىلەن كېلىنىنىڭ تالاش - تارتىشلىرى، ئەر - خوتۇن ماجىرالىرى، ئانا - بالا جاڭجاللىرى...

شۇ چاغدا «ھىجايىغاق» مەتىن كۆرۈندى:
— سالام، نەسرىن خانىم!
نەسرىن خانىم ئوغلىغا ئاچچىقلاش پۇرسىتىنى غەنىيمەت بىلىپ، ئىتتىك ئۇنىڭغا قارىدى:
— قارا سېنى، — دېدى ئۇ، — ھېلى سېنى، بۇلاڭچى، كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما!
مەتىن پەسەنت قىلماي يېقىنلاپ كەلدى:
— ئوڭ مەڭزى ھەسەل، سول مەڭزى قايماق ئاپىجان، قايسى مەڭزىڭىزگە سۆيۈپ قوياي؟
نەسرىن خانىم پېشىنى قېقىپ:
— قارا تېخى دەۋاتقان گېپىنى،. ماڭ، كۆزۈمدىن يوقال! ئەپەندى، دۇرۇس، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئوغلۇم بار، دەپ يۈرۈپتىكەنمەن، ئىسست! تۇنۇگۇن ئاخشامدىن بېرى كوچىنىڭ قىلىقسىزلىق، ئەخلاقسىزلىق، بۇلاڭچىلىقلىرىنى داچىغا ئېلىپ كىردىڭ! كونا گۇندىپايلارمۇ سەندىن تۈزۈكرەك، يېنىمغا كەلگۈچى بولما، كېرىكىڭ يوق، يوقال كۆزۈمدىن!
مەتىن چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىر تەلۋە بالا ئىدى. ئاپىسى شۇنچە گەپ قىلىۋاتسىمۇ، ئۇ ئاپىسىنى قۇچاقلاپ سۆيگىلى تۇردى، بىر تەرەپتىن:
— بۇ مەڭزىڭىز ھەسەل، ماۋۇ مەڭزىڭىز قايماق، — دەپ كۈلەتتى، — نېمىسىنى ئېيتىسىز، خان ئانامغا ئوخشاش ئاچ كۆزلۈكۈم تۇتتى!
نەسرىن خانىم دېۋەيلەپ تۇرۇپ دېدى:
— يوقال، كېرىكىڭ يوق، مېنىڭ بۇلاڭچى بىلەن ئېلىم - بېرىمىم يوق!
— ئاڭلاپ قوي، ئۇستۇڭدىن سوتقا ئەرز قىلغۇدەك! — دېدى سەلىم نېرىدا تۇرۇپ.
مەتىن ئاپىسىنى قويۇۋېتىپ كۈلۈپ كەتتى:
— ئەيىبكار ئەمەس، دەۋاگەر بولىمەن، ئەنىشتە! گەپ قى-

لىنىڭ دېسە ئۇن ئېشەككە يۇك، خىراجەتنى كەم بەرسە بولامدۇ؟ مەن ئۆزۈمنى ئاقلاشقا ئۆتىدىغان بولسام، سوتچى كۆز ياشلىرىنى تۇتالماي قالىدۇ!

ھەدىسى تەرەتخانىدىن چىققاندا، مەتىن كۈلۈپ، ئويناقشىپ پەلەمپەيگە ئېسىلغىنىچە كىرىپ كەتتى.

— ئەرمىش، — دېدى سەلىم، — ئىككىمىز باغقا چىقايلىمۇ؟

ئەرمىش بېشىنى چايقىدى:

— مەن تاماشا قىلىۋاتىمەن، ئەنىشتە.

نەسرىن خانىم:

— شۇنداق، بالىغىمۇ ئويۇن چىقتى، — دېگىنىچە قازناققا كىرىپ كەتتى.

بۈگۈن كىيىنىپ كېلىشكە كېلىشىۋالغان كۈندەك، مەتىنمۇ ھەدىسىگە ۋە خان ئانىسىغا ئوخشاش ياسانغانىدى. ئۇ قوللىرىنى پاقىلدىتىپ ئۇرۇپ:

— دوستۇم ئەر تېكىن بىلەن بوستانچىدىكى بىر يەرگە بارماقچىمىز! — دېدى.

— بار، ئۇكام، ئوينا، كەيپىڭنى سۈر، بىزنى ئويلىما.

— ھە، مەن ھەدەمنىڭ گېپىنى ئاڭلايمەن.

بىراق، ھەدىسىنىڭ ئۇنى ئارانلا چىقاتتى. ئۇنىڭ سۆزى ئوينا دېگەن مەنىنىمۇ بەرمەيتتى. لېكىن، مەتىن ئۇنىڭ سۆزىنى كۆڭۈلۈمدىكىدەك سۆز بولدى، دەپ، ئۇنى دەستەك قىلىۋالدى. ئۇ كالتە پاچاقنىڭ مەغزىنى بىر چىمدىۋېلىپ، دادىسىغا ئوخشاش تىكىۋەتتى. كىم بىلسۇن، بەلكىم تىقىپ قويغان پۇللىرىنىڭ ئورنىنى ئېيتماي تۇرالمايدىغان ئاپىسىنىڭ پۇللىرىنىڭ مېغىزىنى چاققىلى كېتىۋاتقاندۇ؟

بىردىن ئىشىك قوڭغۇرىقى بوشقىنا جىرىڭلىدى، شۇنچىلىك بوش جىرىڭلىدىكى، ئەرمىشتىن باشقىسى تۇيماي قالدى. ئۇ ئائىلىنىڭ بېشىغا يېڭى ئىشلار كېلىشتىن ئۆزىنى تارتىپ «ئاچايمۇ،

ئاچمايمۇ؟» دەپ ئىككىلىنىپ تۇرغاندا، قولىقى ئىشىكتە بولغان نەسرىن خانىم دالانغا چىقىپ سورىدى:

— قىزىم، ئىشىك قوڭغۇرىقى چېلىنىۋاتامدۇ نېمە، يا ماڭا شۇنداق ئاڭلىنىۋاتامدۇ؟

— چېلىنمىدى، شۇنداق بولسىمۇ، بېرىپ قاراپ باقاي، — دېدى گۈلچىن. ئۇ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى، — ھە، مەرھەمەت ئەپەندى!

نەسرىن خانىم تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتقان باش مۇدىرنى كۆرۈپ دەرھال ئالدىغا باردى.

— مەرھەمەت، كىرىڭ، ئەجەب ياخشى كەلدىڭىز، شىلەپىڭىزنى بېرىڭ، ئەپەندى.

باش مۇدىر ئۇنىڭ قولىنى سۆيۈپ:

— ئۆزۈم ئاساتتىم، خانىم، سىزنى ئاۋارە قىلىپ قويىدىغان بولدۇم، رەھمەت سىزگە، — دېدى، — كۆرۈشمىگىنىمىزگە ئۇزۇن بولدى، قانداق ئەھۋالىڭىز؟

دەرھال جاۋاب قايتۇردى نەسرىن خانىم:

— ئېرىگە ئالدانغان بىر ئايال قانداق بولسا، مەنمۇ شۇنداقمەن، ئەپەندى.

باش مۇدىر چۆچۈپ، «ئاپىڭىز بۈگۈن چاقچاقچى بوپقاپتىغۇ ...» دېيىشكە تەمشەلگەندە، گۈلچىن ئاپىسىغا ھېسداشلىق قىلىپ باش لىڭشىتتى:

— ئەپسۇسكى، توغرا ئېيتىدۇ!

ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ، گەپنى باشقا ياققا يۆتكىدى باش مۇدىر:

— چوڭ ئانىمىز قانداق، ياخشىمۇ؟

يەنە شۇئان جاۋاب قايتۇردى نەسرىن خانىم:

— ئەندىشە قىلماڭ، ئۇ دۇنياغا قوزۇق بولغۇدەك، سىزدىن، بىزدىن ساغلام يۈرىدۇ، كۆز تەگمىسۇن، تۇرۇپ، چامغۇرنىڭ ئۆزى.

باش مۇدىر ئەمدى رەسمىي ئۆزرىخاھلىق قىلدى:
— مەن سىلەرنى ئاۋارە قىلىپ قويدۇمغۇ دەيمەن؟
باش مۇدىر قايتىپ كېتىشكە تەمشەلگەنىدى، نەسرىن خانىم ئۇنىڭ بېلىكىگە يېپىشتى:
— ۋاي، ئۆتۈنۈپ قالاي، سىزنى ئاران تاپتىم، ھەرگىز قويۇپ بەرمەيمەن.
ئۇنى قويۇپ بەرمەيدىغانلىقى ئېنىق ئىدى، بۇ باش مۇدىرغىمۇ خۇش ياقتى.
— جەۋات بەگنى تېلېفوندا ئىزدىگەنىدىم، — دېدى باش مۇدىر، — تېلېفوننى ئالغان چوڭ ئانىمىز ئوخشايدۇ، گېپىمىزنى ياخشى ئۇقىشالمىدۇق.
— ئۇ ھېچكىمنىڭ سۆزىنى ئۇقالمايدۇ، ئەپەندى!
— قۇلىقى ئېغىر بولسا كېرەك.
نەسرىن خانىم قورسىـقـىـدىكىنى بىر - بىرلەپ تۆككىلى تۇردى:
— ئۆزىگە پايدىلىقنى ئاڭلايدۇ، پايدىلىق بولمىغىنىغا قۇلاق سالمايدۇ.
— شۇنداقمۇ؟
باش مۇدىر جانابلىرى شۇنى دەپ بولۇپلا ئۇزۇندىن - ئۇزۇن يۆتىلىپ كەتتى. يۆتەل ئۇنىڭدىكى تۇغما كېسەل ئىدى. مۇزلىسا چۇشكۇرەتتى، نېمە قىلىشنى بىلمەي ئوڭايسىزلانسا، يۆتىلى قىستايتتى. شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ شىركەتتە ئىمزالىغان قەغەزلىرىنىڭ كۆپىنچىسىگە خەپرۇك ياكى چۇشكۇرۇك داغلىرى چۇشۇپ قالاتتى.
— ئەنقەرەدىن بۇگۇن كېلىدىغان بىر بۇرادىرىمىزنى ھەيدەر پاشادا كـۈتـۈۋېلىشىم كـېرەك ئىـدى، — دەپ يەنە يۆتىلىپ قويدى ئۇ.
ئۇ ئادەمگە قارىغان سەلىم بىلەن ئەرمىش قورقۇپ ئۆلمىدى، ئۇنىڭ بېرىسى بولدى.
— تېلېفوندا چوڭ ئانىمىزغا ئۇقتۇرالمىدىم. بۇ يەردىن ئۆت-

كەچ خەۋەر قىلىپ قويايلى دېگەنىدىم، — يەنە يۆتىلىپ كەتتى مۇدىر.

يۆتەل، شۆلگەيلىرىدىن نېرىراق بولۇشنى پەملەپ تۇرغان نەسرىن خانىم دەرھال دېدى:

— تاماققا تۇرالمىسىڭىز بوپتۇ، ئەپەندى، چۈنكى ھېچقانداق تەييارلىقىمىزمۇ يوق ئىدى. لېكىن، گۇناھىنىڭ چوڭى كىمدە؟ سورىمىسىڭىزمۇ ئېيتاي، ئېيتماي تۇرالمايمەن، گۇناھىنىڭ چوڭى ئەخلاقسىز ئېرىمدە، مېنىڭ بۇ ئېرىم خۇدۇكچان، قورقۇنچاق، تۇراقسىز، يۈرەكسىز بىر ئادەم، ئىككى يۈزلۈك، ئالدىڭىزدا سىزنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرىدۇ، كەينىڭىزدە ئۇرىڭىزنى كولاي-دۇ. ئۆيدە ماڭا ئوچۇق چىراي قىلىدۇ، شىركەتتە بولسا بىر بۇزۇق قىزنى ياخشى كۆرىدۇ. راستىنى ئېيتسام، سىزنىڭ ئالدى-ڭىزدا مېنىڭ ئۇنى پاش قىلىپ قويىدىغانلىقىمدىن قورقۇپ قېچىپ كەتتى. ئۇ شۇنداق چاققانلىق بىلەن قاچتىكى، كەينىدىن ئات چاپتۇرۇپمۇ يېتىشەلمەيسىز.

باش مۇدىر بۇ قېتىم بىر قىزىرىپ، بىر تاتىرىپ: «رۇخسەت قىلغايسىز، خانىم» دېگىنىچە شىلەپىسىنى قولىغا ئېلىپ كېتىشكە تەمشەلدى. ئاتا - بالا ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى:

— قويىۋەتمەيمىز، بۈگۈن ئاسماندىن چۈشكەندەكلا كېلىپ قالدىڭىز، ئەمدى بىز سىزنى قويۇپ بەرمەيمىز.

— بىراق، خانىم ...— دەپ تىلىنى چاينىدى باش مۇدىر بەھىچ قوراي بەگ.

— ياق، زادى بولمايدۇ، — دېدى نەسرىن خانىم.

ئىشىك قوڭغۇرىقى ئۇزۇن-ئۇزۇن جىرىڭلاشقا باش-لىدى.

— ئۇنىڭدىن جېنىمدىن تويغاندەك تويدۇم. ئىچىمدىكىلەرنى بوشاتمىغۇچە سىزنى قويۇپ بەرمەيمەن.

قوڭغۇراق توختاپ، ئىشىك ئۇرۇلۇشقا باشلىدى: «تاق، تاق!»

— ئاپا، ئىشىك ... — دەپ ئەسكەرتتى گۈلچىن.

— سەن ئاچ، — دېدى قىزىغا نەسرىن خانىم، — مېنىڭ بۇ ئەپەندى بىلەن سۆزلىشىۋاتقىنىمنى كۆرمەيۋاتامسەن؟

— شىلەپەمنى بېرىۋېتىڭ، ئۆتۈنۈپ قالاي! — دەيتتى بەھچ قوراي بەگ.

ئۇنىڭ شىلەپىسىنى نەسرىن خانىم ئارقىسىغا قىلىۋالغانىدى. ئۇ باش مۇدىرنى كىچىك بالىدەك بەزلەپ تۇتۇپ قېلىشقا تىرىشاتتى.

— بىزدىن شۇنداق نەرسىلەرنى ئاڭلىيسىزكى، ئۇنىڭ ئالدىدا بۇ شىلەپىنىڭ قىممىتى قانچىلىك دەيسىز. بۇ شىلەپىنىڭ ... ئەمدى ھەيدەر پاشانىڭ گېپىنى قويۇڭ! ئۇنىڭ ئالدىغا چىقماق شەرتمىدى؟

تاشقىرىدا بىر ئايال كىشىنىڭ قاتتىق ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ۋىيەي، بۇ نېمىدېگەن ئۇيقۇ؟ — ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ۋارقىرايتتى ئۇ، — ھوي نەسرىن خانىم، ئېچىڭ ئىشىكنى، بىز كەلدۇق، قوشنىلار.

گۈلچىن بۇ ئاۋازنى دەرھال تونۇدى:

— ئاپا، خەيرىيە خانىم ئىكەن!

ئىشىكنى مۇشتلاپ ۋارقىراۋاتقان خەيرىيە خانىم ئىدى.

— يات ئادەم ئەمەس، بىز، بىز!

خەيرىيە خانىم مەھەللىدىكىلەرنىڭ قارىشىچە ئۇرۇشقاق، ۋالىلداق ئايال ئىدى. ئۇنىڭغا يولۇققان ئادەم بالاغا قالاتتى.

نەسرىن خانىمنىڭ ھازىر ئۇنىڭغا قارار كۆزى يوق ئىدى. ئۇ «خانىم، مەن ماڭاي» دېگەن باش مۇدىرنى: «مەرھەمەت، يۇقىرىغا چىقىڭ!» دەپ ساپاغا ئولتۇرۇشقا زورلىدى.

— دەردىمنى ئېيتىپ، ئىچىمنى بوشىتىۋالاي، ئاندىن كېتىڭ.

نەسرىن خانىم باش مۇدىرنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ گۈلچىنگە دېدى:

— ئاچ، ئۇلار كىرسۇن!
ئالدىنقى ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەن خەيرىيە خانىم بىلەن كەينىدىن كىرگەن بەتۇل «خۇش كېلىپسىلەر...» دېگەن سۆز بىلەن سوغۇققىنا كۇتۇۋېلىندى.
خەيرىيە خانىم ۋارقىراپ سۆزلەپ كەتتى:
— هەي قوشنام، ئىشىكنى نېمىشقا ئاچمايسىز؟ بىزنى كوچىدا قويماقچىمىدىڭىز؟
ئۇ ئۆيگە كىرىشتىن تارتىنغان ياش قىزنى قولىدىن ئىچكىرىگە تارتىپ ئىشىكنى ياپتى. ئۇلار دالاندىكى ئىككى ئەر كىشىنى كۆرۈپ ئەيمىنىپمۇ قويمىدى. ئۇ مانا شۇنداق بىر ئايال ئىدى. «خۇدا، ماڭا بىر سەۋر بەرگەيسەن!» دېگەن تەلەپ بىلەن كۆزلىرىنى تورۇسقا تىككەن نەسرىن خانىم سورىدى:
— جېنىم خەيرىيە خانىم، بۇنداق ئۇشتۇمتۇتلا كىرىشىڭىزدە بىر سەۋەب بارمۇ قانداق؟
ئەمدى هۇجۇم نۆۋىتى قاپاقلىرى تۈرۈلگەن هالدا: «هىم، كىم بىلسۇن!» دەۋاتقان كۈپتەك سېمىز خەيرىيە خانىمنىڭ ئىدى.
— هىم، كىم بىلسۇن! بۇ مەهەللىدە خەيرىيەنى هالىڭ نىچۇك دەيدىغان بىر كىشىمۇ چىقمايدۇ. لېكىن، بۇ چوڭ مەهەللىدە خەيرىيەدىن ۋاپالىقراق، خەيرلىكرەك بىرى تېپىلمايدۇ. بۇ قېتىم كېلىشىممۇ شۇ ۋەجىدىن. تېنىمدە جان بولسىلا هەر قانداق جاپاغا بەرداشلىق بېرەلەيمەن، خۇدا بۇيرۇسا! ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ، — باش مۇدىر بىلەن سەلىمگە تارتىنغان هالدا قاراپ قويۇپ: «نېمىگە كەلگەنلىكىمىزنى دېمەمدۇق؟» دەپ ئالدىراۋاتقان بەتۇلنى جەينىكى بىلەن نوقۇپ جىم قىلدى ئۇ، — سەن ئارىلاشما! ئۆپكەڭنى سەل بېسىۋالاي، يۈرىكىمنىڭ سوقۇشى ئىزىغا چۈشسۇن. ئەلۋەتتە ئۇقتۇرىمەن، ئالدى بىلەن بىر ئاز ئولتۇرۇۋالايلى.
نەسرىن خانىم بۇنىڭغا پىسەنت قىلماي، باش مۇدىر ئەپەندى بىلەن ئايرىم بىر ماۋزۇدا سۆزلىشىدىغانلىقىنى، بىردەم ياندىكى هۇجرىدا كۈتۈپ تۇرۇشنى ئېيتقاچ قول ئىشارىسى قىلدى.

— ھە، بۇ نەسرىن خانىم بىزنى قوغلاۋاتىدۇ، قىزىم، بىز ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ كەلگەنىدۇق. قوشنىدارچىلىق ئۆز يولى بىلەن بولۇشى كېرەك. «ئادەم ئەتكەنگە تەزىم ئەت» دېگەن گەپ بار، بىز بىر نەرسە تەلەپ قىلىپ كەلمىدۇق، ئوچۇقىنى ئېيتسام، خانىم، ئوغلىڭىزنىڭ ئەخلاقسىزلىقىنى تىزگىنلەڭ، دەپ كەلدۇق!

جانابىي باش مۇدىر خۇددى تەرەپ ـ تەرەپتىن يالانغان بىچارە تۇتقۇننىڭ ھالىدا تۇراتتى. ئۇ ئايالالارنىڭ قايسى بىرىگە قارىشىنى، قايسىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىشىنى بىلمەيتتى. بىر قارىغاندا تىكەن ئۇستىدە تۇراتتى، بىر قارىغاندا تاماشىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا چۈشكەندى. ئىككى ئايال تۇتۇشۇپ قالسا باش ـ كۆز يېرىشماي قالمايدىغانلىقىغا كۆزىمۇ يېتەتتى.

— ئوغلۇم نېمە ئىش قىپتۇ؟ — دەپ سورىدى ئۆي ئىگىسى.

مېھمان ئايال ۋارقىرىدى:

— نېمە قىپتۇ دېگىنىنى، يەنە نېمە قىلسا بولاتتى؟

نەسرىن خانىم ئۇنىڭ گەپلىرىگە خۇشياقمىغان ھالدا قۇلاق سالدى. يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندە پېشانىسىگە يېزىلغىنى شۇ ئىكەن ـ دە!

— ئوغلىڭىز يەنە نېمە قىلسا بولاتتى؟ ئاللا رىزاسى ئۈچۈن بۇ قىزنىڭ شاھىتلىقىنى ئۆز ئۇستۇمگە ئالدىم. بۇ بىچارە قىز تۇنۇگۈن ئاخشامدىن بېرى يېتىپ قاپتۇ، بىچارە ئانىسى قاقشاپ زار ـ زار يىغلاۋاتىدۇ. ئادەم تۇگۇل، ھايۋانمۇ چىداپ تۇرالمايدۇ. بىز بۇ قىز بىلەن ئۇزۇن يىللىق قوشنا، خانىم، ھوشسىز ياتقان قىزچاقنىڭ بېشىدا تاڭ ئاتقۇچە كۆز يۇمماي قاراپ تۇردۇم. سۇ ئەكېلىپ بەردىم، ئەتىر كولۇن يەتكۈزۈپ بەردىم، قوللىرىنى تۇتۇپ ئۇۋۇلىدىم، بىزنىڭ قوشنىدارچىلىقىمىز ئەنە شۇنداق قوشنىدارچىلىق، لېكىن سىلەر بىرىگە شۇنداق ئەسقاتامسىلەر! مەن ئاغرىپ يېتىپ قالايچۇ، سىلەردىن بىرەر يۇتۇم ئىسسىق چاي بېرىدىغان ئادەم چىقامدۇ؟

— ۋاي خۇدايىمەي، ئۆزۈڭگە ئامانەت! — نەسرىن خانىم بىردىن ۋايسىغىلى تۇردى ۋە ئۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، — ۋاي مېڭەمگە ئاغرىق كىرىپ كەتتى…، — دېگىنىچە تەرەتخانىغا يۈگۈردى. ئۇ تەرەتخانىغا كىرىپ كېتىۋېتىپ قىزىغا: «ئاۋۇ ئادەمنى گەپكە تۇتۇپ تۇر، قاچمىسۇن!» دېيىشنىمۇ ئۇنتۇمىدى.

ئەمدى خەيرىيە خانىم ئورنىغا چۈشۈپ، قوللىرىنى بەللىرىگە تۇتقان هالدا سوئال ـ سوراق قىلىشقا باشلىدى:

— بۇ كەمبەغەلنىڭ ئۆيىگە تېلېفوننى كىم قويدۇرۇپ بەردى؟ سېنىڭ هېلىقى خۇدىنى بىلمەيدىغان ئىنىڭ قويدۇرمىدىمۇ؟ ئۇنداق بولمىسا، بۇلار نەق پۇل ساناپ ئۆيىگە تېلېفون قويدۇرالايدىغان ئادەملەرمۇ؟ بۇ قىزنىڭ ئانىسىدىن سوراپ بېقىڭلار، «بىكار ماقۇل دەپتىكەنمىز» دېگەندىن باشقا گەپنى قىلمايدۇ. يا كېچە دېمىگەن، يا كۈندۈز. جىرىڭ، جىرىڭ، جىرىڭ… كۈن بويى: «بەتۇل ئۆيدىمىسىز؟ نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟» دەپ ئارام بەرمىگەن. نېمە قىلسۇن، ئەقىلسىز قىز ئۇنىڭ ئەسىرى بولۇپ كەچكىچە تېلېفوننى كۈتۈپ ئولتۇرىدىكەن، ئۇنى ئىزدەپ سوراپ تۇرىدىكەن، ئۇ بۇنىڭ بىلەن بەختلىك بولغۇدەك.

خەيرىيە خانىم باش مۇدىرغا قاراپ زەردە بىلەن ئېيتتى:

— سىزمۇ ئاڭلاپ قويۇڭ، ئەپەندى، ئۇ ئاغزى بار، تىلى يوق بۇ قىزچاقنى كۆز ئاچقۇزماي ئۆيىگە قاماپ قويۇپتۇ.

باش مۇدىر جانابىي بەهىچ قوراي دەرهال بېشىنى بۇرىدى:

— بۇلار مەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز، خانىم.

— ئەپەندىمنى گەپكە ئارىلاشتۇرماڭ، هەدە، — دېدى گۈلچىن، — ئۇياقنىڭ هۆرمىتىنى قىلىڭ.

خەيرىيە خانىم ئوڭ مۇشتۇمى بىلەن مەيدىسىگە ئۇرۇپ:

— مەن رەهمەتلىك ۋەلىنىڭ خوتۇنىمەن، ئىسمىم خەيرىيە، ئۈستىمىزدە خۇدا بار. گەپكە گەپ كەلگەندە هېچكىمدىن قالمايمەن! هەتتا پادىشاھ، ۋەزىر ئالدىدىمۇ گېپىمنى يوشۇرمايمەن!

— گېپىڭىزنى يوشۇرۇڭ، دېمىدىم. ئەپەندىمنىڭ هۆرمىتى-

نى قىلىش، دېدىم، ھەدە.

ئايال گۈلچىننىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا پىسەنت قىلماستىن، قولى بىلەن گۈلچىننى، بەتۈلنى ۋە ئۆزىنى كۆرسىتىپ، ۋارقىراپ - جارقىراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بۇ يەردە ئەرمىشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇغۇ تۇنۇگۇنكى بالا، ئىككى ئەر كىشىنىڭ ئالدىدا ئۈچ ئايال تۇرۇپتۇق! سەلىم بەگ بۇ ئائىلىنىڭ ئادىمى ھېسابلىنىدۇ، لېكىن ئۇياقمۇ بۇ ئىشقا ئارىلاشمايدۇ. ئەپەندىمنى بولسا گەپكە ئارىلاشتۇرماقچى ئەمەسمەن، دەۋالىرىمىزنى ياراشتۇرۇپ قويسۇن، دەپ سۆزلەپ بېرىۋاتىمەن. بىز دەۋاگەر، ھەقىقەت ئىزدەپ كەلدۇق. بۇ يەردە تۇرغانلار بىر نېمە دەڭلار. گۈلچىن، ساڭمۇ مەلۇم، بۇ ئاغزى بار، تىلى يوق بىچارە قىزنىڭ ئانىسى ماشىنىچى، ئۇ بىچارە يىڭنە بىلەن قۇدۇق قېزىپ بىر ئۆينى باقىدۇ. خۇدا ھېچكىمنى ئەردىن ئايرىمىسۇن، ئۇ يىڭنە ئىشىنىڭ كۆپىنى ئۆيدە قىلىدۇ. كۆنلۈك ئىش ھەققىگە ئۆيدىن ئېلىۋال دېيىشسە، ئېرىنمەي خېرىدارلارنىڭ ئۆيلىرىگە دوكۇلداپ بارىدۇ. لېكىن، ئەتىدىن - كەچكىچە قادىلىپ ئولتۇرۇپ ئىش قىلسا قانچىلىك بىر نەرسە تاپىدۇ دەيسىلەر؟ ئاران ئىككى يۈز ئەللىك لىرا. ھازىرقى كۈندە ئىككى يۈز ئەللىك لىراغا نېمە كېلىدۇ؟ بازاردا بىر كىچىك خالتا بىر مىڭ بەش يۈز لىرا بىلەن ئاران توشىدۇ. پۇلنىڭ بەرىكىتى قالمىدى. شۇنداققۇ؟ بۇ بىچارە ھەم ئەرزان، ھەم ھالال ئىش قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئۆينى باقسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ تويلۇقىنى يىپىدىن - يىڭنىسىگىچە تەييارلاشقا تىرىشىدۇ. ئەمدى چۈشەنگەنسىز، ئەپەندى، سۆزلىرىمدىن گۇمانلىنىۋاتامسىز يا!

— ۋارقىرىماڭ، ھەدە، — دېدى گۈلچىن.

بەتۈلمۇ ئوڭايسىزلىنىپ پەس ئاۋاز بىلەن جېمىلىدى:

— راست، چوڭ ئاپا، ئاستىراق گەپ قىلسىڭىزچۇ؟

خەيرىيە خانىم قان تولغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكتى:

— ھە، مەن سېنىڭ گېپىڭنى قىلىۋاتسام، گۇۋاھچىلىقىمغا

رازى ئەمەسمۇ سەن؟
بەتۇل ئاۋازىنى تېخىمۇ پەسەيتىپ دېدى:
— ئۇنداق ئەمەس، جېنىم چوڭ ئاپا، ئەپەندىمنى ئاۋارە قىلىپ قويىمايلى دەۋاتىمەن.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئايال تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كەتتى:
— مېنىڭ ئىسمىم خەيرىيە، سۇچى ۋەلىنىڭ خەيرىيەسى! مەن تۇگمەننىڭ نورىدىن پۈتۈن چىقىمەن. دۇنيانىڭ نەرىدىن گەپ ئاچسا جاۋاب بېرەلمەيمەن. بىر دەۋانى ئۇستۇمگە ئالىدىغان بولسام، ئىش تامام، ساقچى، سوتچى دېگەنلەرگە قولاقمۇ سالمايمەن. ھەر قانداق ئادۋوكاتمۇ قولۇمغا سۇ قويۇپ بېرەلمەيدۇ. ھە، ئاڭلىدىڭلارمۇ! بىز ھەقىقەت ئىزدەپ كەلدۇق. ئەپەندىم بىر ئاز ئاۋارە بولسا نېمە بوپتۇ ... نېمە دەۋاتاتتىم؟ خۇدا ھەققىدە، مېنى يەنە گېپىمدىن ئازدۇرۇشتى ... ئالىيجانابلىق نامەردلىككە ئايلانسا بۇ نېمە بولۇپ كەتكىنى؟ «ئويلانماي يولغا چىقما، يولغا چىققان ئىكەنسەن، كەينىڭگە يانما.» ماڭا قارا، گۈلچىن قىزىم؟ ئەتە - ئۆگۈن تۇرمۇشقا چىقىدىغان بىر ياش قىزنى بىرى قاملاشمىغان سوئاللار بىلەن ئەخمەق قىلسا، ئاچچىقلاندۇرسا ۋە يىغلاتسا بولماس. ئەگەر ئەخلاقسىز سۆزلەر بىلەن سوئال سورىسا، بۇنىڭ گۇناھى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ، ئاخىرى ئېغىر جازا بىلەن ئاياغلىشىدۇ!
خەيرىيە خانىم گەپنى نېسى قويمايدىغان سەۋرسىز ئايال ئىدى.
گۈلچىن بېشى بىلەن بەتۇلغا ئىشىكلەردىن بىرىنى كۆرسىتىپ:
— سىڭلىم، — دېدى، — سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ھەدىمىزنى ئۆيگە ئەكىرىپ كەتسەڭ، بىزمۇ ئەپەندىم بىلەن دېيىشىدىغىنىمىزنى دېيىشۋالساق ...
بەتۇل ئەھۋالنى چۈشىنىپ چىرايلىق گەپلەر بىلەن خەيرىيە خانىمنى ئاران دالاندىكى ھۇجرىلارنىڭ بىرىگە ئەكىرىپ كەتتى.

— خەپ، سىنىڭ شۇ ئاناڭنىڭ يۈزىنى دىمىسەم ئاغزىم تېخىـ مۇ ئېچىلىپ كېتەتتى! — دېگىنىچە ھۆجرىغا كىردى مەھەللە سۇچىسىنىڭ ئايالى.

ئىشىك يېپىلدى. گۈلچىن:

— ئەپەندى، بۇ ئايالغا ھەيران بولۇۋاتقانسىز ـ ھە؟ — دەپ ئاستا باش مۇدىرنىڭ يېنىغا كەلدى.

— راستىنى ئېيتسام، ھەيران بولمىدىم دېيەلمەيمەن، — باش مۇدىر ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ ئوچۇقىنى ئېيتتى.

ياش قىز چوڭقۇر تىنىپ قويۇپ دېدى:

— تۈنۈگۈن ئاخشامقى پالاكەتكە ئۇچرىماستىن ئاۋۋال بەختـ لىك بىر ئائىلە ئىدۇق، ئاخىردا ...

گۈلچىن جىم بولۇپ يەنە بىر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى ۋە شۇنداق قىلىپ ياخشىمۇ قىلدى. چۈنكى، «قانداق، تۈنۈگۈن ئاخـ شام بېشىڭلارغا بىر پالاكەت كەلدىمۇ؟» دەپ سورىغىنىغا قارىغانـ دا، باش مۇدىرنىڭمۇ دىققىتى قوزغالغانىدى.

گۈلچىن دېمەكچى بولغىنىنى ئىمكانقەدەر گەۋدىلەندۈرۈشكە تىرىشتى:

— سورىماڭ، سورىمايلا قويۇڭ! — دەپ باش مۇدىرنىڭ دىققىتىنى تېخىمۇ قوزغاشنى لايىق تاپتى، — بىزنىڭ ئورنىمىزدا باشقىلار بولغان بولسا ساراڭ بولۇپ قالاتتى، جېنىدىنمۇ ۋاز كېـ چەتتى. بىز يەنە سەۋر قىلدۇق. دېسەم گەپ تولا، بەزىلىرىگە ئىشەنمەيسىز، چۈنكى كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ.

— كەلگىنىمدىن بېرى كۆرۈۋاتىمەن. بۇ ئائىلىدە غەيرىي بىر كەيپىيات بار، — باش مۇدىر بەھىچ قوراي ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقـ لىدى، — ھەممەيلەن ئىنتايىن پاراكەندە، ئاندىن قوشناڭلار بولـ غان بۇ ئايال ...

گۈلچىنمۇ دەرھاللا باش مۇدىرنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى:

— راست ئېيتىسىز، ئەپەندى، ھەر بىرى ئۆز ئالدىغا بىر دەردمەن، دادام: «داچىنى سېتىپ باشقا يەردىن ئۆزىمىزگە چۈشـ

لۇق قەۋەتلىك بىنا ئائىلىسى» دېسىمۇ، خان ئانام بىلەن ئاپام ئۇنىمايۋاتىدۇ.
— داچىنىڭ يەر خېتى كىمنىڭ نامىدا؟
— خان ئانامنىڭ ...
باش مۇدىر سائەتكە قاراپ قويۇپ دېدى:
— ئاپىڭىز كېچىكتىغۇ.
— شۇنى دەڭا، بۇ قېتىم ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كەتتىغۇ، — دېدى گۇلچىن كۇلۇمسىرەپ.
— ھە، كۇلۇۋاتىسىزغۇ؟
ياش قىزنىڭ نەچچە ياڭزا ئۆزگىرىشلىرى باش مۇدىر جانابلىرىنى ھەيران قالدۇرماقتا ئىدى. گۇلچىننىڭ گەپنى يىغىشتۇرماقچى بولۇپ: «ئۆتۈنۈپ سوراپ قالار، بۇ قېتىمقىسى ئاخىرقىسى بولسۇن! » دېيىشى باش مۇدىرغا تېخىمۇ ئاجايىپ تۇيۇلدى.
— نېمە دېدىڭىز؟
گۇلچىن باش مۇدىرنىڭ بۇ سوئالىغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:
— توخۇ گۆشى مەندىن چىقىپ كېتىدىغاندەك تۇرىدۇ، سىز بىلەن گەپلىشىشتىن ئاۋۋال ئاپامدىنمۇ چىقىپ كەتسىكەن، دەپ دۇئا قىلىۋاتىمەن.
— كەچۈرۈڭ، بۇ سۆزلىرىڭىزدىن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدىم.
— چۈشەندۈرۈپ قويايمۇ، تاغا؟ — دەپ ئولتۇرغان يېرىدىن يۈگۈرۈپ كەلدى ئەرمىش، — ئىنتايىن ياخشى چۈشەندۈرىمەن.
ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەن بۇ بالىنىڭ بېشى يۇمىلاق، كۆزلىرى دۇگىلەك، قاراشلىرى زېرەك، مەڭزىلىرى قىپقىزىل ئىدى. باش مۇدىر دەل ئۇنىڭغا گەپ قىلاي دەپ تۇرغاندا، گۇلچىن ھەدە:
— سەن ئورنۇڭغا بېرىپ ئولتۇر، كالتە پاچاق، ئولتۇرۇپ ئاڭلاشنىلا بىل! — دەپ گەپنى بۆلىۋەتتى، — قاراڭ، ئەپەندى، سىزگە ھەممىنى ئۆزۈم ئۇقتۇراي. ئۇ بېرىپ ئولتۇرسۇن، يالغۇز

مەنلا ئېيتىپ بېرەي. ئالدى بىلەن سىزدىن بىر نەرسە سورىماقچىمەن: شىركىتىڭىزدە ئىشلەيدىغان بىر كادىرنىڭ يولسىزلىقىنى، نامۇۋاپىق ھەرىكەتلىرىنى كۆرسىڭىز قانداق قىلىسىز؟

— قانداق قىلىسىز، دەمسىز؟ — دېدى باش مۇدىر، — ئۇنداق كادىرنى قولىدىن تۇتقان پېتى دەرۋازىدىن قوغلاپ چىقىرىمىز!

ئۇ خېلىلا قاتتىق گەپ قىلدى. چۈنكى، قىزنىڭ سوئالى ئۇنىڭغا باش مۇدىرلىقىنى ئەسلەتكەن، باياتىن يوقىتىپ قويغاندەك ھېس قىلغان ئىشەنچىسىگە ئىگە قىلغانىدى.

— ھېچقانداق ھېسداشلىق قىلمامسىز؟

— كادىر بىزگە ھېسداشلىق قىلمىسا، بىزنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويسا، بىز ئۇنىڭغا قانداق ھېسداشلىق قىلىمىز؟

—ۋاي نومۇس! — دېدى گۈلچىن، — ماقۇل، بۇ ئادەم ئەگەر شىركىتىڭلارنىڭ پېشقەدەملىرىدىن بىرى، ناھايىتى ئىشەنچلىك ۋە سىز ياخشى كۆرىدىغان بىرى بولسىچۇ؟

ئالدىنقىدىنمۇ قاتتىق، كەسكىن بىر سۆز بىلەن جاۋاب بەردى مۇدىر:

— پوزىتسىيەمىز ئۆزگەرمەيدۇ.

گۈلچىن قوللىرىنى ئۇۋۇلىغىلى تۇردى، روشەنكى، ئۇ ئۇمىدسىزلىك ئىچىگە چۈشكەنىدى.

— ۋاي نومۇس، دادامنى ياخشى كۆرەمسىز؟

— ئۇ مېنىڭ ئوڭ قول تايانچىم، ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن.

گۈلچىن بۇ ئادەمدىن ياخشى گەپلەرنى ئاڭلىغانلىقىدىن راھەتلىنىپ قالدى.

— ئۇمۇ سىزنى بەك ياخشى كۆرىدۇ! — دېدى ئۇ.

باش مۇدىر سەل ئويلىنىپ قالدى: «بۇ ئاسماقچىلاپ سوراشلارنىڭ تېگىدە نېمە باردۇ؟»

— ھەر ھالدا ياخشى كۆرەر... — دېدى مۇدىر بىر ئاز خاپا بولۇپ، — لېكىن ئۇ بۈگۈن كېلىدىغانلىقىمنى بىلەتتى، كۈتۈشى

كېرەك ئىدى. مېنى مۇشۇنداق ھالغا ...
گۇلچىن ئۇنىڭ سۆزىنى ئاياغلاشتۇرۇشغا پۇرسەت بەرمەي گەپنى تارتىۋالدى.
— خاپا بولماڭ، ھەممىمىزنى كەچۈرۈڭ، ئائىلە بويىچە ئۆز-گىرىش بار. تونۇغىلى بولمايدىغان ئادەم بولۇپ قالدۇق. جۇملە-دىن مەنمۇ تونۇگۇنكى گۇلچىن ئەمەسمەن، باشقىچىلا بولۇپ قال-دىم. ئۇ ئاجايىپ ئىش ئەمەسمۇ؟
— ئىنتايىن غەلىتە ئىش، لېكىن نېمە ئۈچۈن؟ ئېيتقان بولسىڭىز ئاڭلاپ باقسام ...
— بۇنى سىزگە، ئەڭ ياخشىسى، ئاپام ئېيتىپ بەرسۇن.
ئاپىسىنىڭ تەرەتخانىدىن چىققىنىنى كۆرگەن گۇلچىن بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا ئارتتى. ئاپىسى ئىنجىقلاپ تۇرامدۇ ياكى تۇزلىپ قالغانمىدۇ؟ بۇنىڭغىمۇ بىر قاراپلا بىر نېمە دېگىلى بولمايتتى. نەسرىن خانىم ئالىقىنىدىكى ئەتىرنى پۇرىغان ھالدا كېلىۋاتاتتى، خەيرىيە خانىممۇ كىرىپ كەتكەن ئۆينىڭ ئىشىكىنى قاقتى، لېكىن ئاۋاز چىقمىدى. ئىشىك يوچۇقىدىن دالاندا بولۇۋاتقان گەپلەرنى ماراپ ئاڭلاۋاتقان خەيرىيە خانىمنىڭ بېشى ۋە بوسۇغىدىكى پۇتى ياخشى يېپىلمىغان ئىشىكنى توسۇپ تۇراتتى. نەسرىن خانىم بۇ-نىڭغا ئانچە سەپسالمىدى. بۇ گەپلەرنى خەيرىيە خانىم ئاڭلىسا نېمە بوپتۇ، پۈتۈن كوچا، پۈتۈن مەھەللە، پۈتۈن شەھەر ئاڭلىسا نېمە بوپتۇ؟ ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئېرى بىلەن ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەن، مېھرى - مۇھەببەت تۈگىگەن ئەمەسمۇ؟
— ماقۇل، مەن ئېيتاي، — دەپ بەھچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى نەسرىن خانىم، — شىركەتنىڭ باشلىقى سىز، ئۇنىڭ غوروۇرى، نومۇسى سىزنىڭ غورۇرىڭىز ۋە نومۇسىڭىز، چوڭ شىركەت ئەخلاقسىزلىق ئۇۋىسى بولسا، بۇنىڭدا سىزنىڭمۇ ئاز-تولا ھەسسىڭىز ۋە قولىڭىز بولىدىغۇ دەيمەن.
باش مۇدىر ئۆز ئادىتى بويىچە يۆتىلىپ قويدى:

— ھە، ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن ئۇنىڭمۇ شەرتى بار!

نەسرىن خانىم سورىدى:

— ئەخلاقسىزلىق ۋە يولسىزلىقنىڭ شەرتى بولامدۇ؟

— سىز گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، ھۆرمەتلىك خانىم، ياكى مېنى قويۇۋېتىڭ، كېتەي. شەرتى بار دېگەندىن كېيىن گەپ تۈگە-مىدىمۇ!

— ئاپا، ئاپا! — دەپ ئەسكەرتمەكچى بولدى گۈلچىن.

نەسرىن خانىم بولسا ئاغزىغا كەلگىنىنى سۆزلەۋەردى:

— سىزنى ھەر ھالدا، ساپادا بەخىرامان ئولتۇرۇپ، ھەممىگە كۆز يۇمۇڭ، دەپ باش مۇدىر قىلمىغاندۇ؟

ئاپىسىنى توختىتالىسا ئوغۇل بالا! گۈلچىن گەپ قىلىپ ئەسكەرتىش ئورنىغا بۇ قېتىم خېلىلا چۇقان كۆتۈردى:

— ئاپا!

نەسرىن خانىم گويا بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ئاڭلىمىغاندەك ئەل-پازدا ئىدى.

— باش مۇدىر، سىز توڭلاتقۇنىڭ غوڭۇلدىغان، شامالدۇر-غۇچنىڭ پىرقىرىغان ئاۋازىنى سېزىشىڭىز، چاتاق بولسا ئالدىنى ئېلىشىڭىز كېرەك!

سوغۇققانلىقنىڭ، سەۋرچانلىقنىڭ ئاخىرقى چەكلىرىدە ئارد-سالدى بولۇپ تۇرغان باش مۇدىر گۈلچىنگە قارىدى:

— نېمە دەۋاتىدۇ بۇ ئاپىڭىز؟ ھەر بىر كادىرنىڭ كەينىگە بىردىن پايلاقچى قويۇڭ، دېمەكچىمۇ نېمە؟ زادى نېمە دېمەكچى؟ نەسرىن خانىم، بىلمىسىڭىز ئۇقتۇرۇپ قوياي. خىزمەتتە كېلىش-مەسلىك سادىر بولمىسا ھەممە كىشىگە دۇرۇس مۇئامىلە قىلىنى-دۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، پۈتۈن ئېلىم - بېرىملەر توختايدۇ. ھېچكىم ھېچكىمگە مال بەرمەيدۇ، ئىش بەرمەيدۇ، ۋەزىپە بەرمەي-دۇ. يەنە شۇنىمۇ ئېيتىپ قويايكى، بىر باش مۇدىر توغرىدىن - توغرا، يېقىن ئالاقىدە بولمىغان كىچىك بىر كادىرنىڭ يولسىزلىق-لىرىغا ھېچقاچان مەسئۇل بولالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ كادىر بىلەن

باش مۇدىرنىڭ ئارىلىقىدا باشقا باشلىقلار بولىدۇ.
خۇددى خەيرىيە خانىمدەك قوللىرىنى بىلىگە تۇتۇۋالغان نەس-
رىن خانىم:
— ها، ها، كۇلكىلىك گەپ! — دېدى، — شۇنداق مەسئۇ-
لىيىتىڭىز باركى، بۇنىڭدىن ئارتۇق مەسئۇلىيەتمۇ بولامدۇ؟ سۇ-
نىڭ بېشى لاي، بېشى... ئەپەندى! بېشى لاي بولمىسا ئايىغى
سۇزۇك بولىدۇ. بېشى لاي بولمىسا تۇمشۇقىڭىزنىڭ تۈۋىدە ئىشلە-
ۋاتقان پەس ئېرىمىنىڭ ھەرخىل ئەخلاقسىزلىقلارنى قىلىشقا
ھەددىمۇ!
بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان باش مۇدىرنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن
چىقىپ كەتكۇدەك بولدى. ئۇنىڭ «بۇگۇن ئاپىڭىز نېمىلەرنى دەۋا-
تىدۇ؟» دەپ گۇلچىنىدىن سورىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئايال
بولسا دەيدىغىنىنى دەۋاتاتتى. قىزىنىڭمۇ ئارىغا كىرىپ «ئاپا،
ئاپا!» دېيىشىنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى. شۇنىسى چۈشىنىكسىز
ئىدىكى، ئۇ: «مانا بەتۇل، سەنمۇ ئاڭلاپ قوي، نەسرىن خانىم
باش مۇدىرغا ئۆز ئېرىنى يامانلاپ بېرىۋاتىدۇ! دېيىشتىنمۇ
يانمىغانىدى.
— جەۋات بەگ تىرىشچان، پاك بىر دوستىمىز، نەسرىن
خانىم، ئۇنىڭدىن يامانلىشىڭىزدىن ئىنتايىن بىئارام بولۇۋاتىمەن.
نەسرىن خانىم ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى:
— داداڭنىڭ قانداق بىر نەرسە ئىكەنلىكىنى بۇ ھۆرمەتلىك
ئەپەندىگە ئېيتساڭچۇ، قىزىم!
گۇلچىن ئۇنىڭ قوللىرىغا ئېسىلىۋالدى:
— جېنىم ئاپا، ئاغزىمىزنى بېسىۋالايلى.
نەسرىن خانىم قوللىرىنى تارتىۋېلىپ يەنە ۋارقىرايتتى:
— باسمايمەن دېدىم، باسمايمەن!
خۇددى بىر مەستىنىڭ ئويۇنىدەك ئىش بولۇۋاتاتتى.
باش مۇدىر:
— گۇلچىن خانىم، سىز ئاپىڭىزنى دەرھال دوختۇرغا كۆر-

ستىڭ! — دېدى. نەسرىن خانىم ئاينىپ قالغاندەك قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— دوختۇرغىمۇ؟ ئامان بولۇڭ، مېنىڭمۇ ھېچبولمىغاندا سىزنىڭچىلىك ئەقلىم بار!

شۇنداق ئىكەن، ئەقلى جايىدا بولغان ئايالنىڭ قىلىقلىرى، سۆزلىرى بۇنداق بولمايتتى ـ دە، خەيرىيە خانىمنىڭ ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپ: «قوشنام، گەپنى ئازراق قىلىڭ، بىزگىمۇ نۆۋەت كەلسۇن!» دېيىشى مەسىلىنى ھەل قىلدى. نەسرىن خانىم پۈتىدىكى كەشىنىڭ بىر پېيىنى قولىغا ئېلىشقا مەجبۇر بولدى:

— نېمە بولۇشۇۋاتىسەن ـ ھە!

— ھە، ۋېيـەي، بـۇ يـەرگە سولاپ قويساڭ نېمە بولماقچى-دۇق! — دېدى خەيرىيە خانىم، ئۇنىڭ قايتىـدىـن ئاغـزى ئې-چىلدى، — مەن ئۆزۈمنى خېلى بېسىۋالدىم، بۇ ئىشىكنى ئەمدى دۇملىيەلمەيسەن، قىزىم!

نەسرىن خانىم قولىدىكى كەشىنىڭ بىر پېيىنى ئېگىز كۆتۈر-گىنىچە ۋارقىرىدى:

— ماڭا قارىغىنا، ھەي خوتۇن، بۇ كەشنى كۆردۈڭمۇ؟ يا ياخشىلىقچە ئولتۇرۇڭلار، يا كۆزدىن يوقىلىڭلار! سىلەرنى بۇ يەرگە قىزىل باغاق ئەۋەتىپ چىللاپ كەلمىدۇق. ھەي ئۇلۇغ خۇدا-يىم، ئۆزۈڭ بىلىسەن! ئېرىمنىڭ قىلغانلىرى يەتمىگەندەك، بې-شىمغا بۇ كوچا خوتۇنىنى كەلتۈرۈپ بەرگىنىنى قارىمامدىغان!

خەيرىيە خانىم نەسرىن خانىمغا ئوقتەك ئېتىلماقچى بولۇپ تۇرغىنىدا، بەتۇل يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇنى قۇچاقلاپ ئاران توختى-تىۋالدى. بىراق، ۋاتىلداق خەيرىيە خانىمنىڭ ئاغزىنى بېسىش مۇمـكـىن ئەمـەس ئىدى. ئۇ نەسرىن خانىمدىن بەتتەررەك ۋار-قىرىدى:

— مېنى كوچا خوتۇنى دېگۈچىنىڭ ئاغزىنى يىرتىۋېتىمەن!

ئۇنى يىرتامايدۇ دېگىلىمۇ بولمايتتى، ئۇنىڭ ئەلپازى قور-قۇنچلۇق ئىدى.

بۇنى ئاڭلاش بىلەن نەسرىن خانىمنىڭ ئاۋازى سەل پەسلىدى:

— ئۇلۇغ خۇدايىم، «قازانغا يولۇقساڭ قارىسى ...» دېگەن مۇشۇ ـ دە!

ئۇ خۇددى بۇ «قارا»نى چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك، بېرىپ قولىغا بىر ئاز ئەتىر قۇيدى.

بىكارغا ئىشلەيدىغان ئادۋوكات خەيرىيە خانىممۇ ئۇنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ، ئاخىرقى قېتىم ۋارقىرىدى:

— ئاغزىڭنى يۇم، دەۋاتىمەن ساڭا!

قانداقلا بولسۇن، تاكاللىشىشنىڭ دەسلىپىدە ئۇ ئۇستۇن كەلگەن بولدى.

بىر تەرەپتىن گۇلچىنىنىڭ، بىر تەرەپتىن بەتۇلنىڭ بېسىشى بۇ غەلىبىگە قوشۇمچە بولدى.

— هەي ... سىلەرنىڭ مۇشۇ چىرايلىق گېپىڭلار بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ كۆرگۈلۈكىنى كۆرسىتەتتىم، قىزىم بەتۇل، گۇلچىن بىلەن ئىككىڭلارنىڭ يۈزىنى قىلىپ كۈتىمەن. لېكىن، كاللامنى ئېلىۋەتسىمۇ كەتكۈچى بولمايمەن! خۇدا ھەققىدە شاھىت بولغىنىم بولغان! — دەۋېلىپ، ئاغزىنى يىغىپ جىمىپ قالدى خەيرىيە خانىم.

ئۇ ئاران جىمىققاندا، نەسرىن خانىم يېڭىۋاشتىن يەڭلىرىنى شىمايلاپ ئوتتۇرىغا چۈشتى:

— سىز تېخى كۆزىڭىز ئوچۇق ئۇخلاپ يۈرۈپسىز، ئەپەندى. قېنى مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ئاقىۋىتى نېمە بولىدۇ؟ كوچا خوتۇنلىرى ئارىغا قىستۇرۇلۇپ، پىشقان ئاشقا سۇ قويىدى، ئەمدى ئۇنتۇدى، بېسىلىپ قالىدۇ، دەپ ئويلامسىز؟ زادى ئۇنداق ئەمەس! تىرىشچان، پاك بىر دوستىڭىز ئىمىش، سىز ئۇ يىلاننى قوغداپ ماڭا ماختاپ بەرسىڭىز، بۇ ئىشنىڭ ئايىغى قانداق بولار! كۆزىڭىزنى ئاچمىسىڭىز، ھازىر مەن گەپ قىلىۋاتىمەن، قۇلىقىڭىزنى ئېچىڭ! ھەر كۈنى قىرى چۈشمىگەن بۇرۇلكا، كراخماللاپ دەزماللانغان كۆڭلەك كىيىپ، ساقال، بۇرۇتلىرىنى خۇددى چۈشىن

تېيىلىپ كەتكۈدەك پارقىرىتىپ قىرىشلار يېنىدا ئىشلەيدىغان ھې-لىقى بۇزۇق قىز ئۇچۇنكەن ئەمەسمۇ؟

يېقىندىن ئەمەس، يىگىرمە مېتىر يىراقتىن قارىسىڭىزمۇ باش مۇدىرنىڭ تامدەك تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەلەيتتىڭىز. بۇ بىچارە كۆكسىگە تاياق يېگەندەك ساپاغا دۈم چۈشكەن، كۆزلىرى ئۇچۇق، لېكىن تامنىڭ تۆشۈكىدەك پارقىراپلا تۇراتتى، ئاۋازلىرى بولسا بوغۇق ۋە جانسىز.

— كىمنى بۇزۇق دەۋاتىسىز؟! جەۋات بەگ بىلەن ئىككىمىز-نىڭ ئىشخانىسىدا ئىشلەيدىغان خۇسۇسىي كاتىپ خانىمنىمۇ؟

— تاپتىڭىز، دەل شۇنى! — دېدى نەسرىن خانىم، — بىزنىڭ ئەپەندىمىنىڭ كېيىنىپ ياسىنىشى شۇ بۇزۇق خوتۇن ئۇچۇن ئىكەن.

ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى ئىدى، ئەمما باش مۇدىر ئۇپۇل-توپۇل ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاق قەغەزدەك تاتىرىپ كەتكەن لەۋلىرى تىترەيتتى ۋە: «ياق، ئۇنداق ئەمەس» دېگەن سۆزدىن باشقىغا تىلى كەلمەي قالغانىدى. ئۇ بىر قولى بىلەن ساپانىڭ قىرىغا تايىنىۋالغان، ئۆرە تۇرغۇدەك مادارىمۇ يوق ئىدى.

— ئۇنداق ئەمەس، دېگىنىڭىز نېمىسى، ئەپەندى؟ نەق شۇن-داق، ئۆزۈم توقۇپ چىققىنىم يوق. تونۇگۇن ئاخشام ئېرىمنىڭ ئۆز ئاغزىدىن چىقىپ كەتتى، — دەپ ئۇقتۇردى نەسرىن خانىم.

بەھىچ قوراي بەگنىڭ پېشانىسىنى سوغۇق تەر باستى. ئۇ جۆيلۈۋاتقاندەك ئاۋاز بىلەن يەنە:

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، — دېدى.

— نەق شۇنداق.

— ئۇنداق ئەمەس، چۈنكى ئۇ قىز مېنىڭ لايىقىم.

گۈلچىن تۇرالماي قالدى:

— ئاپا، پالتىنى تاشقا چېپىپسەن!

باش مۇدىرنىڭ يۈرىكىگە پىچاق سانجىلغاندەك بولدى. ئۇ

گەپنى يىغىشتۇرۇشقا ھەپىلەشسىمۇ، نېمە ئۈچۈندۇر يىغىشتۇرال-مىدى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە نېمىلەرنىدۇر دەيتتى. گۈلچىن ئۇنىڭ شىلەپىسىنى قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. «شىلەپىسىنى قولىغا ئال-غان تەقدىردىمۇ كېتەلمەيدۇ» دەپ ئويلايتتى ئۇ.

باش مۇدىر بىردىن غەزەپكە كەلدى:

— كەچۈرسىز، قېنى شىلەپەم.

— شىلەپىڭىز قولىڭىزدا، ئەپەندى، — دېدى گۈلچىن.

باش مۇدىر قولىغا قاراپ:

— خوپ، بولىدۇ ...— دېدى غودۇڭشىغان ھالدا، — بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرىمەن، ۋەقەنى تەكشۈرىمەن، ئەگەر توغرا بولسا، باياتىن دېيىلگەن گەپلەردە كىچىككىنە بولسىمۇ چىنلىق بولسا... ئېرىڭىز ئۆزىگە باشقا بىر ئىش تاپسۇن!

بۇ كىشىنىڭ غەزەپلىنىپ چىقىپ كېتىشىن ئاۋۋال ئېيتقان ئاخىرقى سۆزلىرى مانا شۇ بولدى.

— ئەمدى رازى بولدۇڭمۇ، ئاپا!؟ — دېدى گۈلچىن.

— رازى بولدۇم، — دېدى نەسرىن خانىم.

ئەمدى نۆۋەت بەتۇل بىلەن خەيرىيە خانىمغا كەلگەنىدى. نې-مىشقىدۇر ئۇلارمۇ ھەيران بولۇشۇپ ئولتۇرۇپ قالدى. بەتۇل ئۆز - ئۆزىگە: «نەسرىن خانىم ھەدەم جەۋات بەگ تاغىنىڭ ئالىدى-غان ئايلىقى بىلەن ئويىنىشىپ، ئۆز رىسقىغا توپا چاچتى» دېسە، خەيرىيە خانىم: «جىم ئولتۇر، بۇ نېمە ئىش، مەنمۇ ھەيران بولۇۋاتىمەن ...» دېدى.

— جەۋات بەگ تاغام نەسرىن خانىم ھەدەمنىڭ دېگىنى-دەك مىدۇ؟

— كىم بىلىدۇ!

ئۇلارنى قورقۇنچ باستى. ئۆيدىكى ئايال ئېرىنىڭ تېپىپ بەر-گەن نېنىغا توپا چېچىۋاتسا ئەلۋەتتە قورققۇلۇق، چۈنكى ئۇنداق ئايالنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ.

بەتۇل خەيرىيە خانىمنىڭ كۆڭلىنىڭ پىشىنى تارتتى.

— چىقىپ كېتەيلى، چوڭ ئانا.
بىر ھازادىن كېيىن ئېسىگە كەلگەن نەسرىن خانىمنىڭ:
— ئۆيۈم ۋەيران بولدى، دوستلار، ئۇۋام بۇزۇلدى، — دېگىنى ئوچۇق ئاڭلاندى.
تۇكلىرى تەتۇر ئۆرۈلۈپ، يۈرەكلىرى داغلانغان خەيرىيە خانىم سەۋر قىلالماي دېدى:
— قوشنام، يالغان دېگەن بولسام تىللىرىم ئېقىپ كەتسۇن، مەن بۇلارنى بىلمەپتىمەن. بىلگەن بولسام بۇنداق ئۇستلەپ كەلمىگەن بولاتتىم، بەتۇل، ئاچ كۆزۈڭنى، ئەر كىشى دېگەن نەرسىگە ئىشەنمە! — كېيىن ئۇ تىزلىرىنى مۇشتلاپ كۆز يېشى قىلغىلى تۇردى، — ئاھ ۋەلى، ۋەلى، ئەگەر ھايات ۋاقتىڭدا سەنمۇ مېنى ئالدىغان بولساڭ، مازارىڭدا جازاڭنى يەرسەن!
— جېنىم گۈلچىن ھەدە، — دېدى بەتۇل ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، — ئىشىنىڭ، ئىنتايىن بىئارام بولۇۋاتىمەن.
ئۇلارنىڭ ھەپىلىسى قالمىغانىدى.
بۈگۈن ئۇلار سۆزلىشىش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا، باشقا بىر كۈنى كۆرۈشۈشكە ۋەدىلەشتى. ئۇلار يېقىن قوشنىلاردىن بولۇپ، بىر - بىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقلارنى چۈشىنىشەتتى، يارىسىنىڭ ئۈستىگە تۇز سەپمەيتتى. خەيرىيە خانىم ئاخىردا بىر تەمسىل كەلتۈرۈپ: «ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپكەندەك» بولمىسۇن دەپ، بەتۇلنى ئالدىغا سېلىپ ئاستا چىقىپ كەتتى.
نەسرىن خانىم يالغۇز قېلىپ:
— بىر ئاز ھاردۇقۇم چىققاندەك بولدى، — دېدى ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بەرگەندەك بولۇپ.
— غەلىبە قىلدۇقمۇ، مەغلۇپ بولدۇقمۇ؟ — دېدى گۈلچىن سەلىمگە جاۋاب كۈتكەندەك قاراپ.
سەلىم قېتىپ قالغاندەك تېخىچىلا جىمجىت تۇراتتى. گۈلچىن ئەلۋەتتە ئاپىسىغا قارىغاندا ئەھۋالغا رېئال قارايتتى. ئۇنىڭ بۇ ۋەقەگە بولغان كۆز قارىشى ئوچۇق ئىدى.

— دادام بۇ ئايىنىڭ ئاخىرىدا يىللىق مۇكاپات پۇل ئالماقچىدى، مەغلۇپ بولدۇق. باشقا ئامال يوق، توگەشتۇق، ئاپا!

نەسرىن خانىمنىڭ ئۆزىنى ئاقلىشى ئىنتايىن قىيىن ئىدى:

— ئۆيۇم بۇزۇلدى، دېسەممۇ ھېچكىمنىڭ كارى يوق، «ئۆچكىگە جان قايغۇسى، قاسساپقا ياغ ...» ئىنىڭ پۇل ئوغرىلاشنىڭ قەستىدە، سەن باردىغان يېڭى ئۆيۇڭنىڭ كەم - كۇتىسىنى، ئۇستۇېشىڭنى ئويلايسەن. مېنىڭ ھالىمغا يېتىدىغان ھېچكىم يوق!

خان ئانىنىڭ تىزلىرىغا تايىنىپ: «مېنى چاقىرتىپسىلەر» دەپ كىرىپ كېلىشى كېلىنىنىڭ يارىلانغان كۆڭلىنى لازا قۇيغاندەك ئېچىشتۇرىۋەتسىمۇ، لېكىن قايغۇلۇق ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشىگە سەۋەب بولدى.

— چاقىرتمىدۇق، — دېدى نەسرىن خانىم، — ئەتىگەندىن بېرى بۇ يەردە بولمىدىڭىز. بىز باش مۇدىر ۋە قوشنىلار بىلەن دېيىشىپ قالدۇق. سىزنىڭ ھېچ ئىشتىن خەۋىرىڭىز يوق. كۆزلەرنىڭ بىرىدە قارىنىڭىزنىڭ يامانلىقىدىن ئۆلۈپ بېرىدىغان بولدىڭىز.

ياشانغان ئايال نەۋرىسى گۇلچىن بىلەن سۆزلىشىشنى لايىق تاپتى:

— ئۆز ئوغلۇم بولغان ئادەممۇ ماڭا ئازار بەرگەن، سەن بىر ياش ۋاقتىڭدىن تارتىپلا ئەھۋال مانا شۇنداق. ئۆيدە ھەممىسىنىڭ كۆزىگە سانجىلغان بىر تىكەن بولدۇم. بۇلارغا ئارتۇقچە بىر يۈك بولۇپ قېلىۋاتىمەن، پايتىمىدەك سۆرۈلۈپ يۈرىمەن، ئەڭ ياخشىسى، بۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتسەم بولغۇدەك. قەيەرگە كېتىشىم كېرەك؟ قېرىلار ساناتورىيىسىگىمۇ، دارىلئاجىزغىمۇ؟ قەيەرگىلا بولسۇن كېتىشىم كېرەك.

نەۋرىسى ئۇنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ قۇچاقلىۋالدى، بىر ھازادىن چە مومىسى بىلەن نەۋرىسى ئايرىلىش سۈرىتىگە چۈشۈۋاتقاندەك مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىپ قۇچاقلىشىپ تۇردى. ئۇلارنىڭ كۆرۈ-

نۇشلىرى تەسىرلىك ئىدى.

— قانداق قىلاي، — دېدى خان ئانا، — باغچىدىكى گۈللەرنى تاماشا قىلىۋاتاتتىم. ئەمدى مانا بۇ يەردە بۇيرۇقۇڭلارغا تەييارمەن.

ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ بىر تۇرۇپ تىترەپ چىقىشى، بىر تۇرۇپ ئۇنىڭ ساپ ۋە مەنىلىك قاراشلىرى كېلىنىنى «ئەستاغپۇرۇللا» دېگۈزدى.

— ئەستاغپۇرۇللا، مېنىڭ بۇ داچىدا ئالا مۇشۇككىمۇ سۆزۈم ئۆتمىسە، سىزگە قانداق بۇيرۇق قىلاي. ئۆيدە يا چۈشلۈك، يا كەچلىك بىر چىشلەم نان يوق. ھەممە پۇللىرىمنى ھېلىقى بالا ئالدى. مۇشۇ ئەھۋالدىمۇ يەنە سىلەرنى، باللارنى ئويلاپ نېمە تاماق ئەتسەم بولار دەۋاتىمەنغۇ!

— چۈشلۈك ۋە كەچلىك بىر نەرسە يېگۈم يوق. قورسىقىم توق، — دېدى خان ئانا، — خەۋىرىڭلار بارمۇ، ئاخشامقى «دۇمبە سۆگەك»نىڭ قالايمىقانچىلىقىدا بۇلۇڭدا تۇرغان چوڭ تۆگىتاپان[1] تەشتىكى ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتۇ.

«كالۋا خوتۇن» دەيتتى ئۆز - ئۆزىگە نەسرىن خانىم.

ئۇ تېخىمۇ قاتتىق ئاۋاز بىلەن چېچىلدى:

— سىز تامىقىڭىزنى يەپ، دۇئا قىلىپ بولدىڭىز، باللار بىلەن بىز تېخى ناشتىمۇ قىلمىدۇق.

— ناشتا قىلمىغان بولساڭلار مەندە نېمە گۇناھ، — دېدى خان ئانا، — چاينى دەملەپ، نانلارنى ھازىرلاپ قويدۇم! ناشتىلىق قىلىۋېلىڭلار دېسەم، بىز قارنىمىزنى تولدۇرماقچى ئەمەس، بوشاتماقچى دېدىڭلار!

نەسرىن خانىمنىڭ يەنە پەرۋايى پەلەك بولۇپ ئاچچىقى كېلىۋىدى، كۈيئوغلى ئارىغا كىردى:

— ئۆتۈنۈپ قالاي، بولدى تەگەشمەڭلار، بۈگۈن يەكشەنبە بولسىمۇ، دۇكانلار ئوچۇقتۇ، پۇلىڭىزمۇ غېمىنى قىلماڭ، نېمە كېرەك بولسا مەن ئەكېلەي.

---

[1] بىر خىل قاچا گۈلى.

— ئاۋارە بولۇپ قالارسىزمىكىن؟
— نېمىگە ئاۋارە بولاتتىم، — دېدى ئۇ، — يۇگۇرۇپ بېرىپلا ئەكېلىمەن.
گۈلچىن يىگىتكە مەمنۇنىيەتلىك بىلەن قاراپ قويدى:
— ئاھ، نېمىدېگەن ياخشى ئادەمسىز، سەلىم! ماشىنا گاراژدا، بىرنىڭ ھەيدىگەن ئاۋازىمۇ ئاڭلانمىدى. پىيادە بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق. ماشىنا بىلەن بېرىڭ، بازارمۇ يىراق ئەمەس، يەيدىغان نەرسىلەرنى كۆپرەك ئالغاچ كېلەرسىز.
— نېمىلەرنى؟
— تاپالىسىڭىز، — دېدى نەسرىن خانىم، — بېلىق ئېلىڭ. لېكىن، كونا بېلىق بولمىسۇن، لىمون، پىياز ۋە خام سەي قىلىندىغان باشقا كۆكتاتلاردىنمۇ ئالغاچ كېلىڭ.
— بېلىق بولمىسچۇ؟
— يېمەكلىك دۇكىنىغا كىرىپ قېزا ئالسىڭىزمۇ بولىدۇ. توختاڭ بولمىسا، ئىككىيلەن بىللە بېرىپ ئەكېلەيلى، — دېدى گۈلچىن.
— بولىدۇ.
ئۇلار تەييارلىنىپ تور خالتىلىرىنى ئېلىشىپ، ئىشىكنى ئاچقاندا، گۈلچىن تۇيۇقسىز ۋارقىرىۋەتتى:
— ۋىيەي، دادام!

## 9

نەسرىن خانىم قىزىنىڭ ۋاقىرىغىنىنى دەسلەپتە چۈشىنەلمەي، ھاجەتسىز بىر چاقچاق، خۇشاللىقتا قىلىنغان ئويۇنى، دەپ قارىدى ۋە قىزى بىلەن چېقىشتى:
— داداڭ بولسا قانداق قىلاي، يۇگۇرۇپ بېرىپ بوينىغا ئېسىلايمۇ يا؟
بىراق گۈلچىن: «ۋاي خۇدايىمەي! خان ئانا، ئاپا، دادامغۇ

بۇ! » دېگەندىن باشقا گەپ قىلماي كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قاراپلا تۇراتتى.
نەسرىن خانىمنىڭ دىققىتىنى قىزىنىڭ تۇرقىلا ئەمەس، كۈيـ ئوغلىنىڭ قىياپىتىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلدى. يىگىت ئىشىككە يۆـ لەنگىنىچە، قوللىرى تۆۋەن ساڭگىلىغان هالدا تۇراتتى.
كېيىن نەسرىن خانىمنىڭ كۆزى ئېرىگە چۈشتى: جەۋات بەگنىڭ بېشى، ئوڭ قولى، ئوڭ پۇتى تېڭىلغان قورقۇنچلۇق هالەتتە ئىدى.
مەتىن بىلەن دوستى ئەرتېكىن ئۇنى غاز ـ غاز قىلىپ كۆتۈـ رۈپ ئەپكىرىۋاتاتتى.
جەۋات بەگ بولسا تىنماي ۋاي ـ ۋاي دەپ ئىڭىرايتتى.
ماڭغاندا ئاغرىق تىزلىرىنى تۇتۇۋېلىشقا ئادەتلىنىپ قالغان خان ئانا ئوغلىنى كۆرۈش بىلەن تىزىنى تۇتۇشنىمۇ ئۇنتۇپ: «ئوغلۇم!» دېگىنىچە ئېتىلىپ كەلدى. ئانا قەلبى باشقا نەرسىگە ئوخشىمايدۇ ـ دە! ياشانغان، پۇتلىرى ئاغرىق بىر ئايال بىردەمدىلا ياشلىق چەبدەسلىكىگە قايتقانىدى.
مەتىن بۇ ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈشكە زادى ماسلاشمايدىغان بىر قىزىقچىلىق بىلەن:
— پوش، پوش! زامانىمىزنىڭ قەهرىمانى، هەقىقەتچى داـ ۋۇت، غازى قالغان باتۇر كېلىۋاتىدۇ! پوش، پوش، يولنى بوشىـ تىڭلار، — دەپ كىرىپ كەلدى.
گۈلچىن بىلەن سەلىم:
— دادىجان، نېمە بولـدىـڭـىز؟ — دەپ سوراشـتى جەۋات بەگدىن.
— هېچقىسى يوق! ئالدىمنى تورىماي نېرى تۇرۇڭلار...— جەۋات بەگ ئۇلارنى قوپاللىق بىلەن كەينىگە قايتۇردى.
— سۈپكۆچ، تېگىپ كەتمەڭلار، جىن سوقۇۋېتىدۇ! — دېگىنىچە داچىدىكىلەرنى ئۆرتۈپە قىلىۋەتتى مەتىن.
— دەل جايىدا ئوخشىتىش بولدى، — ئەرتېكىن قىسقىچە

ئىزاهات بەردى.

گۈلچىن پەرۋاسىزلىق قىلىۋاتقان مەتىننى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئەرتېكىنگە ئۇستى ـ ئۇستىلەپ سوئال قويدى:

— نېمە بوپتۇ، نېمە ئىش؟ باشقا بىرىگە ئوخشىتىپ ئۇرۇپ قويۇپتىمۇ؟ زادى نېمە بوپتۇ؟

تېخىچە بەخىرامان تۇرغان مەتىن دوستىنىڭ ئورنىدا:

— قانۇنىي ئورۇنغا چۈشىدىغان بىر ئىش بۇ، — دەپ ئىزاھ-لىدى.

ئېرىنى ئىنتايىن پەرىشان هالدا كۆرگەن نەسرىن خانىم دەر-هال هالىدىن خەۋەر ئالماقچى بولدى، بىراق يېنىۋالدى.

— هىم، خوپ بوپتۇ! بىلەرمەنلىك قىلىپ كۆرۈنگەنگە قاش ئاتقانىنىڭ جازاسى، هەممە ئادەم ماڭا ئوخشاش سەۋرلىك ئە-مەس ـ دە...

هەر كىم ئۆزى بىلگىنىنى دېگىلى تۇردى.

— هەممەيلەننىڭ گۇناهىنى ئارتىۋالماڭ، هەدە، — دەپ سۆزگە قوشۇلدى ئەرتېكىن، — تاغىمىزغا تەگكۈزۈپ قويغانلار ئۆز ئۇلپەتلىرى، جان جىگەر دوستلىرى ئىكەن.

خان ئانا هېچقايسىسىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي، ئوغلىغا كۆز ئۈزمەي قارايتتى.

— ئۇنى بۇ يەرگە، بۇ ساپاغا ئەكېلىڭلار، مەتىن، — دېدى ئۇ، — ئاۋايلاڭلار، بىر يېرى ئاغرىپ كەتمىسۇن، ماشىنا ئۇرىۋەت-تىمۇ، ئوغلۇم؟

گۈلچىن خۇددى چەت تىلدىن تەرجىمە قىلىۋاتقاندەك، ئەهۋال-نى قىسقىچە چۈشەندۈردى:

— بەك قاتتىق تاياق يەپتۇ، خان ئانا.

مۇساۋەت خانىم كۆرۈپ تۇرسىمۇ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى:

— ئوغلۇمنى شۇنچە قاتتىق ئۇرغان كىم؟ قوللىرى قۇرۇپ كېتەر ئىلاھىم. يۈگۈرۈڭلار، دەرهال دوختۇر چاقىرىپ كېلىڭلار!

نەسرىن خانىم پەيتى كەلگەنلىكىنى بىلىپ دەۋالدى:
— تۈنۈگۈن ئاخشام دەرۋازا تۈۋىدىن قوغلىۋېتىلگەن دوختۇر-نىڭ ئەمدى كېلىشىگە ئىشەنمەيمەن.
جەۋات بەگ ئىڭرىغان هالدا ساپانىڭ ئالدىغا كېلىۋېتىپ، ئايالىنىڭ بۇ گېپىگە قوشۇلۇپ دېدى:
— دورىخانىدا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار قىلىندى، ئاپا، دوختۇرنىڭ كېرىكى يوق، — كېيىن ئۇ هەممەيلەنگە ئايرىم - ئايرىم قاراپ چىقىپ تەكرارلىدى، — كېرىكى يوق!
ئۇنىڭ دوختۇرنىڭ كېرىكى يوق دېگىنى يالغانىدى. قول - پۇتى ۋە بېشىنىڭ تېڭىقلىرى بۇياقتا تۇرسۇن، سول كۆزىمۇ كۆكىرىپ كەتكەن، هېچبولمىغاندا ئۇنى تازىلاپ، دورا يەڭگۈشلىتىش ئۈچۈنمۇ دوختۇر كېرەك ئىدى.
خان ئانا ئېڭىشىپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن سورىدى:
— بىرەر يېرىڭ سۇنۇپ كەتمىگەندۇر، ئوغلۇم، سۇنۇپ كەت-مىگەندۇ - هە؟
— ياق، ياق ... — دېدى جەۋات بەگ ئىڭراپ تۇرۇپ.
— ياق دەيسەن، هېچنېمە دەپ بولمايدۇ، بەلكىم باردۇر، ئوغلۇم.
— قەيېرىڭىز ئاغرىۋاتىدۇ، دادا؟ — دەپ سورىدى گۈلچىن.
— ئوڭ تىزىمنىڭ لېپىكى بىلەن سول قولۇمنى مىدىرلىتال-مايمەن، بەك ئازابلاۋاتىدۇ. سول مۈرەم، بىلىكىم، بۇرنۇم، كۆزۈم ... ئاغرىپ كېتىپ بارىدۇ، — دەپ ئۇقتۇردى جەۋات بەگ.
گۈلچىن كۆزلىرىگە ياش ئالدى. ئۇن سېلىپ يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى تەستە تۇتۇۋېلىپ، بىر قولىنى يىگىتى سەلىمنىڭ قولىنىڭ ئۈستىگە قويدى، هەر هالدا ئۇنىڭدىن مەدەت كۈتەتتى.
— بىچارە دادامنىڭ ساق يېرى قالماپتۇ ... — دەپ ئاھ ئۇردى گۈلچىن، — يىرتقۇچلارنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قاپتۇ - دە!
— يىرتقۇچنىڭ چاڭگىلىغا ئەمەس، يىرتقۇچلارنىڭ ئۇۋىسى-غا، ئۆڭكۈرىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ ... — دېدى ئەرتېكىن، — ئۇ

شۇنداق ھۇجۇمغا ئۇچراپتىكى، نېمىسىنى ئېيتىمىز.
نەسرىن خانىمدا ياردىدار ئېرىگە نىسبەتەن بۇرۇنقى مېھىر - مۇھەببەت ئويغانمىغان بولسىمۇ، بىلىنەر - بىلىنمەس بىر يېقىنلىق ۋە سىلىق مۇناسىۋەت پەيدا بولغاندەك تۇراتتى.
— بەگ، تېكىندەك تەرسالىق قىلماڭ! — دەپ چېقىشتى ئۇ ئېرى بىلەن، — دوختۇر كەلمىسە بولمايدۇ. دورىخانىدا بىر تەرەپ قىلالايتتىمۇ! بوپا تاڭغاندەك يۆگەشتۈرۈپ قويۇپتۇ. ئۆزىڭىزگە مەلۇم بولمىغىنى بىلەن، سۇنغان، ئىچىدىن قانىغان ياكى ناكا بولغان يەرلىرىڭىز بولۇشى مۇمكىن.
— ھەدەم توغرا ئېيتىدۇ، — دېدى ئەرتېكىن، — شۇنداق، ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ.
لېكىن، جەۋات بەگ دوختۇر كېرەك ئەمەس، دەپ قاتتىق تۇرۇۋالدى. يا ئاپىسىنىڭ قوشۇمچە قىلىشى، يا قىزىنىڭ يالۋۇرۇشلىرى ئۇنى بۇ قارارىدىن ياندۇرالمىدى. دوختۇر چاقىرىلمايدىغان بولدى!
شۇنىڭدىن كېيىن مەتىن:
— نەسرىن خانىم، — دېدى ئاپىسىغا، — سەن خاپا بولماي يۇقىرىغا چىقىپ قەھرىمانىمىزنىڭ ئورنىنى ھازىرلا، ياتسۇن. ياتقان ياخشى، ھېچبولمىغاندا ئارام ئالار، ئەزىيىرايى، ياتقىنى تۈزۈك.
ئەرتېكىن بېشىنى لىڭشىتتى:
— ئاغىنەم توغرا ئېيتىدۇ، تاغام بىر ئاز يېتىپ دەم ئالسا ياخشى بولۇپ قالار.
— مېنىڭچە، دوختۇر چاقىرىش كېرەك.
— ئۇنىمىسا؟
— جاھىللىقىدىن ئۇنىمايدۇ.
— ھەدە، ھازىرچە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ دېگىنىنى قىلايلى.
— بوپتۇ، كېيىن ئۇناپ قالار.
نەسرىن خانىم:

— خوپ، يەنە مەن كېرەك بولىدىكەنمەنغۇ ...— دېگىنىچە ئېرىنىڭ ئورنىنى تەييارلىغىلى كىرىپ كەتتى.

ئۇ كۆرپىنىڭ ئاستىغا قاتتىق بىر نەرسە قويۇش - قويماسلىق- تا بىقارار بولۇپ تۇرۇپ قالدى. چۈنكى، مۇنداق ئاغرىقنى قاتتىق يەردە ياتقۇزۇش كېرەكمۇ، يۇمشاق يەردە ياتقۇزۇش كېرەكمۇ، بۇنى ئۇ بىلمەيتتى.

— هەي باللار، — دېدى دالاندا قالغان خان ئانا، — سۇچى ۋەلىنىڭ خوتۇنى — تېڭىنچى خەيرىيە بايىلا مۇشۇ يەردە بارئىدى. ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك قىلغانىدىم، ياكى باشقا بىرىنى ئوخشاتتىم- مۇ، ئىشقىلىپ، ئۇنىڭغا بېرىڭلار، خەۋەر قىلساڭلار ئۇ هازىرلا يۈگۈرۈپ كېلىدۇ.

گۈلچىن بۇنىڭغا قارشى چىقتى:

— دوختۇر چاقىرساق كېلەمدۇ - كەلمەمدۇ، بىلمەيمەن، لېكىن خەيرىيە خانىمنى چاقىرغىنىمىز بىلەن بەربىر كەلمەيدۇ.

— نېمىشقا كەلمىسۇن؟ قوشنا دېسە جېنىنى بېرىدۇ.

— بىزگە ئۇنىمايدۇ، تونتۇنۇم، ئاپام ئۇياقنى قوغلىغاندىن بەتتەر قىلىپ چىقىرىۋەتتى.

— قاراڭلار، بۇ كېلىنىنىڭ قىلىقىنى، خەيرىيە قوغلايدىغان ئايالمۇ؟

يۇقىرىدىكى هۇجرىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى كارىدوردا تۇرۇپ ئېرىنى يۇمشاق ياكى قاتتىق يەردە ياتقۇزۇش لازىملىقىنى ئويلاۋات- قان نەسرىن خانىم بۇ گەپلەرنى يېرىم - ياتا ئاڭلاپ ئاچچىقى تازا كەلدى: «مانا ئەمدى خاپىلىق ئۈستىگە خاپىلىق!»

كېيىن جەۋات بەگنىڭ ئاۋازى باشقىلارنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشتى:

— بىكار ئاۋارە بولماڭلار، دوختۇرنىڭ كېرىكى يوق، سۇچى ۋەلىنىڭ خوتۇنىنىڭمۇ كېرىكى يوق! «شامنىڭ شېكىرىنىمۇ يېمە، ئەرەبنىڭ يۈزىنىمۇ قىلما!» [①]، بولدى، هېچقايسىسىنى چاقىرماي

① «كاللىمۇ يېمە، چىشنىمۇ چاقما.» دېگەن مەنىدە.

قويۇقلار.
ئۇنىڭ ئاۋازىدا ئۆچمەنلىك ۋە بىزارلىقتىن باشقا مەنە يوق ئىدى. مەلۇم بولدىكى، ئۇنىڭ ئەدىپىنى بەرگەنلەر دوستلىرى، ئۇلاردىن تاياق يېيىش جەۋات بەگكە ھەقىقەتەنمۇ ھار كەلگەندى.
ئورۇننى تەييارلاپ بولغان نەسرىن خانىم ئۇلارنىڭ يېنىغا چۈشمەستىن، گەپنىڭ نېرى - بېرىسىنى ئۇستۇنكى قەۋەتتىكى پەلەمپەينىڭ بېشىدا تۇرۇپ غەلىبە ھېسسىياتى بىلەن ئاڭلىدى. ئۇ گويا خان ئانا بىلەن گۈلچىنىدەك، كۈيئوغلى سەلىم بىلەن كالتە پاچاق ئەرمىشتەك ئاڭلىغانچە ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدى. ئېرى ھەقىقەتەن ئىشەنگىلى بولمىغۇدەك بىر ھادىسىگە ئۇچرىغاندى. ئويلىساڭ پەلەكنىڭ چاقى كەينىگە چۆرگىلەۋاتقاندەك ياكى پەلەك ئەسلىدە تەتۈر بولۇپ، سەن ئۇنى ئەمدى بىلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. مەتىن بىلەن ئەرتىكىن ۋەقەنى بەس - بەس بىلەن ئۆز ئالدىغا چۈشەندۈرەتتى.
ئالدى بىلەن ئەرتىكىن: «قاتتىق تاياق يېگەندىن باشقا نەرسە ئەمەس...» دەپ، گۈلچىن بىلەن خان ئانىنىڭ كۆڭلىنى تىندۇ-رۇشقا تىرىشاتتى. بۇ بەخۋاش بالا نېمىشقىدۇر كىشىنىڭ چىشىغا تېگىپ، چوپچوك بىر ئادەمنى يامانلاپ، ئۇنىڭ ئابرۇيىنى چۈشۈ-رۈۋاتاتتى.
مەتىن ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر گەپلەرنى قىلىپ دوستىنى قۇۋۋەتلىدى:
— مانا ئۆزۈڭلار كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، بۇ باتۇرنى ھېلىمۇ ياخشى ئۇلار خەنجەر ياكى تاپانچىغا ئوخشاش قاتىللىق قوراللىرىنى ئىشلەتمەي تېپىپ - مۇشتلاپتۇ.
— خۇدايا شۈكرى، ئەگەر ئۇلار ئىشلىتىلگەن بولسا ...—
دېدى كۈيئوغۇل سەلىم، — قېيناتام ھايات قالماسكەن.
مۇساۋەت خانىممۇ دەرھال قوشۇمچە قىلدى:
— ھېلىمۇ خۇدايىم ساقلاپ ھايات قاپتۇ.
ياشاپ كەت. نەسرىن خانىم تىلىنىڭ ئۇچىغا ئەكېلىپ سورال-ماي تۇرغان سوئاللارنى گۈلچىن سورىدى:

— نېمىشقا شۇنداق بوپتۇ، زادى قانداق ئىش بۇ، دادامنى نىمە ئۈچۈن ئۇرۇشۇپتۇ؟ تولا گەپ قىلماي بۇ گەپنى ئېيتىڭلار!

— قېنى ئېيت! — دېدى مەتىن ئەرتېكىنگە.

— تاغىمىز، — دەپ سۆز باشلىدى ئەرتېكىن، — ئاۋۋال كىنوخانىغا بېرىپتۇ. كىنودىن چىقىپ قارىسا كۈن خېلى ئەتىگەن، ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆزى ئەزا بولغان كۇلۇبقا بېرىپتۇ. ئۇ يەردە بۇرادەرلىرى بىر قانچە ئۇستەلدە ئولتۇرۇپ قارتا ئوينىشىۋېتىپتىكەن. ئۇلار كېچىچە ئويناپ ھەممىسىنىڭ كۆزلىرى ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزىرىپ كېتىپتۇ، تاماكا ئىسىدا ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولماپتۇ، مەرھەمەت ئۇستىگە مەرھەمەت، خۇش كەپسىز ئۇستىگە خۇش كەپسىز، رەھمەت ئۇستىگە رەھمەت ياغدۇرۇشۇپ-تۇ. تاغىمىز بېرىپ تەلىيى قاچقان بىر بۇرادىرىنىڭ يېنىغا ئولتۇ-رۇپتۇ. ھەممەيلەننىڭ دىققىتى ئۇنىڭغا بۇرالغاندا، قارتا شىلىغان بۇرادەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ساختىلىق قىپتۇ، بۇنى كۆرۈپ تاغىمىز ئۇنىڭ قولىغا ئۇرۇپتۇ، ئاندىن: «توختاڭلار، ئاغىنىلەر، بۇ بۇرادەر ساختىلىق قىلدى. دىققەت قىلىڭلار!» دەپتۇ ...

— دادامنۇ؟ — دەپ سورىدى گۇلچىن.

— ھەئە، دادام! — دېدى مەتىن.

ئەرتېكىن تاماشىبىنلارغا چوڭ بىر ئويۇنچىنى كۆرسىتىپ تونۇشتۇرۇۋاتقاندەك قولى بىلەن كۆرسەتتى:

— ھە، شۇنداق، سىلەر زادى چۈشەنمەيدىغان، ئابرۇيى بار-غانسېرى تۆكۈلۈۋاتقان، تەڭدىشى كەم ئۇچرايدىغان بۇ ئادەم، يەنى بۇ بەگ تاغىمىز!

جەۋات بەگ ئىنجىقلاپ ئاران گەپ قىلدى:

— خاتا دەۋاتىدۇ، ئۇنداق ئەمەس، مېنى يۆلەڭلار، ۋايجان، ۋايجان ...

— دادا، زورۇقۇپ ئۇزۇلۇپ قالماڭ، — دېدى گۇلچىن.

— بولغۇلۇق بولدى، — دېدى جەۋات بەگ، — ئەمدى ئايايدىغان نېمىسى قالدى. ۋاي قولۇم، ۋاي پۇتۇم ...

گۈلچىن ئىچ ئاغرىتىپ ۋارقىراپ سالماسلىق ئۈچۈن قولى بىلەن ئاغزىنى ئېتىۋالدى:

— بىچارە جېنىم دادام!

— سورۇنغا، ياق، كۆلۈبقا كىردىم. ۋاي …

— قىلىدىغان باشقا ئىشىڭىز يوقمىدى، دادا؟

— بارىدىغان يېرىم يوق شۇ يەرگە كىرىپتىمەن، بىرى بىلەن تاكاللىشىشتىن ئۆزۈمنى تارتاتتىم، ھەر ھالدا ئۇلار مېنىڭ كونا بۇرادەرلىرىم ئىدى ـ دە، ۋاي بېلىم!

مۇساۋەت خانىم ئوغلى ئولتۇرغان ساپانىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ دېدى:

— چاپسان ئېيت، بالام، مەنمۇ ئاڭلاي! — ئۇ پۈتۈن دىققىتىنى توپلاپ، ئوڭ قۇلىقىنى ئوغلىنىڭ ئاغزىغا يېقىن قىلدى.

— ماقۇل، ئاپا، — دېدى جەۋات بەگ گەپىنىڭ ئاخىرىنى ئاپىسىغىلا ئېيتىپ بېرىدىغاندەك، — سۇرەييا كۆلۈبتىكى ئەڭ يېقىن دوستۇم، مەن ئورۇندۇقنى ئۇنىڭ يېنىغا قويدۇم. ئۇ زەيتۇن يېغى ۋە سوپۇن دوكىرى ئىدى، توپ ئېلىپ، توپ سېتىپ كۆپ پۇل تاپاتتى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، تالاي قېتىم ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە قارتا ئوينىغان چاغلاردا ساختىلىق قىلغانلىقىدىن گۇمانلانغان بولساممۇ، لېكىن قاتتىق بىر نېمە دېمىگەنىدىم. كۆڭلۈمنى غەش قىلىدىغىنى، ئۇ ھەممە كىچىك ئويۇنلاردا ئۇتتۇرۇپ قويۇپ، چوڭ ئويۇنلاردا ئۇتۇۋالاتتى.

مەتىن ئۇتتۇرغا چىقتى:

— دەل مېنىڭدەك ئىكەن ـ دە!

— سەن چوڭ ئويۇنلاردا ئۇتالامسەن؟

— ئۇتىمەن، ھەدە!

— بىراق، چوڭ ئويۇن ئوينىغۇدەك كۆپ پۇلۇڭ يوق ـ دە.

— ئىشقىلىپ، بار ـ يوقۇمنى دوغا قويىمەن، سائەت بولامدۇ، تاغاق بولامدۇ، ھەتتا ئالتۇن تۈگمىلىرىمنىمۇ ئۇتتۇرىغا قويۇشتىن يانمايمەن.

— بولدى قىلە، ۋات - ۋات!

يىگىتنىڭ پو گەپلىرىگە كۆلۈشكە توغرا كەلگەن بولسىمۇ، ئائىلە باشلىقى جەۋات بەگنىڭ ئىچىنىشلىق ئەھۋالىنى ھېسابقا ئېلىپ ھېچكىم كۈلمىدى.

— مەن ئويلايمەن، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى جەۋات بەگ، — خەلقنى ئالداپ غەپلەتتە قالدۇرۇۋاتقان مۇشۇ كىشىلەر دائىم پايدا ئېلىۋەرمەيدۇ، بەزىدە زىيان تارتىدۇ. ئاخىردا پايدىسى قايسى، زىيىنى قانچىلىك، بۇنى ھېسابلايدىغان ئادەم چىقماي قالامدۇ؟ ۋاي بېشىم ... بايا ئەرتېكىن ئېيتقاندەك، كۆپچىلىكنىڭ ئىچىدە خاتا بولدى، دېمىدىم. پەقەت ئۇ كىشىنىڭ قۇلىقىغا كىرىلىپ: ھىيلە ئىشلەتمە، ئەيىب بولىدۇ. بۇ يەردە ھەمـمەيـلەن بىر - بىرىمىزگە بۇرادەر، دېدىم. بۇ گەپنى بىكارلا دەپتىمەن. بەلكىم، ئاۋازىممۇ قاتتىقراق چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك، ياخشى ئەسلىيەلمەيمەن. پەقەت ئۇنىڭ خۇددى يىلان چېقىۋالغاندەك ئورۇندۇقتىن چاچراپ تۇرغىنىنى ۋە يۇزۇمدىن يۇزۇمگە: «نېمە دېمەكچىسەن؟ يوقال كۆزۈمدىن!» دەپ ۋارقىرىغىنىنى بىلىمەن، بىر دەمدىلا پۈتۈن ئۇستەللەر دەسسەپ چەيلەندى. ھەمـمەيـلەن بىر - بىرىدىن سورىشاتتى ۋە بىر - بىرىگە يالغان - ياۋىداق بىر نېمىلەرنى ئۇقتۇرۇشاتتى. بەزىلەر: «سۆرەييا ھىيلە ئىشلىتىپتىكەن، جەۋات كۆرۈپ قاپتۇ ۋە ئۇنداق قىلما، دەپ قولىغا ئۇرۇپتۇ» دېسە، بەزىلەر: «ئۇنداق ئەمەس، بۇرادەر، جەۋات ئويۇنغا قېتىلاي دەپتىكەن، سۆرەييا ئۇنىماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئويۇن بۇزۇلۇپتۇ» دېيىشتى. ھەممەيلەننىڭ ئەلپازى مانا شۇنداق ئىدى. «بىزنىڭ ئۇستىلىمىزگە كەلگەن بولسا، تونۇگۇن ئاخشامدىن بىرى ئويناپ ھېرىپ كەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن، بىزمۇ قوبۇل قىلمايتتۇق» دېگەنلەرمۇ بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەممەيلەندە ماڭا قارىتا بىر خىل سوغۇق مۇئامىلە پەيدا بولدى. قايسىسىنىڭلا يېنىغا بېرىپ ئولتۇرسام مەندىن قارىتا يوشۇرىدىغان، يىرگىنىدىغان، ھومىيىشىدىغان بولدى. بىردىن ئاچچىقىم كەلدى - دە، ئورنۇمدىن سەكرەپ

تۇردۇم ...

نەسرىن خانىم ئېرىنىڭ ئەھۋالىدىن چۆچۈدى، ئۇ جەۋات بەگ سۆزلەپ بېرىۋاتقاندا خۇددى بۇ ئىشلارنىڭ ئۇستىدە تۇرغاندەك، تاياق ئۆزىنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىگە تېگىۋاتقاندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ھەرخىل ھەرىكەتلەرنى قىلاتتى. ئۇ تۈۋەنگە قاراپ:

— ئورۇن تەييار بولدى. ئەپكىلىڭلار! — دەپ توۋلىدى.

ئۇنىڭ سۆزىگە ھېچكىم قۇلاق سالمىدى.

— قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيدۇڭ، ئاپا! — دېدى مەتىن.

— ۋەقەنىڭ مۇھىم يېرىگە كەلدۇق، ئاپا... — دېدى گۇلچىن.

بۇنى ئاز دېگەندەك، خان ئانىمۇ ئۇنى تۈۋەنگە چۈشۈشكە چاقىردى:

— كېلىڭ، ئېرىڭىزنىڭ بېشىغا كەلگەنلەرنى سىزمۇ ئاڭلاڭ!

نەسرىن خانىم بۇلارغا چىچىلغىنىچە: «تولا ئاڭلاپ زېرىكىپ كەتكەنمەن» دەپ ئىشىكنى ئېچىپ، ھۇجرىسىغا ماڭدى ۋە: «خوپ بوپتۇ، تويسۇن» دېدى. ئەسلىدە ئۇ، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا ئارىلاشمايمەن، ھېچقانداق نەرسىگە يېقىن كەلمەيمەن، دېگەنىدى. مۇساۋەت خانىمنىڭ: «مەن قېيىنانىلىق قىلمىدىمغۇ، خۇدا كۆرۈپ تۇرۇپتۇ!» دېگىنىنى ئاڭلىسا، بەلكىم ئاچچىقىدىن يېنىپ ھۇجرىسىدىن چىققان بولاتتى. ھالبۇكى، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن، كۆلۈبتا مېڭىسى قىزىغان ئېرىدەك، ئۇنىڭمۇ ئاچچىقى تۇتتى.

نەسرىن ئاچچىقىدىن يانمىدى. ھەممىيلەن ئۆزىنىڭ پىكرىدىن يانمىغان يەردە، ئۇ يانسۇنمۇ؟ ئۇ، دوختۇرنىڭ كېلىشى زۆرۈر ئىدى، دەپ قارايتتى. تۈۋەندىكىلەرگە سەزدۈرمەستىن ئوتتۇرا قەۋەت پەلەمپەيىنىڭ سەيناسىدا مېڭىپ باقتى، كېيىن داچىنىڭ كەينىدىكى ئېھتىيات شوتىسىدىن تۈۋەنگە چۈشۈپ، يوشۇرۇنچە

دوختۇر تەھسىن رىفاتنى چاقىرىش قارارىغا كەلدى، شۇنىڭدەك بوۋاي ئەخمەت ئاشىق بەگنىڭ ئۆيىگە يولۇقۇپ، ئۇنىڭغا ئەھۋالنى خەۋەر قىلىپ قويۇشنى، بەلكى بۇ ئادەم توخۇ ۋەقەسىدىن ئەنسىرەپ ئۆزى كېلىپ قالار، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

ئۇ دەل بۇ ئادەمنى ئويلاپ تۇرغىنىدا، ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلاپ، ئەخمەت ئاشىق بەگ بوسۇغىدا كۆرۈندى. تۆۋەندىن: «ھە كېلىڭ، مەرھەمەت، ئەخمەق ئاشىق بەگ، خۇش كەپسىز» دېگەن قېينانىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇلار ئىككىسى بىر-بىرىگە بەكمۇ ئامراق ئىدى. مۇساۋەت خانىم ئەخمەت ئاشىق بەگ بىلەن ھەر ھالدا مەرھۇم ئېرى خەيرى پاشا بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن كۈنلەرنى، كونا زامانلارنى ئەسلىشەتتى. دەرۋەقە، ئۇلارنىڭ بۇ-نىڭدىن كېيىنكى كۆرىدىغان كۈنلىرىمۇ ئۈزۈن قالمىغانىدى.

نەسرىن خانىم قولىغا كەلگەن بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلدى. ھەممەيلەن ئەخمەت ئاشىق بەگ بىلەن بولۇپ كەتكەن چاغدا، ئۇ ھېچكىمگە كۆرۈنمەي، ئارقىدىكى ئېھتىيات شوتىسىدىن باغچىغا چۈشۈپ، ئىتتىك دوختۇر تەھسىن رىفاتنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. دوختۇرنىڭ ئۆيى ئانچە يىراق ئەمەس، مۇشۇ كوچىنىڭ ئىچىدە ئىدى.

جەۋات بەگنى تېڭىقلار ئىچىدە كۆرگەن ئەخمەت ئاشىق بەگ ئىختىيارسىز ئەپسۇسلاندى:

— ۋاي كۆزۈمنىڭ يورۇقى ئەپەندى، نېمە بولدىڭىز؟

— دادامنى مۇتتەھەم قېچىرلار تېپىپتۇ، تاغا، — دېدى مەتىن ئېڭىكىنى سىلاپ.

— چاقچاق قىلماي راستىنى ئېيتىڭلار!

— بەزى ئادەملەر قېچىرغا ئوخشايدۇ، تاغا، ئۇلار بەك تېپىدۇ! — دېدى ئەرتېكىن.

خان ئانا ئۆز-ئۆزىگە دېدى:

— خۇدا ئىنسانلارغا ھەر قانداق ئىشىڭلارنى ئۇقتۇرۇڭلار دەپ تىل بەرگەن، ھايۋانلارغا بولسا تىلنىڭ ئورنىغا قاچىسۇن، تۇتسۇن

دەپ تۆت پوت بەرگەن.
گۇلچىن دادىسىنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى ئەخمەت ئاشىق بەگكە قىسقىچە ئۇقتۇردى.
— يائاللا، خۇدا ساقلاپتۇ! ئەپسۇس، بەك يامان بوپتۇ! — دېگەن هالدا دىققەت قىلىپ ئاڭلىدى ئەخمەت ئاشىق بەگ.
مەتىن بىلەن ئەرتېكىن ۋەقەدىن قانداق خەۋەر تاپقانلىقىنى مۇنداق بايان قىلدى:
— بوستانچىدا تاكسىدىن چۈشكىنىمىزدە دادامنىڭ يېقىن دوستلىرىدىن بىرى شاكىر باي تاغا بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق. بۇ ئادەم هاسىراپ - هۆمىدەپ كېلىۋېتىپتىكەن.
جەۋات بەگ تۈزىتىش بەردى:
— مېنى غالجىرلارنىڭ قولىغا تاشلاپ بېرىشتىن ئىلگىرى، مەن ئۇنى بەك يېقىن دوستۇم، دەپ بىلەتتىم.
— قانداقلا بولسۇن، ساقچى چاقىرغىلى چىقىپتىكەن، بىزنى كۆرۈپ بىر ئاز خىجالەت بولدىمۇ: «دەرهال كۇلۇبقا يۈگۈرۈڭلار، داداڭنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان بولدى، مەتىن!» دېيىشكە ياردى. يۈر مەتىن، يۈر ئەرتېكىن، دېيىشىپ يۈگۈرۈپ كۇلۇبقا بارساق، دادامنى هېلىقى تۈلۈمدەك سېمىز، يوغان قورساق دەسسەپ - چەيلەپ خېمىر قىلغىلى تۇرۇپتۇ.
جەۋات بەگ يەنە تۈزىتىش بەردى:
— مەنمۇ بىرىنى مۇشتلىغانىدىم، ئۇنى دېمىدىڭلارغۇ!
— نۆۋەت كەلمىدى، تاغا.
— نۆۋەت كەلمىدى، دادا، قىيامەت بولۇپ كېتىپتىكەن.
گۇلچىن گەپنى بۆلىۋەتتى:
— ۋاي جېنىم دادا، نېمە بولسام بولاي دەپ تىلىڭىزنى تارتماي، ئۇلارغا نېمىلەرنى دەۋەتتىڭىز تېخى!
جەۋات بەگ ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبىنى ئىشارەت بىلەن چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتى:
— پۈتۈن تونۇشلارنىڭ ئەيىبلىرىنى يۈزلىرىگە سېلىپ، ساخ-

تىلىقلىرىنى پاش قىلغىنىمدا ... ئۇلار غالجىرلاشتى ...
جەۋات بەگ بىر هازا «ۋاي بېشىم ...» دېگەندىن باشقا نەرسە دېيەلمەي، كۆزلىرىنى يۇمغان هالدا بېشىنى ئاستا لىڭشىتتى، هەممەيلەن ئۇنىڭ بېشىدا قاراپ تۇراتتى. كېيىن ئۇ كۆزلىرىنى ئاچتى، كۆزلىرىدە قورقۇش ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تۇرغان يېرىنىڭ قەيەرلىكىنى پەم قىلغاندەك بىر ئاز جىم تۇرۇۋالدى، كېيىن هېلىقى قورقۇشلىرىمۇ ئۆتۈپ كەتكەندەك بولدى.
جەۋات بەگ يەنە سۆزلەشكە باشلىدى، لېكىن دەسلەپتىكىدەك ماختىنىپ مەغرۇرلانمىدى، ئېڭەكلىرى بولسا ئارانلا مىدىرلايتتى، كالپۇكلىرى تىترەپ تۇراتتى.
— دۇكارچى سودىگەر سۇرەييانىڭ يېنىدىن هۆددىگەر سودىگەر ئىسكەندەرنىڭ يېنىغا ئۆتمەكچى بولدۇم. ئۇ ئادەم تەكەببۇر، سەت بىر ئادەم ئىدى. مەن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇرۇشۇمغا بىر ئالايماسمۇ، مەندىن باشقا ئادەم بولسا غەزىپىنى باسالمايتتى، مەنمۇ چىدىمىدىم: «ئىزا تارتماي هاكاۋۇرلۇق قىلىۋاتامسەن؟ سېنىڭ پاراۋۇز ئېلىش ئىشىدا قانداق هارامزادىلىك قىلغىنىڭنى بۇ يەردىكىلەر بىلمىسە، مەن بىلىمەن. بۇ كۇلۇب ئەمەس، جاجاڭنى بېرىدىغان جاي!» دەپ ۋارقىرىدىم، يەنە: «خۇدا هەققىدە شاهىتمەن، بۇرادەرلەر، سۆزلىرىمنى هۆججەتلەر بىلەن ئىسپاتلاشقا تەييارمەن، چىقىرىۋېتىڭلار بۇ ئەبلەخنى! كۇلۇبقا بۇنداق ئادەمنى ئېلىش نەيرەڭۋازنىڭ نەيرىڭىگە ئورتاق بولغانلىق» دېدىم.
— ياشاپ كەت، ئارسلاننىڭ ئارسلانى، دادا! — دېدى مەتىن.
— شۇنىڭدىن كېيىن ئۇچىنچىسىگە، شىركەتتىكى تونۇشۇم هۆددىگەر سودىگەر كازىم تاغدەلەنىڭ يېنىغا باردىم. «سەندىن ئالغان پۇتۇن كونسېرۋالار بۇزۇق چىقتى. نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟ چۈنكى، ئاغزى مەهكەم كەپشەرلەنمىگەنلىكتىن ئىچىگە هاۋا كىرىپ كەتكەن. سوتنىڭ چاڭگىلىدىن ياقاڭنى ئاران قۇتۇلدۇرغىنىڭ، ئەمدى بۇ كۇلۇبقا كېلىپ ئويۇن ئويناشقا نومۇس قىلماي-

سەن؟ ئادەمگە يۈز كېرەكقۇ بۈرادەر! » دەپ تەگىدىم. شۇ ئاندا
يەنە بىر ئۈستەلدە كۆزۈمگە كۆكتات سودىگىرى خېلىل ئۈرقاچ
چېلىقتى. مەن ئۈنىڭ كۆزلىرىگە قارا - قارىماستىن، ئۇ ئۈستەلـ
نىڭ ئاستىغا مۆكۈۋالماقچى بولغانىدى، «ئۈياققا چىق! ئۈستەلـ
نىڭ تېگىگە كىرىپ نېمە قىلماقچىدىڭ، تىلىمدىن قۈتۈلالامـ
سەن؟ » دېدىم. باشقۇرغۇچى ئارىلىشىپ: «بولدى، جەۋات بەگ،
بولدى، ئەپەندى بۇ گەپلەرنى قىلماي قويۇڭ، بۇ يەر پاش قىلىش
ئورنى ئەمەس، ئۆز ئورنىڭىزدا ئولتۇرۇڭ، ھەممەيلەننى بىئارام
قىلىۋاتىسىز! » دېيىشكە باشلىغاندا، مەن ئۈنىڭغا قاراپ: «ئەلۋەتـ
تە ھەممىڭلار بىر، ھاجى ھاجىنى مەككىدە، دەرۋىش دەرۋىشنى
تەككىدە[1]تاپار» دەپ تېگىشلىك جاۋابنى بەردىم ۋە، «مەن پەقەت
ئۆلگەندىلا سۆزلىمەيمەن» دەپ ۋارقىرىدىم. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا
قۇلىقىمنىڭ تۈۋىگە بىر مۇشت تەگدى. ئۆزۈمنى يەردە كۆردۇم.
«پېشانىسىگە پۈتۈلگىنى شۇ! » ، «كىمنىڭ ئۈستىدىن ئەرزى بولـ
سا سوتقا بارسۇن، قويۇپ بېرەيلى، ئىچىدىكى دەردلەرنى تۆكۈۋالـ
سۇن» ، «دوست دەپ باغرىمىزغا بېسىپتۇق، ھالبۇكى، يىلان
ئىكەن! » ، «ئەبلەخنىڭ بالىسى ئۆزىنى سوراقچى دەپ ئويلامدىـ
كىن؟ تازا سېلىڭلار، ئېڭەكلىرىنى ئۈچۈرۈۋېتىڭلار! » دېيىشتى
ئۇلار چۇقان - سۈرەن سېلىشىپ. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە ھېچ نەرسە
كۆرۈنمىدى، قىلغۇلۇقنى قىلىۋالدى. ياراتقان خۇدادىنمۇ قورقمىـ
دى. مەنمۇ چامامنىڭ يېتىشىچە ئۇلارغا يالۋۇرۇپ «بۈرادەرلەر،
گېپىمنى ئاڭلاڭلار، گېپىمنى ئاڭلاڭلار! » دەپ ۋارقىراپ
باقتىم... دادىسىنىڭ سۆزىنى تارتىۋالغان مەتىن بۇنىڭغا مۇنۇ بېـ
يىت بىلەن جاۋاب قايتۇردى:

— ئىسمائىل ھەققى، شويلىنى كۆردى، شويلا قىزىق ئىدى،
ئېغىزى كۆيدى!

خان ئانا بىمسىللا دەپ سۆز باشلىدى:

— بۇ ئىشقۇ ھېسابتا يوق ئىدى، شۇنداق بولسىمۇ ئەتىلا قوي

---

[1] خانىقا.

سويۇپ نەزىر قىلىۋېتەيلى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئىش پۈتۈنلەي ئىزىدىن چىقتى. ياشلار — مەتىن، گۈلچىن ۋە ئەرتېكىنلەر گەپنى ئىلىپ قاچتى.

— ئالجىغان خان ئانام قوي سويۇپ نەزىر قىلغۇدەك.

گۈلچىن بىلەن ئەرتېكىن «شۇنداقمۇ» دېگەندەك قىلىپ «هوي ... هوي ...» دېيىشىپ قويدى.

خان ئانا:

— بۇ نەزىرنى كېپەنلىكىمگە ئاتاپ قويغان پۇل بىلەن قىلىمەن، — دېدى.

مەتىن:

— مېنىڭ تونتۇنۇم، كېپەنلىكىگە ئاتاپ قويغان پۇلى بىلەن نەزىر قىلغۇدەك، شۇنداقمۇ؟ — دېدى.

— شۇنداقمۇ! — دېدى ئاھ ئۇرۇپ گۈلچىن.

— شۇنداقمۇ! — دېدى ئاھ ئۇرۇپ ئەرتېكىن.

— هېچبولمىغاندا بىر خوراز ... — دېدى خان ئانا.

— هېچبولمىغاندا بىر خورازمىش، — دېدى مەتىن.

— شۇنداقمۇ! — دېدى ئاھ ئۇرۇپ ئەرتېكىن.

— خوراز ياكى مېكىيانمىش.

— مومام نەزىر قىلارمىش!

— هېچبولمىسا بىر خورازمىش.

— خوراز بۇ ئۆيگە ياراشماس.

— مېكىيان تېخىمۇ بولماس.

ئۇلار شۇنداق دېيىشىپ، قوللىرىنى كەلتۈرۈپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى:

ئاي لاۋيۇ[1] جان دادا،
ئاي لاۋ يۇ.
ئاي لاۋ يۇ چوڭ ئانا،

---

[1] ئىنگلىزچە سۆز بولۇپ، «سېنى ياخشى كۆرىمەن» دېگەن مەنىدە.

ئاي لاۋ يۇ.
دادىمىزغا ئۇۋاللىق،
بولۇپتۇ تولا.

دەل شۇ چاندا نەسرىن خانىم بىلەن تەھسىن رىفات بەگ بۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭنىڭ ئۇستىگە كېلىپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى. باللار ھەقىقەتەن ئايلىنىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى.

نەسرىن خانىم:

— ۋاي خۇدايىمەي، مەزھەر ئوسمان بەگ قېنى ① سىز؟ بۇلارغا قارىسىڭىزچۇ! — دەپ ۋارقىرىدى، — قاراڭا، بۇ ساراڭلار بۇ يەرنى روھىي كېسەلخانىغا ئايلاندۇرۇشۇپتۇ!

مەتىن بىلەن گۇلچىن ئاپىسىنىڭ كەلگىنىنى تۇيماي قالغاندى، تۇيغان بولسىمۇ ئېتىبار قىلماي، دېكلاماتسىيىسىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى.

ئەرتېكىنمۇ ئۇلارغا قوشۇلدى. ئۇچ شائىرنىڭ ھەر بىرى نۆۋەت بىلەن بىر مىسرادىن ئېيتىپ چىقىشتى:

— بىر پارتلاتقۇچى دورا توڭى بۇ.
— گاھ پارتلايدۇ، گاھ پارتلىمايدۇ.
— لېكىن شۇنداق بىر ئىللەتكى ئۇ.
— مېكىيان يېمىگەن بىلمەيدۇ.
— خوراز يېمىگەن بىلمەيدۇ.
— چۇجە يېمىگەن بىلمەيدۇ.

ئۇلار شۇنداق دېيىشىپ، قوللىرىنى تۇتۇشۇپ نەسرىن خانىمنى ئارىغا ئالدى، ئاندىن چۆرگىلىشىپ يەنە ئېيتىشقا باشلىدى:

— ھەقىقەتەن ھازىر تورۇستا ساقلاقلىق.
— يالغانچىلىق ھەممىدىن تاتلىق.

---

① پروفېسسور دوختۇر مەزھەر ئوسمان ئۆز زامانىدا ئىنتايىن مەشھۇر نېرۋا ۋە روھىي كېسەللىكلىرى مۇتەخەسسىسى بولۇپ، ھايات ۋاقتىدا «ھەركىم بىر تەلۋە» دېگەن، ئەقىللىق بىلەن ساراڭلىق ئوتتۇرىسىغا ۋاستە سېلىشقا تىرىشقان.

— ماروژنا ئىككى نانغا ئوراقلىق.
— باشلىقىمىز مايمۇن سۇرەتلىك.
— گەپ قىلىسىلا دەر: ئىسمائىل ھەققى.
— بەر، كەتسۇن ئاتا سۆز ھەققى.
— مەجنۇنلار، بىشىمنى قايدۇرۇشتۇڭ، ئولتۇرۇش! — دېدى نەسرىن خانىم.
— جىم تۇرۇش! — دېدى جەۋات بەگ.
— توختىتىش! — دېدى خان ئانا.
ئۇلار نەسرىن خانىمنىڭ ئەتراپىنى بىر ئايلىنىپ مەسخىرىلىك سۆزلىرىنى مۇنداق ئاياغلاشتۇردى:
— قىرى مېكىيان يېيىلمىگەن ئۆيدە.
— ھەممە نەرسە گۇل ـ گۇلىگە.
— قاراپ بىقىڭلار، يېيىلگەن ئۆيگە،
— ئوخشاپ قالدى ئۇ نىمىگە؟
ئالدى بىلەن نەسرىن خانىم، كەينىدىن جەۋات بەگ: «خۇدا- يىم سىلەرگە ئەقىل ـ ئىدراك بەرسۇن» دېگەندە، ياشلار باشقا پەدىگە كۆچتى:
— ئەقىل دېگەن نىمە، ئاپا؟
— ئىدراك دېگەن نىمە، دادا؟
— بېرىڭلار ئۇنىڭدىن يۈز تەڭگىلىك!
— جېنىم دادا، يۈز تەڭگىلىك! — دېدى مەتىن.
— جېنىم ئاپا، يۈز تەڭگىلىك! — دېدى گۇلچىن.
ئەرتېكىن بېشىم ئاۋازى بىلەن ئارىنى چاك كەلتۇردى:
— جان تاغا، يۈز تەڭگىلىك!
— جان ھەدە، يۈز تەڭگىلىك!
ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ توختىغاندا، جەۋات بەگ دوختۇر تەھسىن رىفاتقا قارىدى:
— سىز يەنە كەپسىز ـ دە؟
ياشلارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭى دوختۇرنى خېلىلا ھەيران قال-

دۇرغانندى، لېكىن بۇ سوئال ئۇنىڭدىكى ئەيمىنىشنى تۇگەتتى:
— ھەئە، نەسرىن خانىم چاقىرىۋىدى.
— بىز دوختۇر كەلسۇن دېمىگەنتۇققۇ...
— خەۋىرىم بار، لېكىن ئايالىڭىز باشلاپ كەلدى.
— ئايالىم مېنىڭ نامىمدا دوختۇر چاقىرالمايدۇ.
— چاقىرىدۇ، ئەپەندى، تۇرقىڭىزغا قارىغاندا، ئېغىر يارىلىنىپسىز. بۇ ئەھۋالدا دوختۇر ياردىمى ساقىيىشنى خالامسىز، دەپ ئولتۇرمايدۇ، دەرھال ياردىمىنى داۋالاشقا تىرىشىدۇ. دوختۇرلۇق — ئۇنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ۋەزىپىسى.
گۇلچىن دادىسىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇردى:
— ماقۇل دەڭ، دوختۇر ئەپەندى سىزنى تەكشۈرۈپ باقسۇن، دادا.
— شۇنداق، جەۋات، شۇنداق، ئوغلۇم! — دېدى خان ئانا.
جەۋات بەگدىن سادا چىقمىدى. كەچتە قاتتىق گەپلەر بىلەن ئازار بېرىلىپ دەرۋازىدىن چىقىرىۋېتىلگەن ئادەمنىڭ ئۆزىنى تەكشۈرۈشكە يۈزى چىدامدۇ؟ بۇ مۇمكىنمۇ؟
— سىز ئۇنىڭ سۆزىگە قارىماڭ، دوختۇر، ئىنسانپەرۋەرلىك تېخى تۈگىمىدى، ۋەزىپىڭىزنى بېجىرىڭ، — دېدى نەسرىن خانىم.
— خوپ، — دېدى تەھسىن رىفات بەگ.
دوختۇر دورا سومكىسىنى ئېچىپ ئىچىدىن رېزىنكە شىلانكىلىق بىر تىڭشىغۇچنى ئېلىپ، ئۇنىڭ كۆكسى، دۈمبىسى قاتارلىق ئورۇنلىرىنى تىڭشاپ كۆرۈ ۋە ئۇچى كاۋچۇكلۇق كىچىك بىر بولقىسىمان سايماننى ئېلىپ، تىز ۋە قوللىرىغا ئۇرۇپ سېزىمىنى سىناپ باقتى، ئاندىن بۇ سايمانلارنىڭ يېنىغا بىر شىشە ئەتىر، بىر شېشە يود، پاختا، داكىلارنى تىزىپ قويدى. ئۇ گويا جەۋات بەگنىڭ بۇ نەرسىلەرگە ئىنكاسىنى بىلمەكچى بولغاندەك كۆرۈنەتتى.
— قاراڭا، — دېدى نەسرىن خانىم، — يۈز - كۆزلىرى

قىزىق ياغدا كۆپكەن قۇيماقتەك تونۇغۇسىز بولۇپ كېتىپتۇ.
— شۇنداق، — دېدى جەۋات بەگ، — مېڭەم چاچراپ چىقىپ كەتتىمۇ، كاللام ئۇزۇلۇپ كەتتىمۇ، بىلمەي قالدىم. بۇ يارا - جاراھەتلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆزۈمنى خېلى ياخشى ھېس قىلىۋاتىمەن.
مەتىن سۆز قىستۇردى:
— بۇ سىزنىڭ قەھرىمانلارچە گۇمانخورلۇقىڭىز، جېنىم دادا!
— قەھرىمانلارنىڭ بىرى بۇگۈن ئاپام بولدى، — دېدى گۈلچىن، — خەيرىيە خانىمنىمۇ باش ئەگدۈردى، باش مۇدىرنىمۇ يەرنىڭ تېگىگە كىرگۈزىۋەتتى.
— نېمە؟ — شۇئان چەكچەيدى جەۋات بەگ. ئەمدى ئۇنىڭ قورقۇنچىسى بېشىغا چىقىپ قالغانمۇ، بۇ بىر چەكچىيىش چىرايىنىڭ قايغۇلۇق پۇرۇلۇشىگە سەۋەب بولدى.
— ۋايجان! — ئۇ ۋايىۋايلاپ يەنە ئۆزىنى ساپاغا تاشلىدى، — باش مۇدىرغا ھەممىنى ئېيتتىڭمۇ نېمە، خانىم؟
— قاراپ تۇراتتىممۇ، دېدىم ئەلۋەتتە.
— بۇلبۇلدەك سايراپ كەتكەنسەن؟
— سايرىدىم.
— ئۆزۈڭنى بىر ئاز تۇتۇۋالساڭ بولمامدۇ؟
— ھە، سىز كۇلۇبتا نېمە ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى تۇتالماي بۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىڭىز؟
جەۋات بەگ: «ئاھ، ئاشۇ قېرى مېكىيان!» دەپ باشلىرىنى مۇشتلىماقچى بولغانىدى، بىراق ئۇڭ قولى ئېسقلىق بولغاچقا مىدىرلىتالمىدى. دوختۇر ئۇنىڭدىن سورىدى:
— ھەممىدىن بەكرەك قەيىرىڭىز ئاغرىيدۇ؟
— لېپىكىم، قوۋۋۇرغىلىرىم، بېلىم ··· — دېدى جەۋات بەگ.
ئائىلە دوختۇرى ئۇنىڭ دېگەن يەرلىرىنى ئېھتىيات بىلەن

تەكشۈرگەچ سوردى:
— بۇ يەرنىڭىز قانداق؟ ماۋۇ يەرنىڭىزچۇ؟
جەۋات بەگ دوختۇر قەيەرنى تۇتسا ۋايۋايلايتتى:
— ۋاي ... ئاغرىپ كەتتى، سىرقىراپ ئاغرىۋاتىدۇ.
ئەتراپتىكىلەر خۇددى ھېچنېمىنى بىلمەيۋاتقاندەك، ھېچنېمە-نى كۆرمەيۋاتقاندەك:
— بىزنىڭ باتۇر دادىمىز ئەلگەكتە تاسقىلىۋاتىدۇ! — دېدى مەتىن.
— ئاغزىڭنى يۇمساڭچۇ!
مەتىن كۈلدى:
— سىلەردەك بەسلىشىپ سايرايدىغان تاتلىق بۇلبۇللار ئىچىدە بىزدەك قاغىنىڭ ئاۋازىغا چىدىمىغان بولساڭلار، ئاغزىمنى يۇماي، ئاپا.
شۇ چاغدا ئەخمەت ئاشىق بەگ قولىنى پېشانىسىگە ئۇردى.
— ۋاي، مەن نېمىگە كەلگەندىمەن؟

## 10

— راست تاغا، — دېدى گۈلچىن، — ئۆزىمىزنى شۇ قەدەر يوقىتىپتۇقكى، سىزنىڭ كەلگىنىڭىزنى ئۇنتۇپلا كېتىپتۇق.
مۇساۋەت خانىم تىزلىرىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىغا باردى.
— ئۇنتۇمىدۇق، ئۇنتۇمىدۇق! — نەسرىن خانىم كۈيئوغلىغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ سورىدى، — سىز بۈگۈن كېچە قانچە قېتىم سىرتقا چىقتىڭىز، سەلىم؟
— زادى چىقمىدىم، ئاپا، — دەپ جاۋاب قايتۇردى سەلىم.
— قانداقچە چىقماي قالدىڭىز؟
— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن.
گۈلچىن يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ قويدى:

— ئۇنداقتا مېكىيان ھەزرەتلىرىنىڭ سىزنى قويۇۋەتكۈسى يوق ئوخشايدۇ. ئۇ ھەممىمىزدىن ۋاز كېچىپ، سىزنىڭ پېشىڭىزگە يېپىشىپتۇ ـ دە!

سەلىم بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئاۋاز بىلەن دېدى:

— ھېچ بىلمىدىم.

قوللىرىنى تىزلىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئالدىغا ئېڭىشكەن خان ئانا نەۋرە كۈيئوغلىغا قاراپ، چاقچاق قىلغان قىياپەتتە دېدى:

— ئوغلۇم، كۆرۈۋاتامسەن، ھەممە ئىش ئاشكارا بولدى، ھېچكىمدە ـ ھېچكىمنىڭ قېپقالمىدى. سەن مۇشۇ ئائىلىنىڭ ئادىمى. ئەمدى ئېيتقىنا، تويىنىڭ ئالدىنقى كېچىسى بۇ يەرگە باشلاپ كەلگەن دوستلىرىڭ — رەسسام بىلەن ماشىنىچى قانداق كىشىلەر ئىدى؟

سەلىم ئوڭايسىزلانغان بولسىمۇ، زۇۋان سۈرمەي بولمىدى:

— ئۇلار ئەسلىدە ئوغرى، بۇلاڭچى ئىدى، خان ئانا.

— ئىش تامام، — خان ئانا يەنە بىر ئاز ئالدىغا ئېگىلدى، — ئۆزۈڭمۇ ئۇلارنىڭ شېرىكىغۇ دەيمەن؟

دالاندا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ھەممەيلەن بىر ـ بىرىنى تىڭشاپ تۇراتتى.

سەلىم بىر قىزىرىپ، بىر تاتىراتتى، دېمىمۇ ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۇ دۇدۇقلاپ تۇرۇپ دېدى:

— شۇنداق.

— ئىش تامام.

— توي كېچىسى ئوغرىلىقنى ئەپچىللىك بىلەن ئورۇندىدىڭلار. بىرىڭلار چىراغنى ئۆچۈرۈپ ـ ياندۇرۇپ بەردىڭلار، يەنە بىرىڭلار سومكىلارنى جايلىدىڭلار، ئۈچىنچىڭلار بولسا سومكىلارنى بوشىتىپ كۆلگە ئاتتىڭلار، توغرىمۇ؟

— ھىم ... توغرا، لېكىن ... — دەپ كېكەچلىدى سەلىم، — مەن ئۇ كىچە گۈلچىنىنىڭ يېنىدىن ھېچ يەرگە بارمىدىم. شۇنداق ـ ھە، گۈلچىن؟ ئېيتىڭا، سىزنى تاشلاپ كەتكەن

ۋاقتىم بولدىمۇ؟
— توغرا، تاشلاپ كەتمىدىڭىز.
— بۇ گېپىڭىز ھېچنېمىگە سەۋەب بولالمايدۇ، گۇناھنى يېنىكلىتەلمەيدۇ، — دېدى دوختۇر تەھسىن رىفات بەگ.
— سىز ئارىلاشماڭ.
— كەچۈرىسىز، ئارىلىشىمەن، — ئالدى بىلەن كۆزەينەكنى قولىغا ئالدى دوختۇر تەھسىن رىفات بەگ، كېيىن بۇرۇتىنى تولغاپ قويدى. ئۇنىڭدىن كېيىن كاستۇمىنىڭ قويۇن يانچۇقىدىن بىر سالاھىيەت كىنىشكىسىنى چىقىرىپ سەلىمنىڭ تۇمشۇقىغا تاقىدى، — ساۋاتىڭىز بارمۇ؟
— بار، ئەلۋەتتە.
— مەرھەمەت، بۇنى ئوقۇڭ!
سەلىم كېكەچلەپ ئوقۇدى!
— ساقچى ... ئىككىنچى ... ئىككىنچى شۆبە ...
— شۇنداق، ئىستانبۇل ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسىنىڭ ئىككىنچى شۆبىسىدىن تاھىر ئاباسىز، ئەمدى كېنىشكىنى يانچۇقۇمغا سالسام بولامدۇ؟
سەلىمنىڭ ھەيرانلىق ئىچىدىكى ئۇمىدسىز كۆزلىرى بۇ يەردىكىلەرنىڭ چىرايىدا ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدا، تاملاردا، ئۆينىڭ تورۇسلىرىدا كېزىپ يۈرەتتى. ئېنىقراقى، ئۇ ھېچكىمنىڭ چىرايىغا قارالمايتتى.
— ئۆزىڭىز تويلىشىۋاتقان قىزغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە مۇشۇنداق ئىشنى قىلىشقا ۋىجدانىڭىز قانداق چىدىدى؟
— مەن ... مەن ... ھېچ ئىش قىلمىدىم.
— قۇرۇق گېپىڭىزنى قويۇڭ، بىر ئازدىن كېيىن قاپالى چارشىدىكى زەرگەرچىلىك دۇكىنىڭىزدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەنسىرىمەڭ، بىللە بارىمىز. ئوغرىلانغان زىبۇ زىننەتلەرنىڭ ھېچبولمىغاندا يېرىمىدىن كۆپرەكى دۇكىنىڭىزدىن چىقىدىغانلىقىغا قول قويۇپ بېرىمەن. رۇخسەت قىلسىڭىز تېلېفونىڭىزنى

ئىشلىتىپ تۇراي، خان ئانا؟

— بولىدۇ، بالام، بولىدۇ، — دېدى خان ئانا، — مەرھەمەت، تېلېفوندا خالىغان يېرىڭىز بىلەن خالىغانچە سۆزلىشەلەيسىز. لېكىن، باغۋەن رەمىزنى قويۇۋېتىشنى ئېيتىشنى ئۇنتۇماڭ!

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇ ئەتە قايتىپ كېلىدۇ، — دەپ ۋەدە بەردى ساقچى.

— دادام، — دەپ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ئەرمىش، — دادامنى قويۇۋېتەمدىكەن؟

— داداڭنى قويۇپ بېرىدۇ، كالتە پاچاق.

— ئۇ چىقىپ، ئورنىغا سەلىم ئەنىشتە كىرەمدۇ؟

— ھەئە، ئۇنىڭ بىلەن ئىككى دوستىمۇ كىرىدۇ.

گۈلچىن ئىكاھلانغان يىگىتىنىڭ يېنىدىن يىراقلاپ، ئۇنىڭغا نەپرەتلىك كۆزلىرى بىلەن قاراپ قويدى.

— مەن بۇ تېڭىقلارنى ئېلىۋەتسەم بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى جەۋات بەگ.

— ئېلىۋەتسىڭىز بولىدۇ، ئەپەندى، — ساقچىدىن ئاۋۋال ئەخمەت ئاشىق بەگ جاۋاب قايتۇردى، — ئەمدى ئۇ نەرسىلەرنىڭ كېرىكى يوق.

جەۋات بەگ ئوڭ قولىنى ئاسقۇدىن چىقىرىۋېلىپ بارماقلىرىنى مىدىرلىتىپ كۆردى.

— مۇشۇنداق تۇرۇۋېرىپ كۆيۈشۈپ قېلىشىدىن قورققانىدىم.

شۇنداق قىلىپ، تېڭىق ۋە پاختىلارنى يېشىپ ئېلىۋېتىش نۆۋىتى كەلدى. جەۋات بەگنىڭ قول، ئاياغ بارماقلىرى ھېچ نەرسە بولمىغانىدى. تېڭىقتىن بوشىنىپ ئورنىدىن تۇرغاندا، ئۇ قاسراق تاشلىغان ھاشاراتقا ئوخشاپ قالدى.

— ئۇھ، دۇنيا ئامان ئىكەنغۇ! — دېدى جەۋات بەگ، — گۈلچىن، پاختىغا بىر ئاز ئەتىر تېمىتىپ ئەكىر، كۆزلىرىمدىكى كۆككە سۈرتۈپ قوياي!

ئۇنىڭ ئاتالمىش تاياق زەربىسىدىن زەخىملەنگەن كۆزىدىكى «كۆكلەر» ئەتىرگە چىلانغان پاختىلا بىلەن سۈرتۈپ چىقىرىۋېتىلدى.

بۇ ئىشلارنى ئوخشىمىغان ياكى چۈشىنەمۇ دەپ ھەيران بولغان سەلىم بېشى گاڭگىرىغان ھالدا نېمە قىلىشىنى بىلمەي تۇراتتى.

ساقچى تېلېفوندا قايسىدۇر بىر ئورۇن بىلەن سۆزلەشتى.

— ھەممە ئىش پۈتتى. جىنايەتكار مېنىڭ يېنىمدا، گۇناھىنى تونۇغاندەك قىلىدۇ. ئەپەندى، بىر ئازدىن كېيىن ماشىنا ئەۋەتىڭ-سە، ئۇنى ئىدارىگە ئېلىپ بارىمەن. ئەتە ئەتىگەندە دوكىنىغا بارىمىز، جىنايەتكە شېرىك دوستلىرىغا كەلسەك ... ھىم، ھە، ناھايىتى ياخشى بوپتۇ. دېمەك، تۇتۇلۇپتۇ ـ دە؟ بولىدۇ، ئەپەن-دى، كۈتىمەن ... ھېلىقى ياشانغان ئايالنىڭ ئىسمىمۇ؟

مۇساۋەت خانىم تىزلىرىغا تايىنىپ تېلېفوننىڭ ئالدىغا — ساقچىنىڭ يېنىغا باردى ـ دە:

— مۇساۋەت دەڭ، ئوغلۇم، مۇساۋەت، — دېدى.

— ئىسمى مۇساۋەت ئىكەن، ئەپەندى، — دېدى ساقچى تېلېفوندا.

مۇساۋەت خانىم ساقچىنىڭ كاستۇمىنىڭ يېڭىدىن تارتىپ:

— نەۋرىلىرىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئالجىغان خان ئانا ئىكەن، دېسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دەپ قوشۇپ قويدى.

ساقچى بۇ تەلەپنى دەرھال ئورۇنداپ قوشۇمچە قىلدى:

— نەۋرىلىرىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا ئىسمى ئالجىغان خان ئانا ئىكەن.

ساقچى تاھىر ئاباسىز تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويغاندىن كې-يىن خان ئانىغا قاراپ دېدى:

— باشلىقىمىز سىزگە ھۆرمەت بىلدۈردى ۋە تەشەككۇر ئېيتتى.

خان ئانا بېشىنى لىڭشىتتى:

— رەھمەت، مېنىڭ پۈتۈن مەقسىتىم مۇشۇ كالتە پاچاقنى

روهىي ئازابتىن قۇتقۇزۇش ئىدى. چۈنكى، بىرىمىز بىر ئايىغى گۆرگە ساڭگىلىغان، هاياتى ئاخىرلىشىپ قالغان قېرى، يەنە بىرى-مىز هاياتىنىڭ بوسۇغىسىغا ئەمدى قەدەم قويغان بىر گۆدەك، ئەمما بىز بىر - بىرىمىزنىڭ هالىغا يېتىدىغان ياخشى دوستلارمىز. بىر - بىرىمىزنى رەنجىتمەي ياشاپ كەلدۇق. شۇنداققۇ دەيمەن، كالتە پاچاق؟

— خان ئانا، مەن بۇلارنىڭ بىر ئويۇن ئىكەنلىكىنى بىلەتـ-تىم، — دېدى ئەرمىش، — هەم بۇ ئويۇننىڭ ئاخىرى نېمە بولار، دەپ قىزىققانىدىم.

نەسرىن خانىم ئۇنىڭ تىكەندەك يىرىكلىكتىن ئۆزگەرگەن يۇمشاق چاچلىرىنى سىلىدى:

— سەلىم ئەنىشتەڭدىن گۇمانلانغانمىدىڭ؟

— گۇمانلانغانىدىم.

— نېمە ئۈچۈن بىزگە ئېيتمىدىڭ؟

— ئېهتىيات قىلدىم.

— نېمە ئۈچۈن ئېهتىيات قىلدىڭ؟

— نەسرىن خانىم هەدە، سىز مېنى ئۆز يېنىڭىزغا ئالدىڭىز، كېيىن يەنە ئۆزىڭىز تەلەپ قىلىپ دادامنى ئەكەلدۈردىڭىز. گۈل-چىن هەدەم سەلىم ئەنىشتەمنى ياخشى كۆرىدىكەن، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشقا ماقۇل بولغانىكەن. ئەمدى مەن قوپۇپ، دادام ئوغرى ئەمەس، ئوغرى سەلىم ئەنىشتە بىلەن ئۇنىڭ دوستلىرى، دېسەم، ئاچچىقىڭىز كېلەمدۇ - كەلمەمدۇ؟ ئەلۋەتتە كېلىدۇ. شۇڭا، مەن بۇ گۇمانىمنى ئېيتمىغانىدىم. ئېيتقان بولسام، سىز ماڭا قايسى كۆزىڭىز بىلەن قارايتتىڭىز؟

— ساڭا هازىرغىچە قايسى كۆزۈم بىلەن قاراپ كەلگەن بولسام يەنە شۇ كۆزۈم بىلەن قارايتتىم.

ئەرمىش خاتالىقىنى ئەپۇ قىلغاندەك قولىنى پۇلاڭلاتتى:

— هەئە، شۇنداق بولسۇن!

— بۇ بالىنىڭ گېپىدە بىر مەنتىق بار، — دېدى

ساقچى، — خاتا گەپ قىلىپ قويغان بولسام ئۆزرە تىلەيمەن.
جەۋات بەگ تاغا ئەرمىشكە زوقلىنىپ قاراپ قوشۇمچە قىلدى:
— توغرا، توغرا دېدىڭىز. ئاپامنى ئويلىنىشقا، پىلان تۈزۈش-كە مەجبۇر قىلغانمۇ مۇشۇ بالا.
سەلىمىنىڭ تاقىر بېشىدا قىزىل داغلار كۆرۈندى. ئۇ خاپىلىق-تىنىمۇ ياكى يۈز بەرگەن كېلىشمەسلىكتىنمۇ، ئىشقىلىپ، ئوتتەك قىزىپ كەتكەن ئالىقىنى بىلەن بېشىنى سىلىدى:
— بىزنى تۈزاققا سەن چۈشۈردۈڭ، هالبۇكى، بۇ ئائىلىنىڭ ئويۇنچىسى سەن ئىكەنسەن.
— بىراق ئەڭ چوڭ ئويۇنچىسى سىز، ئەنىشتە، — دېدى مەتىن.
— سېنىڭ ئالدىڭدا يىپ ئېشەلمەيمەن.
— نېمە دېگىنىڭىز، بىز بەش - ئالتە كىشى بىر بولۇپ سىزگە ئاران تەڭ كېلەلىدۇق. ئىشلەپ تۇرغان زەرگەرچىلىك دۇكىنىڭىز بار تۇرۇقلۇق ۋە ئۆيىمىزگە كۆيئوغۇل بولۇپ كىرگەن تۇرۇقلۇق، توي كېچىسى كەلگەن مېھمانلارنىمۇ ئالا قوي-ماي بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش شەيتانىنىڭ ئەقلىگە كېلەمدۇ!
— بەزىلەرنىڭ كۆزى پۇلغا تويمايدۇ، دوستۇم — دېدى ئەرتېكىن.
— شۇنداق ئىكەن.
ئەندىشىلىك كۆزلىرى بىلەن ئۇ يەردىكىلەرنى ئايرىم - ئايرىم كۆزىتىپ چىققان سەلىمىنىڭ بىلگۈسى كېلىپ سورىدى:
— بۇ هىيلىگەر ئويۇن ھەقىقەتەن خان ئانىنىڭ كاللىسىدىن چىققانمىدۇ؟
— شۇنداق، ئوغرى ئەنىشتەم، — جاۋاب قايتۇردى مەتىن.
— بىراق، ئۇنى دۆت، ئالجىغان دەيتتىڭلارغۇ؟
— بۇنىڭ بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن!
گۈلچىن قوشۇمچە قىلدى:
— كەچۈرىسىز، سۆيۈملۈكۈم.

— مېنى سىلەر قېرى مېكىياننى زۇۋانغا كەلتۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن ئالداپسىلەر ـ دە؟
— سىزگە ئاچچىقىمىز بار، ئوغرى ئەنشتە.
— خوپ، قانداق ئويۇن ئىدى ئۇ؟
ئەخمەت ئاشىق بەگ قىسقا كۈلۈپ قويدى:
— ئەپەندى، پېقىر بۇرۇندىن تارتىپ تويلاردا، يىغىلىشلاردا سېھىرگەرلىك قىلاتتى. ئويۇنلىرىمىزنىڭ بىرى «قورسىقىدا گەپ قىلىش» ئىدى.
— دېمەك سېھىرگەر ئىكەنسىز ـ دە؟
— شۇنداق، ئەپەندى، چوڭ ئانىمىز بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپتىكەن، ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇپ، بىرەر نېمە ئېيتىپ بېرىشىمنى ئۆتۈندى، لەۋزىنى قايتۇرمىدىم. «ھەي مېنى كاتىكىمدە قىزىل تاجلىق خورىزىم بىلەن بىللە قويۇپ بەرمىگەن ئادەم ئىسمىلىك ھايۋانلار!» بۇ نېمىدېگەن چىرايلىق باشلىنىش ـ ھە، ئەپەندى؟
ئەڭ ياخشى ئويۇنلىرىدىن بىرىنى كۆرسەتكەن ئەخمەت ئاشىق بەگ خۇشاللىق بىلەن يەنە بىر قېتىم كۈلدى.
گۈلچىن، مەتىن، ئەرتېكىن ۋە خان ئانا ئۇنى ئورنىدىن تۇرۇپ ئالقىشلىدى.
بالىلارنىڭ دادىسى:
— ساقچى بەگ، سابىق كۆيئوغلۇم بىلەن پارىڭىمىزنى داۋاملاشتۇرۇشقا بولارمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— باشقا گەپ يوق، «جىپ» كەلگەندە كېتىمىز، شۇنىڭغىچە پاراڭلىشىۋېلىڭ.
— دەرۋازىدىن قوغلىۋېتىلگەن دوختۇر بەگنىڭ ئەسلىدە دوختۇر ئەمەسلىكىنى چۈشەندىم. ئەمدى مۇنۇ بىر نەرسىنى ئۇقۇۋالسام دەيمەن، — دېدى سەلىم، — ھېلىقى شېشىلەردىكى راست ئابدىمىلىك يېغى ئەمەسمىدى؟
— دەرۋەقە، جېنىمىزنى ئېلىپ جاڭگالدا قويدى ئەمەسمۇ، — دەپ ئىزاھلىدى مەتىن، — دورىخانا ـ پورىخانا دېگەنلەرگە

بارغىنىم يالغان. شىشىلەرگە گاز سۇيى قاچىلاپ، ئىچىگە بىر ئاز تۇز سېلىپ قويغانىدىم، بۇ ئىشنى ئارقىدىكى ئاشخانىدا تەييارلىدىم.

— ئون تۆت شىشە تۇرسا؟

— خېلى بۇرۇندىن ئاشخانىدا يىغىلىپ قالغان بوش شىشىلەر ئىدى.

— خوپ، ھېلىقى سانىتار ماشىنىسى بىلەن دوختۇرخانا خىز-مەتچىسى خۇرشىتچۇ؟

— قارا، ئوغلۇم، — دېدى جەۋات، — ئۇلار ئويۇننىڭ ھەقىقىي قاتناشقۇچىلىرى. ئۇلار ئويۇندا رول ئالمىغان بولسىمۇ، ۋەزىپىسى نېمە بولسا شۇنى ئورۇندىدى.

— لېكىن، ئۇ سىزنى ئېلىپ كېتەلەيتتى - دە!

— دادام ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بىر ئويۇن كۆرسەتتى، شۇڭا ئۇ دادامنى ئەكېتەلمىدى، — دېدى گۈلچىن.

— ساقچى بەگ، سىزچۇ؟

ساقچى تاھىر ئاباسىز قىسقا جاۋاب بەردى:

— سورايدىغىنىڭىزنى خۇماردىن چىققۇچە سورىۋېلىڭ، بىز بۇ كەسپتە نۆۋەتتى كەلگەندە ھەرخىل بوياقچىلىقلارنى قىلىمىز. ئەخلەتچى، ئەتكەسچى، ئىنژېنېر ۋە باشقا شەخس بولالايمىز.

— لېكىن، سىزدىن دوختۇر قىياپىتىگە كىرىۋېلىشنى كىم تەلەپ قىلدى؟

ساقچى تېرىكىپ غودۇڭشىدى:

— باشلىقىمىز بىلەن سۆزلەشكەن جەۋات بەگ تەلەپ قىلدى.

ھەربىر سوئالنىڭ جاۋابى سەلىمگە تاقىلىپ تۇردى. پۈتۈن ئائىلىنىڭ، بىر مەقسەت يولىدا بىر نىيەتكە كېلىپ رول ئالغان ھەربىر كىشىنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى جان دىلى بىلەن ئورۇندىشى تەبرىكلەشكە تېگىشلىك بىر مۇۋەپپەقىيەت ئىدى. بۇ سىرتتىن قارىغاندا كۈلكىلىك، شۇنىڭدەك ئىچىدىن يىغلاتقۇچى بىر ئويۇن ئىدى. چۈنكى، ئۇلار بۇ مەقسەتتە بىر - بىرى بىلەن ئېلىشىش،

ۋارقىرىشىش، ئۈيقۇسىز قېلىش، گىرىم قىلىش، چارچاش، تەر-لەشلەرنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزدى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ناھەق قولغا ئېلىنغان باغۋەن رەمزىنى، يەنى بىر سەھرالىق بىچارىنى تۈرمىدىن چىقىرىش، ئۇنىڭ نارەسىدە بالىسىنى خۇشال ھەم بەخت-لىك قىلىش ئۈچۈن ئىدى. چوپچوڭ كىشىلەرنىڭ بالىلارنىڭ قى-لىقلىرىنى قىلىشى ئەلۋەتتە كىشىنىڭ يىغلىغۇسىنى كەلتۈرەتتى.

سەلىمىنىڭ يىغلىغۇسى كەلگەن بولسا كېرەك، ئىككى بارمىقى بىلەن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى. بىراق، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنچە ئادەم ئىچىدە يىغلاش ئەيىب ـ دە! ئۇنىڭ ئۇستىگە، بۇنداق ئۇستا ئويۇنچى ئالدىدا ئۇمۇ ئۆزىگە تېگىشلىك رولنى ئوينى-شى كېرەك. بۇنداق بىر كوللېكتىپ ئالدىدا مەغلۇبىيىتىنى قوبۇل قىلىش — ئاقىلنىڭ ئىشى. ئۇ بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپ:

— يېڭىلدىم، — دېدى پەس ئاۋاز بىلەن، — مېنى يەڭدىڭ-لار. ھەيران بولۇشۇڭلار مۇمكىن، لېكىن بۇ مېنى خىجالەت قىلمايدۇ. سىلەر يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممىڭلار ھۆر-مەتكە لايىق كىشىلەرسىلەر. تۈرمىدە قەلەم تۇتۇشۇمغا نېسىپ بولسا، بۇ ۋەقەنى ھېكايە قىلىپ يېزىشقا تىرىشىمەن.

مەتىن ئىلھاملاندۇردى:

— ياخشى ئويلاپسىز، ئەنىشتە، لېكىن، ۋەزىپىلەر ئۈچۈن تەقسىم قىلىنغان دوللارغا ناھەقلىق قىلماڭ، جۇملىدىن مېنى بۇلاڭچىلىقتا بىر ئاز ماختىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

— راست، ئاپاڭنىڭ پۇلىنى مەجبۇر ئالغىنىڭ ئۈچۈن ماختى-ساممۇ بولىدۇ.

مەتىن ئۇڭ قولىنى يۇقىرى كۆتۈردى:

— ياق، ياق ... توختاڭ. ئانچە ئاشۇرۇۋېتىسىڭىزمۇ بولماي-دۇ. دادامدىن دورا پۇلى دەپ ئالغان پۇل دادامنىڭ ئۆزىدە، ئاپامنىڭ ئەينەك قاچىسىنىڭ تېگىگە تىقىپ قويغان پۇلمۇ ئاپامنىڭ ئۆزىدە.

— شۇنداق، — دېيىشتى نەسرىن خانىم بىلەن جەۋات بەگ.

— دېمەك، ئوغلۇڭلار بۇ پۇللارنى بۇزۇپ - چاچ-مىغان ئىكەن - دە؟
— شۇنداق، ئۇ گەپلەر ئويۇن ئېھتىياجى ئۈچۈنلا ئېيتىلغان.
— ۋاي خۇدايىمەي، خوپ، بەتولغا بەرگەن تېلېفونۇڭ، ئۇ قىزنىڭ سۈچى ۋەلىنىڭ خوتۇنى — تول ئايال خەيرىيە خانىم بىلەن بۇ يەرگە كېلىشى، نەسرىن خانىمنىڭ ئاغزىدىن ھېلىقى گەپنىڭ چىقىپ كېتىشى بىلەن باش مۇدىرنى چۆچۈگەن ئۆردەككە ئايلاندۇ-رۇپ قويۇشچۇ؟
باياتىن بېرى دېيىلگەن گەپلەرنى ئاڭلاش بىلەن قانائەتلەنگەن ئەرتېكىن:
— كەچۈرۈڭ، چۆچۈگەن ئۆردەكمۇ ئۆزىڭىز، بۇرادەر! — دېدى، — بەتولدەك ساپ بىر قىزنى، خەيرىيە خانىمدەك ۋالاقتەك-كۇر ئايالنى بۇ ئويۇننىڭ ئىچىگە ئېلىپ كېلىش ئاسانمۇ؟ ئېھتى-يات قىلمىسا، چاپىقىنى ئالىمەن دەپ كۆزىنى قارىغۇ قىلىپ قويىدىغان ئىش. مەتىنىنىڭ قىزغا تېلېفون بېرىشى ئويۇن ئېھتىيا-جى ئۈچۈن، لېكىن قىز بىلەن خەيرىيە خانىمنىڭ ئەتىسى بۇ يەرگە كېلىشى بولسا پەقەتلا ئۇچرىشىش ئۈچۈن.
— سىزنى تەسىرلەندۇرگەنلىكى بىزنىڭ بەختىمىز ... — دەپ گەپنىڭ ئايىغىنى چۇشۇردى مەتىن، — بۇ ئۆيدە نېمىلەر دېيىلگەن-لىكىنى بىلمەيمەن. لېكىن، ئاپام بىلەن ھەدەم ئۇلارنى سىناپ باققان بولۇشى مۇمكىن.
— قىزىمنى ۋە ئۆزۈمنى ماختىغىنىم يوق، راست شۇن-داق، — دېدى نەسرىن خانىم، — مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، ئاق - قارىنى بىر ئاز ئارىلاشتۇرىمىدۇقمۇ دېيەلمەيمەن.
— ئاپا ... ھىم ... باش مۇدىرمۇ ئويۇنچىلىرىڭىز ھېسابىدا بارمىدى؟ ئۇمۇ مېنى بۇ ئويۇنغا ئىشەندۇرۇش ئۈچۈن كەلگەنمىدى؟
جەۋات بەگ پېشانىسىنى ئۇۋۇلىدى. ئۇنىڭ چىكە تومۇرى سوقۇۋاتاتتى. ئۇ كېلىۋاتقان ئاچچىقىنى يىغىشقا تىرىشىپ:
— ئويۇننىڭ بىز ئۈچۈن ئەڭ خەتەرلىك قىسمىمۇ شۇ! قوپال-

راق ئېيتقـاندا، كـاناي ـ سۇناينىڭ چېلىنىدىغـان يېرىمۇ مـانا شۇ! — دېدى.
— كاناي ـ سۇناي قاچان، قانداق چېلىنىدۇ، خان ئانا؟
خان ئانا ئەرمىشنىڭ بۇ سوئالىغا قولىنى ئاستا بىر قارسىلدىتىۋېتىپ جاۋاب بەردى:
— بۇ بىر ئىبارە، كالتە پاچاق! ئۇ بىر ۋەقەنىڭ ياكى بىر ئىشنىڭ ئەجەللىك يېرىنى، مۇھىم نۇقتىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە تاغاڭ ۋە موماڭنىڭ باش مۇدىر بىلەن قىلىشقان سۆزلىرى كۆزدە تۇتۇلۇۋاتىدۇ، توختا، گەپنى تاغاڭدىن ئاڭلايلى.
— مەن باش مۇدىرنىڭ بۈگۈن ئەتىگەن بىزگە يا تېلېفون بېرىدىغانلىقى، يا كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. تېلېفوننى ئاپام ئاپتۇ. ئاپام ئۇنىڭ نېمە دېگىنىنى ئۇقالمىغانلىقىنى ماڭا ئېيتقاندا، مەن ئۇنى سوراقا تارتتىم. ئاپا، سىز باش مۇدىرنىڭ نېمە دېگىنىنى راستلا ئاڭلىمىغانمىدىڭىز؟
— نېمىشقا ئاڭلىماي، ئـاڭلىدىم، لېكـىن ئاڭلىماسقا سـالدىم، — دېدى خان ئانا.
— ئىشنى چوڭايتىـپ، بـاش مـۇدىرنى ماختاپ، ئـاپامنى سوئال ـ سوراق قىلدىم. باش مۇدىر بىلەن ئۇچرىشىپ قالماسلىقىم ئۈچۈن ئۆيدىن قاچىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. چۈنكى، كۈيئوغلۇم دەپ ئېيتىشقا ئاغزىم بارمايدىغان سەن — سەلىم پەلەمپەينىڭ سەل يۇقىرىسىدا تۇرۇپ بىزگە قۇلاق سېلىۋاتاتتىڭ. باش مۇدىر كەلگەندە ئايالىم تىلىنى تارتالماي مېنى ئۇنىڭغا چېقىشتۇرسا، سەن قېرى مېكىياننىڭ سۆزىگە تېخىمۇ ئىشىنەتتىڭ ـ دە. شۇڭا، بۇ سورۇندىكىلەر ساڭا تەربىيە بېرىشنى مەقسەت قىلغان.
— خان ئانا، — دېدى ئەرمىش، — تەربىيە دېگەن نېمە؟
خان ئانا يەنە قولىنى ئاستا قارسىلدىتىپ قويۇپ دېدى.
— بۇ باشقىچە ئۇسۇل — ھېسسىيات بىلەن تەسىرلەندۈرۈش دېگەن سۆز. سەلىم ئەنىشتەڭنى قېرى مېكىياننىڭ سۆزىگە ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن ھەممىمىزلا ئەتەي ئاغزىمىزنى يۇمالمىغاندەك قىل-

دۇق. توختا، تاغاڭ سۆزىنى داۋاملاشتۇرسۇن.

— سۆيۈملۈك ئايالىم بۇ ئىشنى خېلىلا قاملاشتۇردى، دەپ ئويلايمەن. گۈلچىن بىلەن ئىككىسى باش مۇدىرنى ئالاقزادە قىلىپ يولغا سالدى، سوئال ياغدۇرۇپ پەرىشان قىلدى، لېكىن ئەسلى مەقسەت ئۇنى ئەمەس، سېنى پەرىشان قىلىش، ئىشنى دەل قىيامغا كەلتۇرۇش ئىدى. شۇنداق قىلىپ، دەككىڭنى بەردۇق. ئەمەلىيەتتە، دەسلەپكى سوئال بىلەنلا سەن ھودۇقۇپ ئۆزۈڭنى ئاشكارىلىدىڭ، جۈملىدىن دوستلىرىڭنى ۋە ئۆزۈڭنى تۇتۇپ بەردىڭ. بۇ سورۇن ئەسلىدە ھەرخىل ئۇسۇل - چارە بىلەن سېنى سۆزلىتىش ئۈچۈن تۈزۈلگەن. چۈشەندىڭمۇ، سۆيۈملۈك شور پېشانە، ئوغرى كۆيئوغلۇم!؟

— سىلەردىن قورقسا بولغۇدەك، ھۆرمەتلىك ھىيلىگەر قېيىناتام، — دېدى سەلىم، — ئائىلەڭلارغا كىرىدىم دەپ بىر ئوتنىڭ ئىچىگە كىرىپتىمەن.

— ئەپسۇسكى، سەن ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ ئوتقا ئاتتىڭ، ئوكام، — دېدى نەسرىن خانىم، — ساڭا تويغا كەلگەن مېھمانلارنىڭ پۇللىرىنى، زىبۇ زىننەتلىرىنى ئوغرىلا، ئوغرىلىغانلارغا شېرىك بول، دەپ كىم ئېيتتى؟

سەلىم «ئەنىشتە» پۈكلىشىپ كەتكەن قەغەزدەك بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭغا يۈز تۇرانە بېرىلىۋاتقان زەربىلەر ئۇنى قايتا ئورنىدىن تۇرالمىغۇدەك دەرىجىدە يەرگە ئۇرغانىدى. ئەمدى ئۇ سوئالمۇ سورالمايدىغان، ئاغزىنىمۇ ئاچالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى.

بۇنى كۆرگەن جەۋات بەگ ئايالىغا:

— بۈگۈن ئاخشام باش مۇدىرنىڭكىگە ئىككىمىز بارايلىمۇ ياكى گۈلچىن، مەتنىلەر بىلەن بارايلىمۇ؟ — دېدى، — بۇ ئىشلارنى شىركەتتە دېيىشكە بولمايدۇ. ئۇ ئەقىللىق ئادەم، ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇشقا تىرىشىمىز، ئويلايمەنكى، ئۇ بىزگە ئىشىنىدۇ.

— مېنىمۇ ئالغاچ بېرىڭلار، تاغا! — دېدى ئەرتېكىن، — قۇرئان تۇتۇپ قەسەملەرنىڭ ئەك چوڭىنى قىلىمەن.

ئۇنىڭ باش ـ كۆزىنى سىلىدى جەۋات بەگ:
— رەھمەت!
— باش مۇدىرنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەل، بالام — دېدى خان ئانا، — ئەخمەت ئاشىق بەگ بىلەن ئىككىمىز ئۇنى ھەممە نەرسىدىنىڭ بىر ئويۇن ئىكەنلىكىگە ياخشى ئىشەندۇرەلەيمىز. ئەخمەت ئاشىق بەگ بىرەر ئىش ياكى گەپ قىلماي، قورسىقىدا گەپ قىلىپ بەرسىلا بولدى.
ساقچى سۆزگە ئارىلاشتى:
— راست، بۇنىڭدىن زادى گۇمانلانماڭ، جەۋات بەگ، مەن مۇشۇ ياشقا كىرىپ، كەسىپتە مۇشۇنچىلىك پىشىپ، خان ئانىمىز بىلەن ئەخمەت ئاشىق بەگدەك ئادەملەرنى كۆرمىگەنىكەنمەن، يارايدۇ!

## 11

زەرگەرچى سەلىم «ئەنىشتە»نى ساقچىلار كېلىپ ئېلىپ كەتتى.
ئەرمىش خۇشاللىقىدىن تېرىسىگە سىغماي قالدى.
باشقىلارمۇ قول ئېلىشىپ بىر ـ بىرىنى تەبرىكلەشتى.
— ئۇلۇغ غەلىبىڭىزنى ھۆرمەت بىلەن تەبرىكلەيمەن، ئالجىغان خان ئانا!
خان ئانا مەتنىنىڭ تۇمشۇقىنى چىمدىۋالدى:
— سېنىمۇ تەبرىكلەيمەن، تەلۋە يىگىت!
— جادۇگەر قېيىنانىنىڭ رولىنى تازىمۇ ياخشى گەۋدىلەندۈردىڭىز، ئاپا.
خان ئانا نەسرىن خانىمغا كۆلۈمسىرەپ قويىدى:
— سىزمۇ ئۇرۇشقاق كېلىنىنىڭ رولىنى قالتىس كېلىشتۈردىڭىز.
— مېنىڭ بۇزۇق كاتىپ قىز بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغان

ئالىقاپلىق رولۇمنى ماختايدىغان ئادەم يوقمۇ؟ — دېدى جەۋات بەگ.
— مەن بار، — دېدى ئەرتېكىن جەۋات بەگ تاغىسنى تەبرىكلەپ.
نەسرىن خانىم ئېرىنى گەپ بىلەن چىقىۋالدى:
— ھەر قانچە چاقچاق بىلەن يالغاننىڭ ئازراق بولسىمۇ توغرا يېرى يوقمىدۇ، جەۋات؟
جەۋات بەگ يۇگۇرۇپ كېلىپ ئايالىنى قۇچاقلىۋالدى:
— بار، لېكىن بۇ يالغاندا يوق. سەن تۇرغان يەردە، مەن باشقا گۈلنى پۇرايتتىممۇ؟
گۈلچىن كۈلۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ، ئۇلاردىن ئاغرىنغان قىياپەتتە دېدى:
— مېنى يىگىتىمدىن ئايرىۋەتتىڭلار، خۇدا سىلەرگىمۇ كۆرسىتەر.
— ئۇنداق ئوغرى يىگىت بېشىڭغا چىقىدۇ!
مەتىن ھەدىسىگە بولۇشتى:
— راست، مېنىڭ سۆيگۈنۈم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى كىم ئەپلەشتۈرۈپ قويىدۇ؟ تاشلىۋەتسەم بۇ قىز يىغلاپ ھوشىدىن كېتىدۇ.
— سەن شۇنداق يېقىملىق، سېنى كۆرگەن ھەر قانداق قىز ھەقىقەتەن ھوشىدىن كېتىدۇ، — دەپ ئۇنى مەسخىرە قىلدى ئەرتېكىن، — ئەندىشە قىلما، ئاغزىدىن كىرىپ، بۇرنىدىن چەقىپ، ھېچكىمگە ئېغىزىڭنى سالماي، بەتۇل بىلەن مۇناسىۋىتىڭنى يەنە ئۆزۈڭ ياخشىلىۋالىسەن.
مەتىن قولىغا قەغەز، قەلەم تۇتۇۋالغان مۇخبىرلاردەك ھەردكەتلەرنى قىلاتتى:
— ئاشىق بەگ تاغا، ئاشىقلىق ھەققىدە چۈشەنچىڭىز قانداق؟
ئەخمەت ئاشىق بەگ جىددىي جاۋاب قايتۇردى:
— ئاشىقلىق بالاغەت ۋە يىگىتلىك دەۋرىگە خاس بىر چۈش.

ئادەم ياشانغاندا بۇنداق تاتلىق چۈشنى كۆرمەيدۇ، ئەپەندى.
— باشقىدىن ياشلىقىڭىزغا كەلگەن بولسىڭىز، بۇ يەردىن كىمنى ئالاتتىڭىز؟
— سىز ئۆيلەنگەندىن كېيىن تۇغۇلغان بوۋاق چوڭ بولسا شۇنى ئالاتتىم.
ھەممەيلەن قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.
— ئەگەر ئۇ بوۋاق قىز بولماي، ئوغۇل بولۇپ قالسىچۇ؟
— ئۇ چاغدا قىز بوۋاق تۇغۇلغۇچە كۈتەتتىم.
— سىزچە، قېرى مېكىيانىنىڭ زۇۋانغا كېلىش ئويۇنىنى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداپ چىققان ئارتىس كىم؟
— بىزگە قازان ـ قومۇچنىڭ يۇندىسىغا ئوخشاش ئابدىمىلىك يېغىنى ئىچكۈزگەن سىز!
— قۇۋۇلۇقتا سىزنىڭ ئالدىڭىزغا ئۆتىدىغىنى يوق، ئەخمەت ئاشىق بەگ تاغا. سىز ئۇنى كۆز ئالدىمىزدا ئىچمەي، «ئۆيدە ئىچەي ...» دەپ شىشىلەرنى ئېلىپ كەتتىڭىز. چوقۇم ئۇلارنى ئۆيدىمۇ ئىچمىدىڭىز.
— كىم بىلسۇن، ئەپەندى، بىكارغا كەلگەندىن كېيىن دەپ ئىچىۋەتكەنمۇ بولۇشۇم مۇمكىن.
— ئارتىسلاردىن ئەڭ ئۇستىسى مەن بولسام، مەندىن كېيىن-كىسى كىمدۇر؟
— ئاپىڭىز ...
— قايسى تەرەپتىن؟
— ھەممە تەرەپتىن.
— ئوچۇقراق ئېيتسىڭىزكەن!
— ئوغلى بىلەن جارقىراشقان، ئېرى بىلەن تاكاللاشقان، باش مۇدىر بىلەن جېدەللەشكەن، خەيرىيە خانىمدەك تىلى زەھەر، ئەدەپسىز ئايالنى ئۇجۇقتۇرغان، قېينانىسىغا تېتىغان روللىرى ئاجايىپ قاملاشتى ـ دە.
مەتىن ئاپىسىغا قارىدى:

— ئەخمەت ئاشىق بەگ تاغام نېمە دەۋاتىدۇ، ئاپا؟ جادۇگەر-لىكنى ئاجايىپ قاملاشتۇرۇپسەن. بۇ رولنى ئۆيدە يەنە ئويناشنى خالامسەن؟

نەسرىن خانىم چاقچاقلا چاقچاق بىلەن جاۋاب قايتۇردى:

— خاتىرجەملىكتىن تويغاندا ئويناشنى خالايمەن.

— ئاپام نېمە دەۋاتىدۇ، ئاشىق بەگ تاغا؟ خاتىرجەملىكتىن تويغاندا بۇ رولنى ئويناشنى خالارمىش. سىزچە كىشىلەر خاتىر-جەملىكتىن قاچان تويىدۇ؟

— ئىزدىگەن نەرسىگە قولى يەتكەندە.

— خان ئانام: «ئاشىق بەگ، ئۆيدە هۇۋقۇشتەك يالغۇز ئولتۇرماي، بۇ يەرگە كېلىڭ!» دەپ چاقىرسا كېلەمسىز؟

— چۈشىنىۋاتىمەن، ئەپەندى، چۈشىنىۋاتىمەن. بۇ ئائىلى-نىڭ يېقىن دوستلىرىدىن بىرى بولغان مەن نەگە بارسام، نەدە تۇرسام يەنە ئاراڭلاردا تۇرغاندەك بولىمەن. گاهى ئۇ يەردە تۇر-مەن، گاهى بۇ يەردە ... پەرقى يوق.

— ئويۇننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوينىلىشىدا ئۈچىنچى بولغان شەخسنىڭ كىملىكىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟

— داداڭلار ... ئاۋۋال ئۇ دوختۇر رولىدىكى ساقچى بىلەن، كېيىن قۇتقۇزۇش خادىمى رولىدىكى ساقچى بىلەن بولغان ئۇچرى-شىشلاردا مۇكەممەل بىر ئويۇن كۆرسەتتى، تېگىشلىك ئىچىدىكى هالىتى ۋە كۆلۈپ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئويدۇرما هادىسىلەرمۇ نۇقسانسىز چىقتى.

— ئۇنداق بولسا نېمە ئۈچۈن بىرىنچىلىكنى ئۇنىڭغا بەرمەيسىز؟

— توغرا دېدىڭىز، شۇنداق قىلسىمۇ بولىدۇ، ئەپەندىم.

مەتىن ئەخمەت ئاشىق بەگنى تاشلاپ، مۇخبىرلىق سۆهبىتى-نى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەرتېكىن تەرەپكە بۇرۇلدى:

— ئەپەندى، سىز سىرتتىن قاتناشقۇچىلارنىڭ بىرى سىز. سىرتتىن قارىغاندا ئويۇننى ۋە ئويۇن ئوينىغۇچىلارنى ياخشىراق باهالىغىلى بولىدۇ. سىزچە، ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويۇن ئويند-

غوچىلارنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچىلىرى كىملەر؟
ئەرتىكىن ئىگەكلىرىنى سىلاپ قويدى:
— ئويۇندىن بىر يېتەرسىزلىك ھېس قىلىۋاتىمەن، ئەپەندى.
— قانداق؟
— باشقىسىنى قويۇپ تۇرايلى، ھۆرمەتلىك كۇيئوغلۇڭلار سەلىم ئەپەندى ئۆز دوستلىرى بىلەن گۇمانلىق ئادەملەر قاتارىدا قىيىن - قىستاقتا ئېلىنغان ۋە گەجگىسىدىن نوقۇلغان چاغدا، سىز گۇمانىڭىزنى ساقچىغا مەخپىي ئېيتقان بولسىڭىز، ئۇلارمۇ تەكشۈرگەن ۋە تېرگاۋنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ جىنايەتچىلەرنى ئاشكا-رىلىغان بولاتتى.
— بۇ سۆزلىرىڭىزنىڭ ماھىيىتى ئالجىغان خان ئانىنىڭ تۈز-گەن پىلانىغا پالتا ئۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى يوققا چىقىرىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.
— خاتا چۈشەنچىدە بولۇپ قالماڭ. خان ئانىنىڭ رولىنى كىچىكلىتىۋاتقىنىم يوق.
— لېكىن بۇ ئويۇننى كېرەكسىز ئىدى، دەپ يوققا چىقىرىۋا-تىسىز، سىزچە، بۇ ئويۇن راستىنلا كېرەكسىزمىدى؟
— مېنىڭچە، كېرەكلىك ئىدى، — دەپ ئىككى كىشى ئارد-سىدىكى سۆھبەتكە ئۈچىنچى شەخس بولۇپ قوشۇلدى جەۋات بەگ، — شۇنىڭ ئۈچۈن كېرەكلىك ئىدىكى، گۈلچىننىڭ توي كېچىسى گۇمانلىق بولۇپ قالغان بەختى بەربات بولۇشتىن ساقلاپ قېلىندى. ئائىلىمىز سەلىمنى توغرىدىن - توغرا ئوغرى دەپ قارىلاشتىن ساقلىنىشتا بۇنداق بىر رول زورۇر ئىدى. بۇنى ئەل-ۋەتتە ئۆزى ئويناپ چىقىشقا توغرا كېلەتتى. ئاخىردا ئۇ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ئاجرىشىشنى، نىكاھنىڭ كۈچكە ئىگە ئەمەسلد-كىنى دەرھال قوبۇل قىلىدىغان بولۇشى كېرەك ئىدى.
— ئىش تامام، چۈشىنىشلىك بولدى، رەھمەت سىزگە.
مەتىن دوستىغا ئېيىلدى:
— ئويۇن توغرىسىدىكى سۆھبەتتىنغۇ ئۆزۈڭنى قاچۇردۇڭ. ئەمدى ئارتىسلار توغرىسىدىكى سۆھبەتتىن ئۆزۈڭنى قاچۇرماي،

ئۇلارغا باھا بېرىپ باققىن.

— ئەپەندى، بۇ سورۇنغا كىرگەن ھەممە ئارتىس ئۆز رولىنى ئۆزگە خاس ئورۇندىدى، ھەر كىم ئۆز رولىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىدى. مەن سىزنىڭ ئورنىڭىزدا ئۆيىنىڭ بىكار تەلەپ بالىسى-نىڭ رولىنى ئوينىيالمايتتىم، سىز تەرسا، ئالىقاپ ۋە ھەممىدىن بەزگەن «ئائىلە باشلىقى» دادىڭىزنىڭ رولىنى ئالالمايتتىڭىز. چۈنكى، تەسىرلەندۈرۈلمەكچى بولغان تاماشىچى، يەنى كونا كۆيئو-غۇل سەلىم ئائىلىدىكى ھەر كىمنىڭ ئورنىنى، سالاھىيتىنى، مىجەز - خۇلقىنى بىلەتتى. قىسقىسى، ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچقايسى-مىز باشقىچە رول ئوينىيالمايتتۇق. ھەرقايسىمىز نېمە بولساق ئەينى شۇنداق، يەنى ئەرتېكىن مەتىننىڭ دوستى، گۈلچىن مەتىن-نىڭ ھەدىسى، جەۋات بەگ تاغا خان ئانىنىڭ ئوغلى، نەسرىن خانىم كېلىنى بولۇپ چىقىشى كېرەك ئىدى.

مەتىن ئەمدى ئەرمىشكە قارىدى:

— كالتە پاچاق، مانا بۇ ئىشلارغا ئەقلىڭ يېتەمدۇ؟

— يېتىدۇ، مەتىن ئاكا، — دېدى ئەرمىش، — سىزچە، دادام ئەتە ئەتىگەن كېلەرمۇ؟

— كېلىدۇ، بەلكىم، ئەتىگىمۇ قالماس.

بۈگۈن كۈن بويى ئاچ - توقنىڭ ئارىلىقىدا قالغان ئەرمىش ئۇلارغا سەھرا تىلى بىلەن:

— قورسىقىم ئېچىپ غولدۇرلاپ كەتتى. ماڭا ئاش - نان بېرىڭلارچۇ، — دېدى.

ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ ئەرمىشنى ئالقىشلىدى. مەتىن بىلەن ئەرتېكىن بازارغا يۈگۈرۈشتى. ئەسلىدە ئاچلىقتىن ئۇلارنىڭمۇ قورساقلىرى كوركىراپ كەتكەنىدى.

12

ئىللىق، جىمجىت بىر ئەتىگەنلىكى، دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماق-

لىرىمۇ مىدىرلىمايتتى. باغۋەن رەمىز شىلانكا بىلەن گۈللەرنى سۇغۇرۇۋاتاتتى. سەلىم «ئەنىشتە» ئېلىپ بەرگەن ۋېلىسىپىتنى بىر بۇلۇڭغا تاشلاپ قويغان ئەرمىش ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۈگۈرۈپ پاشۇق بىلەن ئويناۋاتاتتى. ئۇ يىپنىڭ ئۇچىغا باغلانغان سۆڭەكنى نېرىغا ئېتىپ، پاشۇق يۈگۈرۈپ كەلسە، يىپنى ئالدىغا تارتىۋېلىپ ئويناۋاتاتتى.

— كالتە پاچاق، بۇياققا كەلگىنە، — مەتىن ئاكىسى ئىشىك-تىن بېشىنى چىقىرىپ ۋارقىرىدى.

— مانا ھازىر، — دېدى ئەرمىش.

ئۇ ئىشىك ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ مەتىن ئاكىسىنىڭ چىرايى-غا قارىدى.

مەتىن بارماقلىرى بىلەن ئۇنىڭ چاچلىرىنى تاراپ، گەجگى-سىگە بوشقىنا ئۇرۇپ قويدى:

— خان ئانام سېنى چاقىرىۋاتىدۇ، ھۇجرىسىغا كىر!

خان ئانىنىڭ بىر ـ ئىككى كۈندىن بېرى مىجەزى يوق، ھۇجرىسىدىن چىقماي ياتاتتى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىۋاتقان ئەرمىشنى كۆرۈپ، كارىۋىتىدىن ئورۇن كۆرسەتتى:

— ئولتۇر، كالتە پاچاق، نېمە قىلىۋاتاتتىڭ؟

— كۈچۈك بىلەن ئويناۋاتاتتىم، خان ئانا.

— داداڭ كەلگەندىن بېرى مېنى تاشلىۋەتتىڭغۇ؟

— سىزنى ئاغرىق، دەم ئالسۇن، دەپ كەلمىدىم.

— بولمىسا مېنى ياخشى كۆرىسەن ـ ھە؟!

— ياخشى كۆرىمەن.

— مېنى چۈشىنىسەن ـ ھە؟!

— چۈشىنىمەن.

خان ئانا ئاپئاق چاچلىرىنى قۇلاقلىرىنىڭ كەينىگە ئېلىپ تۇرۇپ:

— مەنمۇ ھۇجرىدا يېتىپ تۇرۇپ سېنى ئويلىدىم، كالتە

پاچاق، سىنى، سىنىڭ تىلىڭ بىلەن ئېيتقاندا «بوبا»ڭنى[1]، ئاپاڭنى ۋە قېرىنداشلىرىڭنى ... راست، سەن نېمە ئۇچۇن داداڭنى تېخىچە «بوبا» دەيسەن؟

— مەن دېگەن سەھرا بالىسى - دە، مېنىڭ «سەھرالىقىم» دىن يالغۇز شۇ سۆزلا قالدى، خان ئانا.

— يالغۇز شۇلا قالدى، ئۆزۈڭمىغۇ ھېچكىمگە گەپ بەرمەيدىغان، شۇنداقمۇ، كالتە پاچاق؟!

— شۇنداق، گەپ بەرمەسلىككە تىرىشىمەن.

— ياخشى، تىرىش. مەن سېنى «بۇ بالا چوڭ بولسا نېمە بولار؟» دەپ ئويلايمەن.

— ئىنژېنېر بولارمەن، ياكى دوختۇر، ياكى گېنېرال ... ئىشقىلىپ.

— ئۇنىڭدىن تۆۋىنى بىكار، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، خان ئانا.

— خوپ، قېرىنداشلىرىڭ نېمە بولۇشنى خالايدىغاندۇ؟

— ئۇلار يېزىدا، خەۋىرىم يوق ...

— ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلمەمسەن؟

— بۆلسەم قانداق قىلاتتىم!

— توغرا، يا قولۇڭ يەتمەيدۇ، يا بويۇڭ، ھەتتا كۇچۇڭمۇ يەتمەيدۇ، — خان ئانا ئەينەكلىك ئىشكاپتىكى ئىستاكاننى قولىغا ئېلىپ بىر نەچچە يۇتۇم سۇ ئىچىپ، قولىنىڭ كەينى بىلەن ئېغىزلىرىنى سۈرتكەچ يەرنىڭ تېگىدىن ئەرمىشكە سىنچىلاپ قاراپ كۇلۇمسىرىدى ۋە ئاستا دېدى، — كالتە پاچاق ...

— لەببەي، خان ئانا؟

— مەن نېمە ئويلاۋاتىمەن، بىلەمسەن؟ داداڭ بىلەن ئىنىكىڭلار باقىركويغا بېرىپ كېلىڭلار. سىلەرنى گۈلچىن ھەدەڭ ئېلىپ بارسۇن. ئاپاڭ ۋە قېرىنداشلىرىڭ بىلەن كۆرۈشۈڭلار. ئائىلەڭلار

---

[1] «بوبا» يەرلىك سۆز بولۇپ، «دادا» دېگەن مەنىدە، ئەرمىش دائىم بۇ سۆزنى قوللىنىدۇ.

ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى، يېرىمى يېزىدا، يېرىمى شەھەردە. بۇ بولمىغىنى.

— پېشانىمىزگە يېزىلغىنى شۇكەن، ئامال قانچە؟

— ئەگەر پېشانىگە يېزىلىدىغان نەرسە بار دېيىلسە، ئىنسانلار ئۇنى ئۆز پېشانىسىگە ئۆزى يازىدۇ... ئاڭلا، يا داداڭ بىلەن ئىككىڭلار يېزىدا قېلىڭلار، ياكى ئاناڭ بىلەن قېرىنداشلىرىڭنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىڭلار.

— بۇ يەرگە قانداق ئېلىپ كېلىمىز؟

— ئەخمەق بالا، گۇلچىن ھەدەڭنىڭ ماشىنىسى بار ئەمەسمۇ!

— ئۇ ماشىنىغا ھەممىمىز سىغامدۇق؟

— ھەي ئەخمەق، كىچىكلەر چوڭلارنىڭ تىزلىرىدا ئولتۇرامامسىلەر!

ئەرمىشنىڭ غەلىتە بىر قارىشىغا كۆزى چۈشۈپ قالغان خان ئانا:

— مېنىڭ ئىسمىم «ئالجىغان خان ئانا»، لېكىن ئەقلىمدىن ئازمىدىم. بىر قىسىملا قاراۋاتىسەنغۇ! — دېدى.

— ئۆيىمىز، ئېغىللىرىمىز، ئېتىزلىرىمىزچۇ؟؟ ئۇلارنى قانداق ئەكېلىمىز؟

— ئەخمەق بالا، ئۇلارنى داداڭ ساتمامدۇ!

— ئۇنداق قىلىشقا ئاپام رازى بولامدۇ؟

— مەن ئاۋۋال سەن بىلەن سۆزلىشەي دېدىم، داداڭ بىلەنمۇ سۆزلىشىمەن.

— سېتىپ يوقىتىپ كەلدۇقمۇ دەيلى، بۇ يەردە قەيەرگە ئورۇنلىشىمىز؟

— باغقا ئورۇنلىشىسىلەر. شۇ چاغدا مەن باغچىدىكى ياتاقخانىلارنى كېڭەيتتۇرۇپ بېرىمەن، بەلكىم ئىككى قەۋەتلىك قىلارمىز، ھەممىسى ئازادە سىغىشىپ كېتىدۇ.

ئەرمىش سەل خاپا بولغاندەك قىلدى:

— مېنى ئۇلاردىن ئايرىۋېتىۋاتىسىزغۇ، خان ئانا.

خان ئانا بېشى بىلەن تەستىقلىدى:

— بىلىۋاتىمەن، داداڭنى ئېتىراپ قىلدىم، ئاپاڭنى، قېرىنداشلىرىڭنى ئېتىراپ قىلمىدىم. لېكىن، سەن ئۇلاردىن ئايرىم بولىسەن، كالتە پاچاق. قېنىڭ، نەسلىڭ ئۇلار بىلەن بىر، لېكىن ئۇلاردىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتكەنسەن، سېنى بىز ئايرىۋالغان. يېشىڭ ھەممىسىدىن كىچىك بولسىمۇ، لېكىن ئەقىلدە داداڭنىڭ يېشىدا سەن، بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ سەن. بۇنداق بالا تەبىئىي ھالدا نەسلىدىن يىراقلىشىدۇ، يا ئۆزلۈكىدىن يىراقلىشىدۇ ياكى باشقىلار يىراقلاشتۇرىدۇ. بۇنداق دېسەم مېنى ئالجىغان قېرى دېيىشىڭ مۇمكىن. گەپنىڭ ئوچۇقى شۇكى، ئەگەر سېنى شۇنچە ياخشى كۆرمىگەن بولسام، داداڭنى باغۋەن، بىزگە ئەسقاتىدۇ دېمىگەن، بولاتتىم، ئاپاڭ بىلەن قېرىنداشلىرىڭنىمۇ بۇ يەرگە يىغدۇۋېلىشنى خالىمايتتىم.

ئەرمىشنىڭ كۆزلىرى بىر نۇقتىغا قادالغانىدى.

— يىغىۋالمىسىڭىز ئىختىيار ئۆزىڭىزدە، خان ئانا، ئۇلار يېزىدا تۇرۇۋېرىدۇ ...— دېدى ئۇ.

— سەن ئۇلارنى ئىزدىمەمسەن، سېغىنمىدىڭمۇ؟ ئايرىلىپ كەتتۇق، دەپ كۆڭلۈڭ يېرىم بولمامدۇ؟

— سېغىندىم، ئەلۋەتتە سېغىندىم. لېكىن، باشقا كەلگەندە كۆڭۈل يېرىم بولسىمۇ نېمە چارە؟

خان ئانىمۇ مەتىنگە ئوخشاش بارماقلىرى بىلەن ئۇنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ تارىدى:

— ئەي ئەقىللىق دومىلاق، سۆيۈملۈك شەيتان، ئوماق كالتە پاچاق! مېنىڭ بىردىنبىر ئويلايدىغىنىم، سېنى ئۆزۈمدىن ۋە بۇ داچىدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىماسلىق! باشقىلار بىلەن كارىم يوق، بىلەمسەن، داداڭنى تۇتۇپ كەتكەندە گېلىمدىن ھېچ نەرسە ئۆتمەي، سارغىيىپ سولغانىدىم. لېكىن، ھېلىقى سەلىمنى قولغا ئالغاندا بەك خوش بولدۇم. مەن يەتمىشتىن ئاشقاندا قېرى مېكىياننى زۇۋانغا كەلتۈردۇق، ئايىنغان ساراي خىزمەتچىسىنىڭ رولىنى

ئويىندۇق. ھېلىقى يەكشەنبە ئەتىگەنلىكى سەن مەندىكى تېتىقسىز ياسىنىشنى كۆرمىدىڭمۇ؟ كۆنلەرنىڭ بىرىدە، چوڭ بولغاندا سەنمۇ بۇنى چۈشىنىسەن. خان ئانام راست ئېيتىپتىكەن، دەيسەن. ئادەم چوڭ بولغانسېرى يالغۇزلۇق بىلىنىدۇ، يىقىلىپ چۈشسە يۆلىۋالىدىغان يۆلەك ئىزدەيدۇ. كېيىن سەنمۇ شۇنداق كىچىك ئەرمىشتىن بىرىگە موھتاج بولىسەن، ئۇنىڭغا تايىنىسەن، يۆلىنىسەن. ئۇ سېنىڭ ئۈمىدىڭ، تەسەللى بەرگۈچۈڭ، يۆلەنچۈكۈڭ بولىدۇ.

خان ئانا گەپ قىلغانسېرى ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ:

— ماڭ ئەمدى، بېرىپ سەن داداڭنى چاقىرىۋەت! — دەپ ئەرمىشنى ماڭغۇزدى.

باغۋەن رەمىز ھۇجرىغا كىرىپ بىر ھازاغىچە خان ئانىنىڭ يېنىدا تۇردى. ئۇ سىرتقا چىققىنىدا كۆزلىرى نەم ئىدى، لېكىن نېمە دېيىشكىنىنى ئاڭلىغان ـ بىلگەن كىشى بولمىدى.



ھەپتە ـ ئون كۈندىن كېيىنكى بىر كۈنى گۈلچىن ھەدىسىنىڭ ماشىنىسى ئاسمان پەلەك توپا توزىتىپ، دەل ـ دەرەخسىز، قاقاس بىر يېزىغا كېلىپ توختىدى. يېزىنىڭ ئۇدۇلىدىن كۆرۈنۈشى كىشىنىڭ ئىچىنى سىقاتتى. كەينى تەرىپى ئانچە ئېگىز بولمىغان ئېدىر ئىدى. قىرىق ـ ئەللىك ئۆيلۈك ئادىمى بار بۇ كەنتتە ماشىنىنىڭ ئەتراپىنى بىردەمدىلا ھەرخىل ئىتلار قورشىۋالدى.

بۇ ئىتلاردىن بىر قانچىسى يالاڭ تۆش رەمىزنى تونۇپ ھاۋشىشتىن توختىدى، بۇنى كۆرگەن باشقا ئىتلارمۇ ھاۋشىشتىن توختاپ قالدى.

ماشىنىنىڭ كېلىشى يېزىدا بىر ۋەقە بولدى. يالاڭ تۆش رەمىز بىلەن بىر زامانلاردا تىللاردا داستان بولغان كىچىك ئوغۇل ئەرمىشنىڭ ۋە بىر ياش قىزنىڭ كېلىشى ۋەقەنى تېخىمۇ چوڭايتتى.

ئەرمىش خۇددى «شەھەر باللىرى» دەك تونۇغۇسىز، باشقىچىلا بولۇپ كەتكەن، بويىمۇ ئۆسۈپ، چاچلىرىمۇ ئۆزگىرىپ قالغانىدى.

ياش قىزغا قىيا قارىشىپ تۇرغان چوڭ ـ كىچىك يېزىلىقلار:

— خۇش كەپسىلەر، رەمىز، خۇش كەپسىلەر! — دېيىشتى.

— رەھمەت سىلەرگە، قانداق ئەھۋالىڭلار؟

— خۇدايا شۇكۇر، ئۆزۈڭ كۆرگەندەك ئامان ـ ئېسەن تۇرۇدۇق.

يالاڭ تۆش رەمىز گۈلچىننى ئۆيگە باشلاپ كىرىشكە خىجالەت بولۇپ ياردەم تەلەپ قىلغاندەك ئۇياق ـ بۇياققا قارايتتى.

بۇنى چۈشەنگەن كۆپ تۇگمىلىك سېرىق كەمزۇل كىيگەن ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشى:

— رەمىز، ئەگەر خانىم قونىدىغان مېھمان بولسا، يېزا باشلىقىنىڭ ئۆيىدە كۈتۈۋالايلى، ئۆزى ئەتىگەن ناھىيىگە كەتكەندى، ھازىر كېلىدۇ، — دېدى.

— ياق، — دېدى گۈلچىن، — رەھمەت سىلەرگە، مەن رەمىز ئەپەندىنىڭ ئۆيىدە قونىمەن.

رەمىزنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان يول تار بولغاچقا ماشىنا ماڭالمايتتى. ئەگەر ماشىنا ئۇ يەرگە بېرىپ ئىشىكنىڭ ئالدىدا توختىسا، ئادەم، ھايۋانلار ئۆتىدىغان يولمۇ قالمايتتى.

ئوڭايسىزلىنىپ بىر ئاز تەرلىگەن رەمىز كىشىلەرگە قاراپ:

— ماشىنىغا كۆز ـ قۇلاق بولۇپ قويۇڭلار، — دېدى، — مەن خانىمنى ئۆيگە باشلاي. ھورمۇز ئۆيدىمۇ ياكى ئېتىزدىمۇ؟

— ماشىنا مەسچىتنىڭ ئالدىدا قالسۇن، سىلەر كېتىۋېرىڭلار، — دېيىشتى كۆپچىلىك، — ھورمۇز يەڭگىنىڭ نەدىلىكىدىن خەۋىرىمىز يوق.

— ھەر ھالدا ئۆيدىدۇر.

— باللارچۇ؟

— ھەسەننى ئېتىزدا كۆرگەنىدىم، — دېدى بىر يىگىت،

قىزلار يەڭگەمنىڭ يېنىدا، ئۆيدە بولسا كېرەك.
ئىككى يېنى دۆڭ، ئوتتۇرىسى چوڭقۇر شېغىللىق يولنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىگە سۇلار يىغىلىپ قالغانىدى. بىر قەۋەتلىك توپا تام ئۆيلەر بىر - بىرىدىن پاكار تاش تاملار بىلەن ئايرىلىپ تۇراتتى.
رەمىزنىڭ ئۆيى بىر ئېغىزلىق بولۇپ، ئاشخانىسىمۇ، ياتىدىغان ئۆيىمۇ شۇ ئىدى. تېگىگە بورا ۋە پالاز سېلىنغان، ئۆينىڭ تاملىرى ياخشى سۇۋالمىغاچقا، لايدىك سامانلىرى ساڭگىلاپ تۇراتتى.
بۇ ئۆينىڭ هويلىسىمۇ كىچىك بولۇپ، ئۆينىڭ ئۇدۇلىدا لاپاس بار ئىدى.
رەمىز دەرۋازىنىڭ سىرتىدىن قولىنى سېلىپ تاقاقنى ئاچتى. ئۇلار هويلىغا كىردى.
ئاتا - بالا ۋارقىراشتى:
— هورمۇز!
— ئاپا!
ئۆيدىن ئاۋۋال ياماق چىت كۆڭلەك كىيگەن، يالاڭ ئاياغ سەككىز - توققۇز ياشلاردىكى بىر سېرىق قىز، كەينىدىن يەنە ياماق چىت كۆڭلەك كىيگەن، يالاڭ ئاياغ ئون - ئون بىر ياشلاردىكى بۇغداي ئۆڭلۈك يەنە بىر قىز هويلىغا چىقتى. ئۇلار دادىسىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن:
— دادام! — دەپ ۋارقىرىشىپ كەتتى ۋە گۈلچىننى كۆرۈپ ئىزا تارتىپ جىم بولۇپ قېلىشتى.
ئەرمىشنى كۆرگەندە:
— بۇ ئەرمىشقۇ، — دېيىشىپ، يەنە جىم بولۇشۇپ قالدى.
ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئانىسى كۆرۈندى، ئۇ چوڭ قىزىنىڭ ئەينى ئۆزى بولۇپ، قارىداپ كەتكەن، جۇدەڭ بىر ئايال ئىدى. قوڭۇر چاچلىرى بېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئىككى يانغا ئايرىپ ئۆرۈلۈپ، كەينىگە تاشلانغانىدى.

ئۇ گۇلچىننى كۆرۈپ ھودۇقۇپ پۈتلىشىپ كەتكىلى تاس قالدى. ئېرى بىلەن ئوغلىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدا يا كەينىگە يېنىپ ئايغىنى كىيىشنى، يا يۈگۈرۈپ بېرىپ ئوغلىنى قۇچاقلاشنى بىلەلمەي قالدى.

ئۇنىڭ قىلالمىغىنىنى ئەرمىش قىلدى، ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئاپىسىنىڭ پۇتلىرىنى قۇچاقلىدى:

— ئاپا، جېنىم ئاپا!

ئەرمىشنىڭ ئاپىسى يىغلىۋەتكۈدەك بولۇپ كەتتىمۇ، ئۆزىنى ئاران بېسىۋېلىپ ئوغلىنىڭ بېشىنى سىلاپ قويدى ۋە باشقىلارغا يېقىملىق ئاۋاز بىلەن:

— خۇش كەپسىلەر، — دېدى.

— ھورمۇز، ھەجەر، ئايشە ... سىلەرگە ئىستانبۇلدىن مېھمان ئېلىپ كەلدىم، كېلىپ قولىنى سۆيۈڭلار! — يالاڭ تۆش رەمىز ئايالىنى ۋە قىزلىرىنى سالام بېرىشكە چاقىردى.

— بېرىڭلار، ماشىنىنىڭ يېنىغا مەن بىللە بېرىڭلار، ئەكېلىدىغان نەرسىلەر بار. سىلەرگە كىيىم - كېچەك ۋە يېمەك - لىكلەرنى ئالغاچ كەلگەن ...

ئايشە ئىسىملىك كىچىك قىزى ئېتىلىپ كەلدى:

— مەن بارايمۇ، دادا؟

— يوق، — دېدى رەمىز.

گۇلچىن بىر ئاچقۇچنى ئۇزاتتى:

— يوك - تاقنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ماشىنىنى ياخشى تاقاڭ. رەمىز ئەپەندى!

رەمىز قىزىنى ئەگەشتۈرۈپ ماڭدى.

ھورمۇز خانىم ئېرىنىڭ دېگىنى بويىچە گۇلچىننىڭ ئالدىغا سالام بەرگىلى كەلدى.

گۇلچىن ئايالىنىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ مەڭزىگە سۆيدى. ئۇنىڭ مەڭزىدىن ئەتىر ھىدى كەلمەيتتى. چوڭ قىزىنىڭ مەڭزى

بولسا ئالمىدەك پۇرايتتى.

— سىزنىڭ ئالدىڭىزدا خىجالەتمىز، — دېدى پەس ئاۋاز بىلەن ھورمۇز خانىم.

— نېمىشقا؟

— ياخشى كۈتەلمەسلىكىمىز مۇمكىن.

قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى گۈلچىن. ئەرمىشتىن باشقىلار يول بويىدىكى ئۆيلەردىن ئۆتۈپ، ھويلا - ھويلىلاردا ياڭرىغان بۇ كۈلكىدىن چۆچۈشۈپ كەتتى.

— بىز بۇنچىلىك ئىشلارنى ئەيىبكە بۇيرۇمايمىز. ئەرمىش، گەپ قىلساڭچۇ، ئاپاڭ بىلەن ھەدەڭگە!

ئەرمىش بۇ سۆزنى خۇددى چەت تىلدىن تەرجىمە قىلغاندەك ئېيتتى:

— گۈلچىن ھەدەم كۆڭلۈڭنى چۈشىنىدۇ، ئاپا!

ھورمۇز كەينىگە داجىپ ئۇنى ئۆيگە باشلىدى:

— قېنى، ئىچكىرى كىرىڭلار!

ئەرمىش ئۆيگە كىرىپ، ئىلگىرى ئۆزىنىڭ پۇتلىرىنى ساڭگىلىتىپ، ئەتراپىغا ئادەم يىغىپ ئولتۇرغان كارىۋاتنى تونۇدى. ئۇ بۇ كارىۋاتتا ۋالىينى ۋە باشقا قانچىلىگەن چوڭلارنى «قوبۇل قىلغان» ئەمەسمىدى!

ئوڭ تەرەپتە — ئۆينىڭ تۆرىگە يىغىلغان ئىككى يۈك كۆرپىنىڭ ئۈستىگە ياستۇقلار تىزىلغان، ئىسلىشىپ كەتكەن ئوچاقنىڭ ئىككى يېنىدىكى تامغا قېقىلغان قوزۇقلارغا كىيىم - كېچەكلەر ئېسىلغان، ئوچاقنىڭ بىر يېنىدىكى تاختا بېشىغا چىنە - قاچىلار تىزىلغانىدى. ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى كىچىك پەنجىرە بولسىمۇ، ئىشىك ئېچىلمىغۇچە ئۆيگە يورۇق ياخشى چۈشمەيتتى. ئوچاقنىڭ بېشىدا بىر كىرسىن لامپا تۇراتتى.

ھورمۇز خانىم لامپىنى ياقتى، شېشىسى ئىسسىغاندا پىلىكىنى كۆتۈرۈپ قويۇۋىدى، ئۆينىڭ ئىچى بىر ئاز يورۇدى. تاملارنى

يوغان ئىككى تاختا قەغەزدىكى ئىسمەت پاشا[1]بىلەن جامال گورسەل-
نىڭ[2]رەسىملا بېزەپ تورغاندىن باشقا، ئۆيدە ئارتوقچە بىر نەرسە
يوق ئىدى.

هورموز خانىم سورىدى:

— قانداق ئەھۋالىڭىز، تىنچ - ئامان كەلدىڭلارمو؟

— رەھمەت، ئۆزىڭىز قانداق توردىڭىز؟ — دېدى گولچىن.

ئەرمىش قوشومچە قىلدى:

— گولچىن ھەدەمنىڭ پىكاپى ئوچىدىكەن، ئاپا. ئەتىگەن
يولغا چىققانىدوق. بىردەمدە يېتىپ كەلدوق. دادام كىرگەندە
ئونىڭ ساڭا دەيدىغان گېپى بار.

— نېمە گېپى باردو؟ بىزنى قوروق قول تاشلاپ كەتكەننى
ئاز دەپ، يەنە دەيدىغان نېمە گېپى باردو؟

— پول ئەۋەتىپ بەرگەندو؟

— ئەۋەتكەندو، لېكىن بىز ئالمىدوق.

گولچىن بىلەن ئەرمىش بونى چوشىنەلمەي بىر - بىرىگە
قارىشىپ قويىدى.

— ھە ... — دېدى ئەرمىش كېيىن، — دادامنىڭ بېشىغا
كوتولمىگەن بىر ھادىسە كەلدى.

— نېمە ھادىسە ئو؟

— قوروق تۆھمەتكە ئوچراپ تورمىدە ياتتى.

— قانداق تۆھمەت ئو؟

— سومكا ئوغرىسى دېگەن تۆھمەت. گولچىن ھەدەمنىڭ تويى
كونى مېھمانلارنىڭ سومكىلىرىنى ئوغرى ئالغان... نېمىلا بول-
سون، ھەقىقىي ئوغرىلار تۇتولوپ، دادام قوتولوپ چىقتى، —
ئەرمىش خىرىلداپ كولوپ كەتتى، — ئوغرىنىڭ قانداق تۇتول-
غانلىقىنى ئېيتىپ كەلسەم گەپ تولا. دېمەك، دادامدىن پول
كەلمەپتو - دە؟

— كەلمىدى.

---

①② ئوسمانىيە دەۋرىدىكى گېنېراللار.

— سەۋەبىنى دادامدىن سورايمەن.

— سورا، ئوغلۇم، يۇرتداشلار، ئوغلىڭىز ناھايىتى ئەقىللىق بالا بوپتۇ، ھورمۇز ھەدە، دېيىشىدۇ. چوڭ مەكتەپلەردە ئوقۇغۇدەكسەن، راستمۇ؟

ئەرمىش «ھە ...» دېگەندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتىپلا قويدى. ئۇ ئۆزىنى ماختاشنى ياخشى كۆرمەيتتى، باشقىلار ماختالسا ئارىلاشمايتتى.

ھورمۇز خانىم ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ دېدى:

— قېرىنداشلىرىڭمۇ ساڭا ئوخشاش ئوقۇۋالسا، ئۇلارغىمۇ ئوقۇشنىڭ يولى چىقسا ئىدى. داداڭ، ھەسەن - ھۇسەنلەرنىڭ ئۆمرى بىكار ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. ھەجەر، ئايشەلەر بولسىمۇ ئوقۇۋالسا ئىدى، دەيتتى.

— دادامنىڭ ساڭا دەيدىغان گېپى بار، — دېدى يەنە ئەرمىش.

دادىسى بىلەن ھەدىسى ماشىنىدىكى نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ كېلىشتى.

يوغان بىر كاردون يەشكتە يېمەكلىكلەر — ۋارىنە، ئېرىمچىك، تەييار قورۇما، سېرىقماي، شاكىلات، قېزا، تۇخۇم ۋە باشقىلار بار ئىدى.

يەنە بىر خۇرۇم چامادانىدا لىق كىيىم - كېچەك، كۆڭلەك، ئۇزۇن - قىسقا پايپاق، ياغلىق، ئاياغ كىيىم، پاختىلىق چاپان، ھەسەنگە باب كېلىدىغان ئىككى بۇرۇلكا، ئىچ كىيىم بار ئىدى.

گۈلچىن كىيىم - كېچەكلەرنى ھورمۇز خانىمغا بىر - بىرلەپ سۇنۇپ:

— بۇ سىزگە توغرا كېلىدۇ، كىيىپ بېقىڭ، — دېدى، كېيىن قىزلارغا كۆرسەتتى، — بۇ سىزنىڭ، بۇ سىزنىڭ... ئايشە، سېرىق بولغاندىن كېيىن سىزگە بۇ رەڭ يارىشىدۇ. ھەجەر قارا بولغاندىن كېيىن بۇ رەڭ يارىشىدۇ...

قىزلارنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى. ئۇلارنىڭ دەسلەپكى تار-

تىنچاقلىقلىرى تۈگىدى. ئەمدى ئۇلار تەشۋىشلەنگەن كىيىم ـ كېچەكلەرنى تاللىشىپ ئالدى. بۈگۈن ئۇلار ئۈچۈن ئۆمرىدە كۆرمىگەن بىر توي، بايرام بولدى. بۇ هاي ـ هايلارنى كىيىشىپ مەهەللە ئىچىنى شۇنداق بىر ئايلىنىپ چىقىدىغان بولسا، يېزا باشلىقىنىڭ قىزى گۈلسۇم، تاغىسىنىڭ قىزى نۇرانلارنىڭ هالىنى كۆرۈڭ. ئۇلار ئۇلتۇرالماي قالىدۇ ـ دە!

— باللارنى خۇش قىلدىڭلار، سىلەرگىمۇ خۇدا رەهمەت قىلسۇن، — دېدى هورمۇز خانىم تۈزۈت بىلەن، — كەچلىك ياما پولۇ ۋە ياڭيۇ سەي تەييارلىغۇدۇق، يەرسىزمۇ؟

گۈلچىن يەنە قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— مېهمان بەرگەننى يەيدۇ. سىز نېمە بەرسىڭىز يەۋېرىمىز، — دەپ هورمۇز خانىمنى خاتىرجەم قىلدى.

— قورۇما، قېزا ۋە تۇخۇم بار، — دېدى رەمىز، — ئەتە توخۇ، قىيما گۆش تېپىپ كېلىمىز. هازىر تېپىپ كەلسەكمۇ بولىدۇ. لېكىن ...

— بۇلارنىڭ قايسىبىرىنى يەيمىز؟

گۈلچىننىڭ داستىخان سېلىنغان يەردە بىرىنچى قېتىم ئولتۇرۇشى ئىدى. ئۇ ساۋاقداشلىرى بىلەن قىرلارغا سەيلىگە چىققان چاغلىرىدا يەرگە سېلىنغان داستىخانلاردا ئولتۇرۇپ باققان، لېكىن يېزىلىقلار ئۆيىدە ئولتۇرۇپ ياغاچ تاۋاقلاردا زادى تاماق يەپ باقمىغان. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالاهىدە بىر ئىش ئىدى.

قىزلار داستىخاننى سېلىپ، قوشۇقلارنى تىزدى. ئاپىسى ئوچاقنىڭ بېشىغا ئۆتۈپ ئوت ياقتى. هېلىمۇ ياخشى ئىككى پەنجىرىنىڭ ئوچۇقلۇقى، ئىشىكنىڭ يوچۇقلىرى بولغىنى، بولمىسا ئۆيدە ئولتۇرغىلى بولمايتتى.

قاراڭغۇ چۈشكەندە چوڭ ئوغلى هەسەن كەلدى. ئۇنىڭ ئۆيگە «مېهمان» كەلگىنىدىن خەۋىرى بار ئىدى. ئۇ دادىسىغا سويۇپ چاپلاپ قويغاندەك ئوخشايتتى. ئون ئۈچ ياشلىق زىلۋا، جۇدەڭ، ئېگىز بوي كەلگەن بۇ بالىنىڭ مىجەزى ئوغۇل باللارغا، قاراشلى-

ـرى قىز باللارغا خاس ئىدى. لېكىن، دادىسى ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ قويۇق قاپقارا كىرپىكلىرى بادام قاپاقلىرى ئاستىدىكى يوغان زەڭگەر كۆزلىرىگە كۆلەڭگە تاشلاپ تۇراتتى.

ئۇ دادىسى ۋە ئىنىسى ئەرمىش بىلەن قۇچاقلاشتى. گۈلچىنىنىڭ قولىنى قاچۇرغىنىغا[1] قويماي سۆيدى. سىڭىللىرى ھەجەر بىلەن ئايشەلەردەك، ئۇمۇ ئاۋۋال ئىستانبۇلدىن كەلگەن مېھمانلار تاماق يەۋالغۇچە بىر بۇلۇڭغا بېرىپ ئولتۇردى.

ئەرمىش تاماق ئارىلىقىدا: «ئاپا، دادامنىڭ ساڭا دەيدىغان گېپى بار!» دەپ دادىسىنىڭ ئېسىگە سالدى.

— ھە ... ھىم ...— رەمىز بۇرۇتلىرىنى سىلاپ قويدى، — بىز بۇ يەرگە نېمىگە كەلدۇق بىلەمسىلەر؟ سىلەرنى ئەكەتكىلى كەلدۇق، ئىستانبۇلغا ئەكەتكىلى، — ئۇ بۇرۇتىنى يەنە بىر سىلاپ قويدى.

ۋىلكا پەقەت مېھمانغىلا بېرىلگەنىدى. ھورمۇز خانىم قوشۇقىنى تۇتقىنىچە تۇرۇپلا قالدى.

— راستمۇ، دادا؟ — دەۋەتتى ھەسەن دادىسىنىڭ كەينىدە تۇرۇپ.

ئۇنىڭ يا خۇشال بولغىنى، يا خاپا بولغىنى مەلۇم ئەمەس ئىدى.

قىزلار ئۇنچىقماي تۇرۇشتى. ئاپىسى بىلەن ئاكىلىرى بىر نەرسە دېمىگۈچە، ئۇلار بىر نېمە دېيەلمەيتتى.

— بىز بۇ يەردە خۇدايا شۈكۈر، قەدىر ئەھۋال كۈن كەچۈرۈپ كېتىۋاتىمىز. بىرەر كىشىگە ھاجىتىمىز چۈشكىنىمۇ يوق، — دېدى ھورمۇز خانىم، — ئىستانبۇلنىڭ تېشىمۇ ئالتۇن، توپىسىمۇ ئالتۇن دېيىشىدۇ. شۇنداق بولسا سىز بىزگە بىر ئاز پۇل ئەۋەتەر ئىدىڭىز؟

— ئەۋەتتىم، — دېدى رەمىز، — ئەزبىرايى، ئەۋەتتىم.

---

[1] كۆرۈشكەندە قارشى تەرەپنىڭ قولىنى سۆيۈشتىن قاچۇرۇش كەمتەرلىكنى كۆرسىتىدۇ.

تولقادىر ئوغلى رەمىزىدىن 1500 لىرا ئەۋەتتىم. ئالمىدىڭلارمۇ؟
— ئالمىدۇق.
— راست ئالمىدىڭلارمۇ؟ — رەمىز ئوغلىدىن سورىدى.
— ئالمىدۇق، — دېدى ھەسەن، — رەمىزى پۇل بەرمىدى. ئىدىرىستىن ئاڭلىشىمچە، يالاڭ تۆش رەمىز پۇل ئەۋەتىۋىدى، لېكىن قەرزىگە تۇتۇۋالدىم، دەپتۇ.
— بۇنى ئاپاڭغا نېمىشقا ئېيتمىدىڭ؟
— ئۆيدە سىز يوق، مەھەللىدە خاپىلىق بولمىسۇن، دەپ ئېيتماي تۇردۇم.
— ھە ... — دېدى رەمىز، — راست، مەندە بىر ئاز قەرزى بار ئىدى. بىراق، 1500 لىرا ئەمەس، 400 لىراچە ئىدى. تۇتىدىغىنىنى تۇتۇپ، قالغىنىنى بالىلارغا بېرىشى كېرەكتىغۇ! شۇنداق ئەمەسمۇ، گۈلچىن خانىم؟
گۈلچىن بېشىنى لىڭشىتىپ دېدى:
— شۇنداق قىلىشى كېرەك ئىدى.
— خەپ، توختا، تاڭ ئاتسۇنچۇ...
داستىخاندا بىر پەس قوشۇقلارنىڭ تاراقلىشى ۋە تاماقنى «پۇۋ» لەشلەر ھۆكۈم سۈردى. رەمىزنىڭ تاۋاق بىلەن ئاغزى ئارىسىدا ماشىنىدەك ئىشلەۋاتقان قولى توختاپ قالغاندەك بولدى. باشقىلارنىڭ قوللىرىمۇ ئاستىلاپ قالدى.
— ئەپۇ قىلىڭ، سىزگە تاماق يېگۈزمىدىم، — رەمىز داستىخاندىن تۇردى.
— ئەتە ئىككىمىز بىللە بارايلى، رەمىز ئەپەندى، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشەيلى. قەرز ئۈچۈن سىز قولىڭىزدىن ھۆججەت بەرگەنمۇ؟ — سورىدى گۈلچىن.
— بەرگەن.
— ئۇنداق بولسا ئاسان. سىزنىڭ ئەۋەتكەن پۇلىڭىزمۇ بەلگىلىك. قەرزىڭىز قانچىلىك بولسا، ئۇنى تۇتۇپ قېلىپ، قالغىنىنى قايتۇرىدۇ.

ھورمۇز خانىمنىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، بۇلۇڭدا ئولتۇرغان ئوغ-لىغا نېمىلەرنىدۇر دېدى. ھەسەن سىرتقا چىقىپ، ئون - يىگىرمە مىنۇتتىن كېيىن، قوشنىلىرىدىن سوراپ ئەكىرگەن ئورۇن - كۆرپىلەرنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

ھورمۇز خانىم ھۆرمەت بىلدۈرگەن بىر ئاۋاز بىلەن:

— خانىم، — دېدى گۈلچىنگە، — سىز بۇگۈن كەچتە بۇ يەردە يېتىڭ. بىز بالىلار بىلەن ئۆگزىدە ياتايلى. ھاۋا ئىسسىق، بىز يازدا ئۆگزىدە يېتىپ ئادەتلەنگەن. قوشنىلىرىمىزنىڭ ئورۇن - كۆرپىلىرى پاكىز، ئەندىشە قىلماڭ.

— ئەرمىش، سەن مەن بىلەن بىللە ياتامسەن؟ — دەپ سورىدى گۈلچىن.

ئەرمىش كۈلۈمسىرىدى، مەلۇمكى، ئۇنىڭ ياتقۇسى بار ئىدى.

— لېكىن سەن بىر نەرسىنى ئۇنتۇدۇڭ.

— نېمە، گۈلچىن ھەدە؟

— ھەسەن ئاكاڭغا ئىستانبۇلدىن ئەكەلگەن نەرسىلىرىڭنى تېخى بەرمىدىڭغۇ.

ھەسەن ئاپىسىدەك نومۇسچان ئىدى. لېكىن، لامپا يورۇقىدا چاقنىغان زەڭگەر كۆزلىرى ئۇنىڭ خۇشاللىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

ئۇلار بۇ كېچە بالدۇر يېتىپ، ئەتىسى سەھەر تۇرۇشتى. ناشتىدا قوشنىسىدىن ئەكىرگەن يېڭى سۈتنى ئىچىشتى.

گۈلچىن ئەتىگەندە شېكەرسىز سۈتلۈك قەھۋە ئىچىشنى ياخشى كۆرەتتى، شۇڭا ئۆيدىن قەھۋەمۇ ئالغاچ كەلگەنىدى.

رەمزى يېزا بازىرىدا گەلەتىرچى ئىدى. گۈلچىننىڭ رەمىز بىلەن بىللە بارغىنىمۇ ياخشى بوپتىكەن. ئۇ ئادەم ئارتۇق گەپ - سۆز قىلماي، ئۆزرە قويغان بولدى. ئاخىردا رەمىز بەرگەن ھۆججەتنى قايتۇرۇپ بەردى. ئۇ پۇلنىڭ ئارتۇقىنى ھورمۇز يەڭگىگە بەرمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ۋاقتى يەتمىگەنلىكىنى

ئېيتتى.

پۈتۈن ئىشنى ئىككى كۈندە پۈتتۈرۈپ بولۇش پىلانلاندى. يالاڭ تۆش رەمىزنىڭ ئۈنۈمسىز يېرىگە ھە دېگەندىلا خېرىدار چىقىدىغان دېگەن ئويىمىز تىلىنىپ ئىچىمگە تىقماپ ئاتمىدى. ئۈنىڭ ئۈستىگە، ئۆي ۋە يەر سېتىشقا يېزا باشلىقى ئارىلىشاتتى. خېرىدار چىقسا ئىستانبۇلغا خەت يازىدىغان بولدى.

— گېپىمىز گەپمۇ، مۇختار تاغا؟

— گېپىمىز گەپ، رەمىز، خاتىرجەم كېتىۋەر، بۇنىڭدىن غەم قىلما.

بۇ يەردە بىر گەپ ئېغىزدىن چىققۇچە ھەممە يەرگە ئاڭلىنىپ بولاتتى. رەمىز يېزا باشلىقى مۇختار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆيگە قايتىپ كېلىۋاتقىنىدا، يولدا ئۇچراشقان يۇرتداشلىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئۈنىڭ يەر - زېمىنىنى ساتماقچى بولغانلىقىنى بىلىپ بولغانىدى. بۇ توغرىدا سورىغانلارمۇ بولدى:

— كۆچۈپ كېتەمسىز نېمە، رەمىز تاغا؟

— شۇنداق.

— يېرىڭىزنى ساتماقچى بوپسىز، شۇنداقمۇ؟

— ساتىمەن.

— ئۆيىنىمۇ ساتىسىزغۇ دەيمەن؟

— ساتىمەن.

— خەيرلىك بولسۇن، خۇدا يولىڭىزنى ئوچۇق قىلسۇن.

بەزىلىرى ئەندىشىلىرىنى ئېيتتى:

— ئاڭلىسام، يەر - زېمىن، ئۆيلىرىڭنى سېتىپ كۆچمەكچى بوپسەن، رەمىز. ئىستانبۇلغا بارغانمەن، بىلىمەن، ئۇ يەرنىڭ تېشىمۇ ئالتۇن، توپىسىمۇ ئالتۇن دېيىشىدۇ. ئۇ يەردە ئىش تاپساڭ تاپتىڭ، تاپالمىساڭ ئاچلىقتىن ئۆلىسەن. ئۇ يەر بۇ يەرگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ يەردە ھېچكىمنىڭ ھېچكىم بىلەن كارى يوق. بارساڭ بار، لېكىن ئىشنىڭ ئورنىنى قىلدىڭمۇ، بالا - چاقاڭنى نېمە بىلەن باقىسەن؟

رەمىز ئۇلارغا سەل نېرىدا كۈتۈپ تۇرغان گۈلچىنىنى كۆرسى-
تىپ تۇرۇپ، ئۇ قىزنىڭ ئۆزلىرىنى ئېلىپ كەتمەكچى بولغانلىقى-
نى چۈشەندۇردى.
چۈشكە يېقىن قولۇم ـ قوشنىلار كىرىشتى. ئۇلارنىڭ
هال ـ ئەھۋالى خېلى تۈزۈك ئىدى. يالاڭ تۆش رەمىزنىڭ سۈيىدى-
غان بىرەر خورىزىمۇ بولمىغىنى بىلەن، ئۇلارنىڭ هويلىلىرىدا
توخۇلىرى دانلىشىپ، ئېغىللىرىدا سېيىرلىرى مۆرىشىپ، قويلى-
رى مەرىشىپ تۇراتتى. ئۇياقتىن ـ بۇياقتىن سۆز ئېچىپ، ئۇلار
ئەرمىش بىلەن گۈلچىنىنى كۆرگىلى كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلىش-
تى. كەلگەنلەر ئىچىدە كىچىك بىر قىزنى (بەلكىم نەۋرىسى بولسا
كېرەك) يېتىلىگەن ياشانغان بىر كىشى رەمىزلەرنىڭ يول هازىر-
لىقىنى قىلىۋاتقانلىقىنى باغچىدا تۇرۇپ كۆرگەنىدى. ئۇ سۆ-
زىنى ئۇياق ـ بۇياققا ئەگىتىپ ئۆي بىلەن يەرنىڭ گېپىنى قىلدى.
ئۇلار ئۇزۇن يىللىق قوشنىلىرىنى قۇرۇق يولغا سېلىپ قويۇشقا
كۆڭلى ئۇنىمىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەسلىدە ئۇ رەمىزگە ئازراق پۇل
تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئۆيى بىلەن يېرىنى ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئېلىپ
قالماقچى بولغانىدى. ياشانغان بۇ ئادەم ھەتتا دومبىيىپ تۇرغان
يانچۇقىغا قولىنىمۇ سالدى.

— قانچە دەيسەن، رەمىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ، — ئۆيىنى
قانچىگە، يەرنى قانچىگە ساتماقچىسەن؟

باي قوشنىلىرى كىرگەندە يالاڭ تۆش رەمىز قول باغلاپ
تۇردى، بالىلىرى بولسا هويلىغا چىقىپ تۇرۇشتى.

— بىلمەيمەن، هاجى ئاتا، بىلمەيمەن، ئۆزلىرى بىر نېمە
دېسىلە، — دېدى رەمىز.

— مانا ئۆيگە يەتتە مىڭ لىرا، يەرگە سەككىز مىڭ لىرا
بەردىم. با بەرىكا!

رەمىز نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى، ئايالىغا ۋە گۈلچىنىنىڭ
چىرايىغا قارىدى، قاپىقىنى تۈرۈپ يەرگە قارىدى، ئاخىر يەنە
تۈكۈرۈكىنى يۇتۇپ:

— بوپتۇ ساتتىم، ئالسىلا! — دېدى.

## 14

خان ئانىنىڭ خۇشاللىقىغا گەپ ئىشلىمەيتتى. باغۋەن ياتاقخانىسىنى يېڭىۋاشتىن رېمونت قىلىش ئىشى باشلانغان بولسىمۇ، تېخى پۈتمىگەنىدى. ئۇنى ئەمدى ياتاقخانا دېگىلى بولمايتتى. ئۇ بۇرۇنقىدىن كەڭ ۋە ئۇزۇن ئىككى قەۋەتلىك بىر بىنا بولماقچى. رەمىز ۋە هورمۇز خانىم بالىلىرى بىلەن داچىنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىكى ئۆيلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلماقچى، ئەرمىشنىڭ هۇجرىسى يەنىلا يۇقىرى قەۋەتتە ئايرىم بولماقچى ئىدى.

خان ئانا بىلەن نەسرىن خانىم هورمۇز خانىمغا داچىنى ئايلاندۇرۇپ، قەيەردە نېمىلەر بارلىقىنى كۆرسەتتى. ئۇلار يېزىدىن كېلىشىدە يىپ ـ يىڭنە چاغلىق نەرسىمۇ ئەكەلمەي، بار ـ يوقىنى يېزىغا قويۇپ، قازان ـ قومۇچلىرىنى كەمبەغەل قوشنىلىرىغا تارقىتىپ بېرىپ كەلگەنىدى. كونا داچىدا نەرسە ـ كېرەكلەر كۆپ بولۇپ، بىر قىسمى رەمىز بىلەن بالىلارغا ئايرىپ بېرىلىپ، باغچىدىكى ئۆي پۈتكەندە ئۇ يەرگە كۆچۈرۈلىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى.

خان ئانا بالىلار بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم پاراڭلاشتى.

— سېنىڭ ئىسمىڭ نېمە، ئوغلۇم؟

— هەسەن.

— قانچە ياشقا كىردىڭ؟

— ئون ئۈچكە.

— قانچىنچى سىنىپقىچە ئوقۇدۇڭ؟

— باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈردۇم، چوڭ ئانا.

— مېنى خان ئانا دېگىن، ماقۇلمۇ، ئوغلۇم؟

— ماقۇل، خان ئانا دەيمەن.

— چۈنكى، مەن پۈتۈن بالىلارنىڭ خان ئانىسى بولىمەن،

ھەتتا سەندىن چوڭلارنىڭمۇ، سەندىن كىچىكلەرنىڭمۇ، ئىشقىلىپ، ھەممىسىنىڭ ...

— شۇنداق، ئاڭلىدىم. گۈلچىن ھەدىمىز بىلەن مەتىن ئاكىمىزمۇ سىزنى خان ئانا دەيدىكەن.

— بولىدۇ، شۇنداق بولسۇن. يولۇڭنى ئۆزۈڭ تاللا، ئوقۇشنى خالامسەن ياكى بىرەر ئىشقا كىرىپ ئىشلەشنىمۇ؟

— دادام بىلەن سىلەر ئوقۇتساڭلار، ئەلۋەتتە، ئوقۇشنى خالايمەن، خان ئانا.

— ئۇنداق بولسا ئوقۇ. بۇ يىل تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە بارىسەن.

— ئامان بولۇڭ، خان ئانا.

— سەنمۇ ئامان بول، ئوغلۇم. ئوقۇ، ئىشلە، يېتىش، ئادەم بولۇشقا تىرىش. ھازىرقى زامان ئوقۇش زامانى. بۇرۇن، ئەردە بىلەك كۈچى بولسا بولدى، دېيىشەتتى. ھازىر ئەقىل كۈچى بولسا بولىدۇ. كىچىك ئىنىڭ كالتە پاچاق ئەرمىشتىن ئۈلگە ئال.

— دېمىسىمۇ مەندە ئوقۇش ھەۋىسىنى ئاشۇ قوزغىدى، خان ئانا.

— يۇقىرىدا ئۇنىڭ بىرمۇنچە كىتابلىرى بار، كۆردۈڭمۇ؟

— كۆردۈم.

— بوش ۋاقىتلىرىڭدا ئىنىڭدىن ئېلىپ ئوقۇپ تۇرغىن.

— مەن بىكار يۈرۈشنى خالىمايمەن، خان ئانا. يا ئۆزۈم ئىشلەيمەن، يا باشقىلارغا ياردەملىشىمەن. ھازىرمۇ ئۆيىمىز چاپسان پۈتسۇن، دەپ ئىشلەۋاتقانلارغا ياردەملىشىۋاتىمەن.

— ئاپىرىن ساڭا، — دېدى خان ئانا، ئاندىن ئۇ يەنە سوردى، — ئەجەب زۇقۇمنى كەلتۈردۈڭ، قىزىم، ئېيتىڭ نېمە سېنىڭ؟

يېڭى كىيىملەرنى كىيىپ، بېقىم تېپىپ، چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ، رەڭ تۇزەپ قالغان بۇغداي ئۆڭلۈك ھەجەر ئىسمىنى ئېيتىپ بەردى.

— قانچە ياشقا كىردىڭ؟
— ئون بىرگە.
—ئوقۇغانمۇ؟
— ئوقۇغان.
— قانچىنچى سىنىپقىچە ئوقۇدۇڭ؟
— تۆتىنچى سىنىپقىچە.
— ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟
—ئۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇشتىن قالدىم.
— نېمە ئۇچۇن؟
— ئاپام ئېتىزغا كەتكەندە ئۆي ئىشلىرىغا قارىشىش ئۇچۇن.
— ئەمدى مەكتەپكە بېرىشنى خالامسەن؟
— خالايمەن، ئەلۋەتتە خالايمەن، خان ئانا. مەكتەپتە ئوقۇشنى بەك ياخشى كۆرىمەن.
— ئۇنداق بولسا بارغىن، قىزىم. سېنىڭ ئېتىڭ نېمىدى، قىزچاق؟
سېرىق ئايشە خان ئانىنىڭ پېشىگە ئاكىسى بىلەن ھەدىسىدىنمۇ بەكرەك يېپىشتى. ئۇ باللارنىڭ ئەڭ كىچىكى بولۇپ، تاتلىق كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.
— ئېتىم ئايشە، — دەپ جاۋاب بەردى قىزچاق.
— يېشىڭنى ئېيتىپ باققىنا؟
— بىلمەيمەن.
— نېمىشقا بىلمەيسەن؟
— ئاپام يەتتىگە كىردىڭ دېسە، دادام سەككىزگە كىردىڭ دەيدۇ، ھەدەم توققۇزغا كىردىڭ دەيدۇ.
— نوپۇس دەپتەردە يوقمۇ؟
— بار.
— شۇ بويىچە ئېيتساڭ بولمىدىمۇ؟
— لېكىن، دادام كىچىك يازدۇرۇپتىكەن.
ھەسەن سۆزگە ئارىلاشتى:

— مەن توغرىسىنى ئېيتاي، خان ئانا، ئايشا سەككىزگە كىردى.

خان ئانا ئۆزىنى تۇتالماي كۇلىۋەتتى:

— سەن ھەممىدىن ئاۋۋال تىلىڭنى تۇزىتىشكە تىرىشقىن. سىڭلىڭنىڭ ئىسمى ئايشە تۇرسا، ئۇنى «ئايشا» دەۋاتىسەنغۇ؟

— خوپ، بولىدۇ، خان ئانا، لېكىن ئەرمىشمۇ تۇزەتمەپتۇ. دەدامنى... ياق... دادامنى تېخىچە «دەدا» دەيدىكەن.

— بۇنى ئۆزىگە دېدىم. كالتە پاچاق: «مەن سەھرالىقتا يالغۇز مۇشۇ سۆزلا قالدى» دەيدۇ. گەپ قىلالمىدىم، قانداق قىلاي؟

ھەسەن بادام غورىسىدەك يوغان زەڭگەر كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ:

— مەنمۇ سىڭلىمنى «ئايشا» دېسەم، مەندىمۇ سەھرالىقىمدىن شۇ سۆزلا قالسا قانداق دەيسىز؟ — دېدى.

— بېرى كەل، بۇياققا كەل، — دېدى خان ئانا قولىنى ئىشارەتلەپ، — پېشانەڭگە سۆيۈپ قوياي.

ئۇ ھەسەننىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى.

بۇ بالىلارنى كىچىككىنە ئەركىلىتىپ قويسىڭىز گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتەتتى. ئۇلار ئىنتايىن تەسىرلىنىپ كېتىشتى. خان ئانا ئۇلارنىڭ قوللىرىغا شاكىلات، بادام مېغىزى ۋە باشقا نەرسىلەرنى تۇتقۇزدى.

— ئېلىڭلار، يەڭلار، ئاغزىڭلار تاتلىق بولسۇن، تاتلىق گەپلىشەيلى، ماقۇل، ئەمدى مەنمۇ ئاكاڭغا ئوخشاش سېنى «ئايشا» دەي، ئەسلىمۇ «ئايشە» دېگەنگە قارىغاندا «ئايشا» دېگەن تېخىمۇ توغرا. ئايشا، سەن زادى مەكتەپتە ئوقۇغانمۇ؟

— ئوقۇمىغان، خان ئانا.

— لېكىن ئوقۇشنى خالايسەنغۇ دەيمەن؟

— ئەلۋەتتە خالايمەن.

— ئاپىرىن ساڭا!

باللار يېنىدىن كەتكەندىن كېيىن خان ئانا ساپا يۆلەنچۈككە بېشىنى قويۇپ كۆزلىرىنى يۇمدى. ئۇنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋە قىلاتتى. يۈرىكى دۈك - دۈك قىلىپ سوقۇپ تۇراتتى. ئىچىدە: «ئابدالنىڭ تاغىرىغا ئوخشايسەن. باللارنىڭ خۇشاللىقىغا شېرىك بولۇپمۇ يەنە تويمايسەن!» دەپ ئويلايتتى. ئۇ ئورنىدىن تىزلىرىنى تۇتقان هالدا تۇرۇپ، ئاشخانىغا قاراپ ماڭدى. كېلىنى قازان كاۋىپى پىشۇرۇۋاتاتتى، هورمۇز خانىم قوغۇن - تاۋۇز پىچىۋاتاتتى. هەسەن بىلەن دادىسىدىن بىرى كېلىپ ئىشچىلارغا چۈشلۈك تاماق ئېلىپ بارماقچى بولغانىدى.

— ئىشىڭلار ئىلگىرى بولسۇن، ئوغۇللۇق ئايالللار... — دېدى خان ئانا، — سىلەرگە ياردەمگە كەلدىم.

— سىز ياردەم قىلغۇدەك ئىش يوق، ئاپا، — دېدى نەسرىن خانىم.

خان ئانا پاكار ئورۇندۇقلاردىن بىرىنى ئاستىغا قويۇپ ئولتۇردى. ئۇيان - بۇياننى ئايلىنىپ چىقىش ئەمدى ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدەك ئاسان ئەمەس ئىدى، خېلى زورۇققۇشقا توغرا كېلەتتى ۋە ئاسانلا چارچاپ ئولتۇرۇپ قالاتتى. شۇڭا، ئۆز - ئۆزىدىن: «ئەمدى ۋاقتىمىز يېتىپ قالغانمۇ، نېمە؟» دەپ سوراپ قوياتتى.

— ئىشىڭگىزدىن توختاپ قالما، هورمۇز خانىم، — دېدى ئۇ، — سېنىڭ باللىرىڭنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. هەممىسى بىر - بىرىدىن زېرەك ئىكەن. سىلەر هاياتلا بولساڭلار ئۇلارنى ئوقۇتۇڭلار. گۈلچىننى بىكارغا ئوقۇتمىدۇق، مەتىن بىكارغا ئوقۇمايدۇ. ئەرمىش بىكار ئوقۇۋاتقىنى يوق.

— ئەرمىش باشقىلا بىر بالا بوپتۇ، — دېدى هورمۇز خانىم بۇرنىنى تارتىپ، — پۈتۈن يېزىدىكىلەرنى ئەرمىشكە تەڭ قىلغىلى بولمايدىكەن، چوڭ ئانا، ئەرمىش باشقا، باللار باشقا گەپ.

— هەئە، مەنمۇ شۇنى دېمەكچىمەن، هورمۇز خانىم. باللارنى ياخشى كۆرۈشتە، ئۇلارغا ئېتىبار بېرىشتە ئۇلارنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرمەڭ. بۇ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى يارىلايدۇ. مەن

ئۆز كۆڭلۈمدە گۈلچىن بىلەن مەتىننى ئۇ قىز، بۇ ئوغۇل دەپ، ياكى بۇ ئۇنىڭدىن ئەقىللىق، تېخىمۇ سۆيۈملۈك دەپ ئايرىپ قارىمايمەن. سىلەرمۇ ئۇنداق قىلماڭلار. مەن سۆزلىشىپ باقتىم. ھەسەن بولسۇن، ھەجەر بولسۇن، ئايشە بولسۇن، ھەممىسى بىر - بىردىن سۆيۈملۈك ۋە ئەقىللىق ئىكەن. لېكىن، نېمە دېيىشىم كېرەك؟ يېزىدا ئۇلار ئوقۇشسىز قاپتۇ. نېمە ئۈچۈن ئەرمىشكە قىلىنغان غەمخورلۇق ئۇلارغا قىلىنمايدۇ؟

— توغرا ئېيتىسىز، چوڭ ئانا، ئۇلارغا قارالمىدۇق، ئۇلارنى ئوقۇتالمىدۇق. نېسىپ تەقدىر شۇنداق.

— ھەئە، مەنمۇ شۇنى دەيمەن، ھورمۇز خانىم، — دېدى خان ئانا يەنە، — ئۇلارنى ئوقۇتۇڭلار. سورىدىم، سۈرۈشتۈردۇم، ھەممىسى مەكتەپكە بېرىشقا ئالدىراۋاتىدۇ. سومكىلارنى كېلىنىم ئالىدۇ. كىتاب - دەپتەر، قەلەملىرىنى مەن ئالىمەن. مەكتەپ فورمىلىرى ۋە ئاياغلىرىنى جەۋات ئالىدۇ. ھەممىسىنى چىرايلىق ياساپ قويىمىز، خالاس. مەكتەپلەر قاچان ئېچىلىدىغانلىقىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ، نەسرىن؟

— سېنتەبىرنىڭ ئاخىرىدا، يا ئۆكتەبىرنىڭ بېشىدىغۇ دەيمەن، ئاپا.

— خېلى بار ئىكەن. شۇنىڭغىچە گۈلچىن ئۇلارنىڭ تەييارلىقىنى پۈتتۈرسۇن، كونا دەرسلىرىنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقسۇن. ئەرمىشنىڭ ساۋاتى بار، كىتاب ئوقۇپ يۈرگىلى ئۆزۈن بولدى. ئۇنى قانچىنچى سىنىپقا قوبۇل قىلار؟

— ئىمتىھاندىن ئۆتسە بەلكى ئۈچىنچى سىنىپقا ئالار، — دەپ غودۇڭشىپ قويدى نەسرىن خانىم، — ئۇنى - بۇنى قويۇپ، ھەدىلىرى بىلەن بىر مەكتەپكە بارغىنى ھەر جەھەتتىن توغرا بولىدۇ.

— مېنىڭچىمۇ شۇنداق.

ئۇلار ئاشخانىدا سۆزلىشىۋاتقاندا، گۈلچىن ھەدە بىلەن بالىلار باغچىدا «قوغلاشماق» ئوينىشىۋاتاتتى. ئۆزىنى «چوڭ بولۇپ قال-

دىم» دەپ سالماق تۇتىدىغان ھەسەن بۇنىڭ سىرتىدا، ئەلۋەتتە. ئۇ بەزىدە دادىسىنىڭ، بەزىدە ئىشچىلارنىڭ يېنىدا ئىشلەيتتى، ئۇلارغا يارەملىشەتتى.

يالاڭ تۆش رەمىز خوتۇن - باللىرىنى ئېلىپ يېزىدىن ئىستانبۇلغا كەلگەندىن بېرى باشقىچىلا بىر ئادەم بولۇپ قالغانىدى. گويا يېڭى بىر قىياپەتكە كىرگەن، قەدەملىرىنى تېخىمۇ ئىشەنچلىك تاشلايتتى. قاراشلىرىدىكى قورقۇمسىراش، مىسكىنلىك تۇگەپ كەتكەنىدى. ئىلگىرى يېقىندىنمۇ ئاران ئاڭلىنىدىغان ئاۋازى ئەمدى يىراقتىنمۇ ئاڭلىنىدىغان بولۇپ قالدى. نېمىشقىدۇر، باللىرىم داچىدىكىلەرنىڭ بىرەرىنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قالمىغىيدى، دەپ جېنى سىرقىرايتتى. ئۇ باللىرىغا كۆز - قۇلاق بولۇپ، ھەر دائىم ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى:

— ياۋاش بولۇڭلار، يوگۇرمەڭلار، ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلماڭلار، ئاستا گەپ قىلىڭلار، داچىغا كىرگەندە ئاياغلىرىڭلارنى ئېشىك تۇۋىدە يېشىپ كىرىڭلار، چوڭ ئانام، بەگ ئەپەندى، نەسرىن ھاماچاڭلار، گۇلچىن ھەدەڭلار، مەتىن بەگ ئاكاڭلارنىڭ قايسىسى سىلەرگە بىر نەرسە دېسە، «بېشىم بىلەن» دەپ دەرھال بېجىرىڭلار!

بۇ جىددىي ئاگاھلاندۇرۇشلار، تەربىيىلەر ھەسەننى، خۇسۇسەن قىزلارنى ناھايىتى سىلىق - سىپايە ھالەتكە كەلتۇردى. باغچىدا تاش تۇتۇشۇپ ئويناشقا باشلىغاندا، گۇلچىن ھەدە: «كىنىدىك ئانا سەن بولدۇڭ، ھەجەر!» دېسە، ھەجەر شۇ ھامان: «باش ئۇستىگە، گۇلچىن ھەدە!» دېدى.

— نېمە دېدىڭ؟

— باش ئۇستىگە.

— ئۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— بۇ دېگىنىم — تاش مەندە قالدى، «كىندىك ئانا» مەن بولدۇم، دېگىنىم.

— ياخشى، لېكىن بۇنىڭ ئۇچۇن «باش ئۇستىگە» دېيىش

كەتمەيدۇ. ئۇيۇن قائىدىسى بويىچە بىز قاچىمىز، سەن قوغلايـ
سەن.
— بىلىمەن.
— بۇ قېتىم سەن تۇتۇۋالغان ياكى قولۇڭ تېگىپ كەتكەن كىشى «كىندىك ئانا» بولىدۇ.
— بىلىمەن.
ھەجەردىن كېيىن ئايشە «كىندىك ئانا» بولدى. گۈلچىن ھەدە: «مانا قاچتۇق، قېنى بىزنى تۇتۇپ باق!» دېگەندە، ئۇمۇ: «باش ئۇستىگە» دېگەندى، شۇئان گۈلچىن ھەدە:
— ۋاي، — دېدى، — بولمىدى. بۇ قانداق گەپ؟ ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسا «باش ئۇستىگە...» دەۋەرسەڭلار بولامدۇ. سىلەر تەلىم ئېلىۋاتقان ئەسكەر، مەنزە قوماندان بولۇپ قاپتىمەن - دە، بىز بۇ يەردە دوستلارچە ئويناۋاتىمىز.
ھەجەر بىلەن ئايشە بىر ئاز ئوڭايسىزلانغان ھالدا تىڭشاپ تۇردى. ئۇلار گۈلچىن ھەدىنى خاپا قىلىپ قويغانىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئاچچىقىنى ياندۇرۇش ئۇچۇن قولىدىن كەلگىنىنى قىلىشقا تەييارلاندى.
— ئۆتكەن كۈنى سىلەرنى كۆردۈم، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى گۈلچىن ھەدە، — داچىغا كىرىشتە ئاياغلىرىڭلارنى يېشىۋېـ تىپ كىردىڭلار. ئۇ مەسچىتمىدى؟ ئۇ سىلەرنىڭ يېڭى ئۆيۈڭلار. ئەگەر ئاياغلىرىڭلار بەك لاي، چەمى مەينەت بولسا ئىشىك ئالدىدىـ كى ئاياغ سۈرتكۈچكە سۈرتىۋەتسەڭلار بولىدۇ. سىلەرگە ئۇنداق قىلىشنى كىم ئۆگەتتى؟
قىزلار دادىمىزغا گەپ كېلىپ قالمىسۇن، دەپ، «دادىـ مىز...» دېگەن سۆزنى ئىچىگە يۇتۇپ جىم تۇرۇۋالدى.
— باللار تۇرغان ئۆينىڭ پاكىزلىقىغا رىئايە قىلىش، چوڭـ لارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئادەتتىكى بىر ئىش، — دېدى گۈلچىن ھەدە، — دېمەك، مەينەتچىلىكنى ۋە ھۆرمەتسىزلىكنى ياخشى كۆرمەيدىكەنسىلەر. لېكىن، بۇنچىۋالا ئاشۇرۇۋېتىشنىڭ ھاجىتى

يوق. قانداقلىكى بىر ئىش بولسا، ئۇنى خالىغان كىشىڭلارغا ئوچۇق ئېيتىۋېرىڭلار، ئەرمىشتىن ئۇلگە ئېلىڭلار. ئۇ ئەقلىگە نېمە كەلسە ئەينەن ئېيتىدۇ. نۆۋەتتە كەلگەندە مۇنازىرىلىشىپ كېتىمىز. شۇنداقمۇ، ئەرمىش؟

ئەرمىش بېشىنى لىڭشىتتى:

— شۇنداق، لېكىن دادام بۇلارنى يېپەكتەك قىلماقچى، گۈل-چىن ھەدە. ئۇ بالىلارنىڭ ھەرقانداق ئىشقا «باش ئۇستىگە» دېيە-شى ئەخلاقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ ئويلايدۇ.

— بۇ خاتا، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

ئەرمىش بېشىنى لىڭشىتىپ:

— ئەلۋەتتە خاتا — دېدى.

گۈلچىن ھەدە تەسەللىـي بەرگـەن قىيـاپـەتتە ھەجەر بىلەن ئايشەگە:

— خاتىرجەم بولۇڭلار، مەن بۇ توغرىسىدا داداڭلار بىلەن كۆرۈشىمەن. مەندىنمۇ رەنجىمەيدۇ، سىلەردىنمۇ رەنجىمەيدۇ. ھا-زىر ھەممىمىز بىر يەردە تۇرۇۋاتقاندىكىن، سىلەر بۇ داچىنىڭ قىزلىرى بولغاندىكىن، داداڭلار بىلەن كېلىشىۋالىمىز، چۈشىنىد-شىۋالىمىز. قېنى قەيەرگە كەلگەندۇق، كىم «كىندىك ئانا» بولغاندى؟

ئايشە ئالدىغا كېلىپ:

— مەن! — دېدى، — قېنى قېچىڭلار. مەن قوغلاي، ئاشۇ ئەرمىشنى تۇتقۇم كېلىۋاتىدۇ.

## 15

ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرلىرىدا يېڭى باغۋەن ئۆيىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتتى. كونا ياتاقخانا پۈتۈنلەي يېڭىلانغان بولۇپ، تاملىرى قىزىل خىشتىن قوپۇرۇلۇپ سۇس يېشىل سىرلانغان، ئىشىك - دېرىزد-لىرى بولسا ئاق سىرلانغاندى. ئۇ ئىككى قەۋەتلىك ئىنتايىن

كۆڭۈللۈك ئىمارەت بولغانىدى. ئالدىدىن قارىغاندا شۇنداق چىرايـ
لىقكى، گويا داچىنىڭ يېڭى تۇغۇلغان بالىسىدەك كۆرۈنەتتى.

ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ھۇجرىسى ئاستىنقى قەۋەتكە، بالىلىرىنىڭ ئۇستۈنكى قەۋەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. دەسلەپ ئەرمىش ئۇلارنىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈلمىگەن. ئۇ يەنە داچىدا تۇرىدىغان بولغانىدى، ئەرمىش بۇنى ماقۇل كۆرمىدى. يېزىدا ئۇ بىر يېرىم يېشىدا بىسمىللاسىغا: «دادا، مېنى نانسىز قويماڭا، قولۇمغا بىر پارچە نان بېرىڭ!» دەپ تىلى چىققاندەك، بۇ قېتىممۇ:

— مېنى ئاتا ـ ئانام ۋە قېرىنداشلىرىمدىن ئايرىماڭلار، ھەممەيلەن بىر يەردە تۇرايلى! — دېدى.

— كالتە پاچاق، توۋا، بىزدىن ئالاقەڭنى ئۈزەمسەن؟ — دەپ چېقىشتى مەتىن.

— بوپتۇ دەڭلار، ئۇنىڭ دېگىنىدەك بولسۇن! — دېدى خان ئانا.

ئەرمىشنىڭ ئۇ ئۆيگە كۆچۈشىنى خوپ كۆرمىگەنلەر ئارىسىدا گۈلچىن ھەدىمۇ بار ئىدى. گۈلچىن ئۇنىڭغا شۇنداق ئۆگىنىپ قالغان ۋە ئۇنى شۇنداق ياخشى كۆرەتتىكى، كۆز ئالدىدىن نېرى بولۇشىغا زادى چىدىمايتتى. شۇڭا، بىرنەچچە قېتىم تەكرار سورىدى:

— نېمىشقا ئۆز ھۇجراڭدىن چىقىپ كېتىسەن، ئەرمىش، قېيىنىلىپ قالغانمىدىڭ؟

ئەرمىش كىچىككىنە قوللىرىنى گۈلچىن ھەدىسىنىڭ قولى ئۈستىگە دۈم قويۇپ ئۇنىڭ كۆزىگە قارىدى ۋە خۇشخۇي ئاۋازى بىلەن:

— ھۇجرامنى ياخشى كۆرىمەن. ئۇ يەردە ئىنتايىن راھەتـ
مەن، گۈلچىن ھەدە، — دېدى، — لېكىن ئۇلار ئۇ يەردە، مەن بۇ يەردە تۇرسام بىر قىسما تۇرىدىكەن، ئۇيقۇم كەلمەيدىكەن، گېلىمدىن بىر نەرسە ئۆتمەيدىكەن.

خان ئانا ھۇجرىسىدىن ئىتتىك چىقىپ:

— توغرا ئېيتىسەن، كالتە پاچاق، سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن بولسام، مەنمۇ شۇنداق بولاتتىم، — دېدى ۋە گۈلچىنلەرگە قاش - كۆزلىرى بىلەن ئىشارەت قىلىپ، ئۇنى ئارتۇقچە زورلىماسلىقنى بىلدۈردى.

گۈلچىن ھەدە ئەرمىش يوق ۋاقتىدا: «خان ئانا، سىز نېمىشقا بۇنداق دەيسىز؟» دەپ سورىغانىدى، خان ئانا سەۋەبىنى ئېيتىپ:

— «بۇلبۇلنى ئالتۇن قەپەسكە سولاپ قويسا، ئاھ ۋەتىنىم دەپتۇ.» دېگەن بىر تەمسىل بار. ھېچكىمنى ئۆز يۇرتىدىن، ئۆز ماكانىدىن، ئۆز تۇغقانلىرىدىن ئايرىمىسۇن، دادىسىنى قولغا ئېلىپ كەتكەندە كالتە پاچاق خېلىلا ئاغرىپ، گېلىدىن بىر نەرسە ئۆتمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇنداق بولمىغاندا بىكاردىن - بىكار مۇشۇ كەملىك بولغىنىمىزدا ھېلىقى قېرى مېكىيان ئويۇنىنى ئويناپ چىقاتتۇقمۇ؟

— ئەرمىشچۇ بىزنى ئانىسى، دادىسى، قېرىنداشلىرىدەك ياخشى كۆرىدۇ، خان ئانا.

— ياخشى كۆرمەيدۇ دېمىدىم، گۈلچىن، گېپىمنى خاتا چۈشىنىپ قالما. سەن بىلەن مېنى ئۇلاردىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرۈشى مۇمكىن. ھەممە ئىش بولۇشى مۇمكىن، بىرلا ئىش بولمايدۇ — كالتە پاچاقتەك ھوشيار، ئاڭلىق، ھېسسىياتلىق بىر بالا قاراپ تۇرۇپ ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ تۇرۇشقا چىدىمايدۇ. بۇ ئۇنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيدۇ. بۇ ئىش ئۇنى بىئارام قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۆزىمۇ بۇنى ئوچۇقلا دېگەن.

— بىز رەمىز ئەپەندى بىلەن ھورمۇز خانىمنى ئۆزىمىزدىن ئايرىمىدۇق، يېنىمىزغا ئالدۇردۇق.

— شۇنداق، قوينىمىزغا ئالدۇرۇپ نېمە قىلدۇق؟ ئۇلارغا باغچىدا ئايرىم بىر ئۆي تۇتۇپ بەردۇق. شۇنچە چوڭ داچىغا ھەممىمىز سىغمايتتۇقمۇ؟

گۈلچىن قاشلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ خان ئانىغا بىر ئاز ھەيران بولغاندەك قارىدى:

— قىزىق ئىكەنسىز، خان ئانا، بۇنداق قىلغانمۇ ئۆزىڭىز، ھەممەيلەن داچىدا ئولتۇرىدۇ، دېگەن بولسىڭىز داچىغا سىغار ئىدۇق.

— شۇنداق، قىزىقمەن، — دېدى ياشانغان ئايال، — ئۇنىڭ لەۋلىرىدە رەنجىش ۋە چاقچاق ئارىلاش بىرخىل تەبەسسۇم پەيدا بولدى، — ئەجەبا، بۇنى نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلدىم؟

— راست، نېمە ئۈچۈن؟

— قارا بالام. مەن كۆزلىرىمنى يۇمغۇچە...

— بولدى، خان ئانا! — دەپ ئۇزۇۋەتتى گۈلچىن ئۇنىڭ سۆزىنى، — ئۆلۈمنىڭ گېپىنى قىلماڭ! تېخى ئۇزۇن يىللار بىللە ياشايمىز.

خان ئانىنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇم تېخىمۇ ئوچۇق كۆرۈندى:

— بۇنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ، بالام. ئاڭلا، مېنىڭ كۆزۈم يۇمۇلسا بۇ داچا داداڭغا قالىدۇ. ئۇنىڭدىن سىلەرگە، يەنى ئىنىڭ بىلەن ساڭا قالىدۇ. ئەتە - ئۆگۈن خۇدا بۇيرۇسا ئىككىلىڭ-لار ئۆي - ئوچاقلىق، بالا - چاقىلىق بولىسىلەر. مانا شۇ چاغدا... مانا شۇ چاغدا... باغۋەن رەمىزنىڭ ئائىلىسى نەگە بارىدۇ، كىمگە سېغىنىدۇ؟ مەن كېيىنكىسىنى ئويلاپ، باغچىدىكى يېڭى ئۆينىڭ ھۆججىتىنىمۇ رەمىزنىڭ نامىغا ئېلىپ بەرمەكچىمەن. بۇ ئۆي ئەمدى ئۇلارنىڭ، ئۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ چىشى پاتمايدۇ، ھېچ-كىم ئۇلارنى كۆچۈرەلمەيدۇ. قىزىق بولسام، قىزىقلىقىمنى ئەمدى چۈشەنگەنسەن؟

گۈلچىنىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپلا قالدى. ئۇ بۇ گەپلەرنى ئويلىمىغان، ئەقلىگىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. لېكىن، نۆۋىتىدە بال-لارچە قىلىقلىرىغا قاراپ «ئالجىغان» دەپ چاقچاق قىلىدىغان خان ئانىسى ئۇياق - بۇيېقىنى ئويلىغانىدى. گۈلچىن ئۇنىڭ ئالدىدا ئېگىلىپ تۇرۇپ، بېشىنى تىزىغا قويۇپ:

— سىزگە ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ، جېنىم خان ئانا، سىز-

نىڭ ئالدىڭىزدا بىز ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان ئەخمەقلەرمىز، — دېدى.
مۇساۋەت خانىم نەۋرىسىنى خۇددى كىچىك ۋاقتىدا ئەركىلەت- كەندەك چاچلىرىنى ئاستا سىلاپ قويىدى:
— ھېچنېمە بىلمەيدىغانلاردىن ئەمەس، سىلەر تېخى ياش، — دېدى ئۇ، — ھازىر مەتىن بىلەن سېنىڭ ياش ۋاقتىڭلار. بۇ ۋاقىت — ئادەم ھاياتىنىڭ ئەڭ گۈزەل چاغلىرى، ئۇنى قەدىرلى- مىسە، ئۇ قولدىن ئاسان چىقىپ كېتىدۇ، قولدىن چىقىپ كەتسە قايتىپ كەلمەيدۇ. بوۋاقلىق چاغلىرىڭ، بالىلىق يىللىرىڭ ئېسىڭ- دىمۇ؟
گۈلچىن بېشىنى كۆتۈرمەستىن:
— ئانچە - مۇنچە، — دېدى.
خان ئانا مەيدىسىگە ئۇرۇپ دېدى:
— ئۇ چاغلاردا دائىم: «خان ئانا، مەن قاچان چوڭ بولىمەن؟» دەپ سورايتتىڭ. مەنمۇ ساڭا: «ئالدىراڭغۇلۇق قىلى- ما، گۈلچىن، ھېچكىم بالىلىقىغا يەنە بىر قېتىم قايتمايدۇ. ئۇنى قەدىرلە، بۇ كۈنلىرىڭنى كېيىن ئىزدەپمۇ تاپالمايسەن...» دەيت- تىم. مانا ئەمدى ئىزدىسەڭ ئۇرنىغا كېلەمدۇ؟
گۈلچىن يەنە بېشىنى كۆتۈرمەستىن:
— ھە، ھە، — دەپ تۇراتتى.
خان ئانا مەيدىسىگە ئۇرۇپ دېدى:
— ۋاي بالام، پەرىزاتىم... سەن بوۋاقلىقىڭنى ۋە بالىلىقىڭنى قايتىپ كەلسىكەن، دەيسەن، ئۇ چاغلىرىڭنىڭ قايتىپ كېلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. مەن مۇشۇ جېنىمدىمۇ بوۋاقلىقىمنى، بالىلىقىم- نى ۋە قىزلىقىمنى، چوكانلىقىمنى قايتىپ كەلسىكەن، دەپ ئارزۇ قىلىمەن. ئۇ چاغلار ئۆتتى، كەتتى، ھەممىسى ئۇزاقتا قالدى. مەندىن بىرى: «خان ئانا، نېمىنى خالايسىز؟» دەپ سوراشسا، چۆچەكلەردىكى جىن - پەرىلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ: «نېمە تىلىكىڭ بولسا تىلە» دەپ سورىسا، بىر نەرسىنى، پەقەتلا بىر نەرسىنى

تەلەپ قىلاتتىم. يەنى «مېنى بالىلىق ۋاقتىمغا قايتۇرۇڭلار، يېگىدـ ۋاشتىن بالا بولاي!» دەيتتىم.

خان ئانا ئۇچۇق تۇرغان دېرىزىدىن ئارچىلارغا، ئۇجمىلەرگە، ياڭاقلارغا قارىدى. باغچىنى ئاستا ـ ئاستا كەچكى ئالا كۆلەڭگە قاپلاۋاتاتتى. بارغانسېرى قاراڭغۇلۇققا يۈزلەنگەن بۇ ئالا كۆلەڭگە ئۇنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يىللىرىنى ئەسلىتەتتى. ئۇ ئىككى قولى بىلەن نەۋرىسىنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ، كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

گۈلچىنمۇ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. خان ئانىنىڭ قورۇپ قاقـ شال بولۇپ قالغان جۈدەڭ، ئىنچىكە قوللىرىنىڭ تومۇرلىرى كۆرۈنۈپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىنتايىن يۇمشاق ۋە سىلىق بولۇپ، مېھىر ـ شەپقەتلىك بىر قولنى ھېس قىلدۇراتتى.

— خان ئانام، قەدىردانىم، — دېدى ئۆز ـ ئۆزىگە گۈلچىن.

ئوقۇش كۈنلىرى يېقىنلاپ قالغانىدى. ھەر كىم ئۆز تەييارلىـ قىنى قىلىشقا باشلىدى. چوڭلارمۇ جىددىي ئىدى. كىچىكلەرمۇ جۇشقۇن ۋە كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرگۈدەك ئىدى. گۈلچىن ھەدە بالىلارنى ماشىنىسى بىلەن بازارغا ئېلىپ چىقىپ، ھەممىسىـ گە مەكتەپ فورمىسى، سومكا، ئاياغ، پايپاق، پەلتولارنى ئالدى. ئۇ ھەدىلىك ئورنىغا ئانىلىق مېھرىنى يەتكۈزۈپ، ئۆز بالىلىرىنى ياساپ جابدۇغاندەك كىيىندۈردى.

گۈلچىن ئاخشىمى يېتىشتىن ئاۋۋال ئەرمىشنىڭ ھۇجرىسىنى بىر قېتىم يوقلايتتى. ئەمدى بالىلار ياتقان ھۇجرىلارنىمۇ رىتى بىلەن ئايلىنىپ چىقىدىغان بولدى. ھەسەننى كىتاب ئوقۇۋاتقان، ئايشەنى تېخى ئوقۇيالمايدىغان كىتابلارنى ئۆياق ـ بۇياق قىلىپ رەتلەۋاتقان، ھەجەرنى بولسا خاتا يازغان خەتلىرىنى تۈزىتىپ يېـ زىش بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان ھالەتتە كۆرەتتى.

بالىلارغا ھەدىيىلەر يېغىپ كەتتى. ئەنقەرەدىن ئەمرە تاغا ئۇلارغا بىردىن قول سائەت يوللىدى. نەسرىن خانىم ئۇلارنىڭ بىلەكلىرىنى يىپ بىلەن ئۆلچەپ، قانچىلىك سائەت بېغى مۇۋاپىق

كېلىدىغانلىقىنى ئەمرە تاغىغا مەلۇم قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ رەڭلىك قەلەم قاپچۇقلىرى خان ئانىنىڭ سوۋغىتى ئىدى.

تەييارلىق مەزگىلىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىنى مەتىن بىلەن ئەرتىكىن ئاكىلار ئۇستىگە ئالدى. باللار مەكتەپكە تىزىملىتىلدى. ھەسەن تولۇقسىز ئوتتۇرىغا ئېلىندى. ئەرمىش، ئايشە، ھەجەرلەر ھەممىسى بىر باشلانغۇچ مەكتەپكە بارىدىغان بولدى.

بۇ ئۇلۇغ، بەختلىك كۈنمۇ يېتىپ كەلدى. باللارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئەرمىش بولسا پۈتۈن كېچە پۇشۇلداپ ئۇخلىدى ۋە چۈشىدە ئۆزىنى باللارغا دەرس بېرىدىغان بىر ئوقۇتقۇچى سۈپىتىدە كۆردى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇ ساقال - بۇرۇتلۇق چوڭ - چوڭ يىگىتلەرگە ۋە قىزلارغا دەرس بېرەتتى، ئۇلار ئەرمىشنىڭ ئارقىسىدىن كۈلۈشۈپ مەسخىرە قىلىشاتتى: «ۋايجان، نېمىـدېگەن رەزگى نەرسە بۇ، تازىمـۇ كالتە پاچاقـقۇ...» دېگەندەك سۆزلەر قۇلىقىغا كىرىپ قالاتتى. كەينىگە ئۆرۈلۈپ يۈزلىرىگە قارىغاندا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى جىم بولۇپ قېتىپ ئولتۇرۇشۇۋالاتتى.

ئەرمىش قىز ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىرىدىن:

— قۇياش قەيەردىن چىقىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

قىز ئوقۇغۇچى كۈلـۈۋەتمەسلىـك ئـۈچۈن ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇۋېلىپ:

— دېرىزىدىن چىقىدۇ، — دېدى.

— ھەببەللى!— دېدى ئەرمىش.

قىز ئوقۇغۇچىمۇ ئۇنى دوراپ:

— ھەببەللى، — دېدى.

— قۇياش دېرىزىـدىن چىقمـايدۇ، شـەرقتىن چىقىپ ئېگىزلەيدۇ.

— بىراق نۇرلىرى يـاتاق ھـۇجرىسىنىـڭ دېرىزىسىگە چۈشمەيدۇ، ئوقۇتقۇچۇم!

— ئۇ كېيىنكى ئىش، — دەپ تۈزەتتى ئەرمىش.

ساقال ـ بۇرۇتلۇق ئوقۇغۇچىلاردىن بىرى قولىنى كۆتۈرۈپ سۆز قىلىشقا رۇخسەت سورىدى.
ئەرمىش ئۇنىڭغا رۇخسەت بەرگەندە، يوغان سىنىپ ئىچىدە توساتتىن مۇنداق بىر سوئال چۇشتى:
— يۇڭدىلىنىپ پىشۇرۇلغان قېرى مېكىيانمۇ زۇۋانغا كېلەمدۇ؟
ئەرمىش لاسىدە بولۇپ:
— كېلىدۇ، — دېدى.
— قانداق كېلىدۇ؟
— قانداق كەلسە شۇنداق كېلىدۇ. بىزدەك گەپ قىلىدۇ.
— نېمىدەپ گەپ قىلىدۇ؟
— «هەي مېنى كاتىكىمدە قىزىل تاجلىق خورىزىم بىلەن بىللە قويۇپ بەرمىگەن ئادەم ئىسىملىك هايۋانلار، هەرقانچە قېرى مېكىيان بولساممۇ توخۇلۇقۇمنى قىلاي، سىلەرنى زەهەرلىمەكچى ئەمەسمەن. پەقەت مەن سىلەرنىڭ ئۈچەيلىرىڭلاردىن چىقىپ كەتـ.كۈچە هەممىڭلار راستىڭلارنى ئېيتىسىلەر. مۇشۇ جازامۇ سىلەرگە يېتىپ ئاشىدۇ!» دەيدۇ.
— توخۇمۇ شۇنداق گەپ قىلامدۇ، ئەپەندى؟
— ياق، توخۇنىڭ دۇمبە سۆڭىكى شۇنداق گەپ قىلىدۇ.
ئوقۇغۇچى ئەتراپىدىكىلەرگە كۆزىنى چىمچىقلىتىپ دېدى:
— ساۋاقداشلار، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟
ئۇ كىمگە كۆزىنى چىمچىقلاتسا، شۇ يەرگە قاراپ خىرىلداپ كۈلەتتى.
— باللار، كۈلمەيلى، دىققەت قىلايلى! — دېدى ئەرمىش.
— هەي، هەي ئەرمىش! — دېگەن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى يېقىن يەردىن.
— ئەرمىش، ئويغانساڭچۇ! — دېگەن بىر ئاۋاز تېخىمۇ يېقىندىن ئاڭلاندى.
ئەرمىش سولدىن ئوڭغا ئۆرۈلدى.

— مەن ئۇخلىمىدىم، دەرس بېرىۋاتىمەن.
— كېيىن بېرىسەن، ئەمدى كۆزۈڭنى ئاچ، — دېگەن تونۇش بىر ئاۋاز قۇلىقىغا كىردى.
يەنە بىر تونۇش ئاۋاز:
— كالتە پاچاق، مەكتەپكە كىچىكىپ قالىسەن! — دېدى.
ئەرمىش كۆزلىرىنى ئېچىپ قارىسا، يا سىنىپ، يا ئوقۇغۇچىلار يوق. خان ئانا بىلەن گۈلچىن ھەدە بېشىدا قاراپ تۇرۇپتۇ.
— چۈش كۆرۈۋاتاتتىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى خان ئانا.
ئەرمىش ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئورۇن - كۆرپىلىرىنى يىغىشتۇرغاچ:
— ھەئە، — دېدى.
— قانداق چۈش كۆردۈڭ؟
— بىر سىنىپتا تۇرغۇدەكمەن. ئاكىلار، ھەدىلەرگە دەرس بېرىۋاتقۇدەكمەن. ئۇلارغا قېرى مېكىياننىڭ سۆزلىرىنى دەپ بېرىۋاتقۇدەكمەن. كۈلكىلىرىگە خاپا بولۇۋاتقۇدەكمەن.
— ئىنشائاللا، خەيرلىك چۈش! — دېدى خان ئانا، — بىر كۈنى ئۇمۇ بولىدۇ، چوڭ بولىسەن، چوڭ سىنىپلارغا دەرسمۇ بېرىسەن.
گۈلچىن ھەدە قوللىرىنى سىلكىپ دېدى:
— لېكىن، دىققەت قىل، قېرى مېكىياننىڭ گېپىنى ھېچكىمگە قىلمىغىن، ئەرمىش. ئۇنى قاچان كىمگە ئېيتساڭ مەسخىرىگە قالىسەن.
— بىراق، گۈلچىن ھەدە، بىز بۇ ۋەقەنى ئۆز بېشىمىزدىن ئۆتكۈزدۇققۇ!
گۈلچىن ھەدە ئۇ ۋەقەنىڭ ئەرمىشنىڭ كاللىسىدىن تېخى چىقىپ كەتمىگەنلىكىنى چۈشەندى. ئۇنى قولىدىن يېتىلەپ ئاپىرىپ جۇمەكتە يۈزىنى يۇيدۇرۇۋاتقاندا، كەينىدىن مۇنداق دېدى:
— بۇ دېگىنىڭ توغرا، لېكىن شۇنى ئۇنتۇما: مۇنداق بىر ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشى ئۆيىمىزدە بىر ئوغرى كۈيئوغۇلنىڭ چىقىپ

قىلىشى، خان ئانا بىلەن ئەخمەت ئاشىق بەگ تاغىنىڭ بىر ـ بىرىگە ماسلىشىشى قاتارلىق بىر قاتار پەۋقۇلئاددە ئۇچرىشىشلارغا باغ. لىق.

— ئۇ ئىش شۇنداق قىلىپ ئۆتۈپ كەتتىمۇ؟— دېدى خان ئانا، — كالتە پاچاقتا ئوخشاش بىر بالىنىڭ كۆڭۈلسىزلىكى كۆ. رۈلمىگەن بولسا، گۇناھسىز بىر ئادەم تۈرمىگە ئېلىنمىغان بولسا، ئاپاڭ، داداڭ، ھەدەڭ، ئاكاڭ ۋە سەندەك قابىلىيەتلىك ئارتىسلار بولمىغان بولسا، تىلسىز مېكىيان زۇۋانغا كېلەتتىمۇ؟

خان ئانا بارمىقىنىڭ ئۇچىنى تۇكۇرۇكلەپ، ئۇستەلگە سىزىق. لارنى سىزىپ تۇرۇپ كۈلدى:

— مانا مۇشۇ يەرگە سىزىپ قوياي، بۇ ۋەقە بىر كۈنى تارىختا يېزىلمىسا مېنى ئالجىغان خان ئانا دېمەڭلار!

Document generated by Anna's Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAyOTYyNzYuemlw",
"filename_decoded": "40296276.zip",
"filesize": 52300335,
"md5": "c59dec1e4cc0a4c326f09b89ea11917c",
"header_md5": "14ce0ce1878387f4c45d8f88e9a09392",
"sha1": "fc2bc627eb65a17c045c513a862164a1471420be",
"sha256": "3830d00941c0d3aaf0b5660022a8cdde0433a1f1aa56484226baf56d8bbcfa83",
"crc32": 3498945852,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 55766703,
"pdg_dir_name": "\u2568\u00ed\u2557\u00b7\u2534\u0398\u2591\u00bc\u2562\u221a\u251c\u256b\u2569\u2510\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40296276",
"pdg_main_pages_found": 246,
"pdg_main_pages_max": 246,
"total_pages": 253,
"total_pixels": 999201792,
"pdf_generation_missing_pages": false
}